

# تارىم

10
1991

AltunOq



بۇ يىل 4 - ئىيۇل باش شۇجى
جياڭ زېمىن جۇڭنەنخەيدە شائىر
تۆمۈر داۋامەت بىلەن كۆرۈشتى
ھەمدە ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى
«ھايات مەشئىلى» گە كىتاب
ئىسمى يېزىپ بەردى.



# 生命的火炬

江澤民

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

10

AltunOq

41-يىل نەشرى

1991

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتاب تورىبېكىتى

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر

ت. ئايۇپ.......... بۆشۈك (ھېكايە) ........................................4
ئا. قاھار........... بەخت (پوۋېست) ........................................21
م. ئىمىن........... تورغاي (ھېكايە) ........................................79
ئە. غۇلام........... باھار نەدە؟ (ھېكايە) ........................................84
م. باقى ........... مىراس (ھېكايە)........................................95
ئە. ئابدۇرېھىم..... ئاھ، بىر جۈپ كۆز (نەسر)........................................106
زۇلپىيە ........... خىجىللىق (ھېكايە) ........................................131
ئىبراھىم نىياز .... چۈش (ھېكايە)........................................133

## شېئىرلار

م. سادىق.......... لىرىكىلار........................................66
ئا. مۇھەممەتئىمىن.. قارىغاي ۋە قاپاق تېرەك........................................69
ئا. مۇھەممەت...... مەن قانمىغان ئارمانلار........................................70
ت. ھاشىمى ......... گۈزەل سەھرا كارۋانلارغا يول بەردى........................................72
د. سەيدىن.......... شېئىرلار ........................................74
ر. ئەسەيدۇللا ...... ئىككى شېئىر........................................75
ت. ئابدۇۋېلى...... قۇياش ئىكەن ئەسلى ئادەملەر........................................76
ئۆ. مۇھەممەت...... ئاشۇ باشلىرىڭ........................................78
ت. تۇردى......... مەن ئۆلمەيتىمەن (باللادا) ........................................135

## گۈلىستاندىن گۈلدەستە

غ. ئابدۇراخمان.... ۋىسال كېچىسىدىكى سۆھبەت (نەسر)........................................112
ئا. ئابلىز.......... مېيىت چىقارغاندا (ھېكايە)........................................114
د. قۇربان.......... ناخشىچىنىڭ ئانىسى (ھېكايە)........................................118
ن. ئىبراھىم........ شېئىرلار ........................................119
ئە. ياسىن.......... ئاي بىلەن سۆھبەت (شېئىر)........................................123
ن. سايىم.......... ئىككى شېئىر........................................125

م. ئەھەد......... غايىب سادالار (شېئىر)........................ 125
ت. نىيازى....... بۈيۈك كارۋان (غەزەل)........................ 128
م. ھېلىم......... غەلۋىر ئىكەن يىللارنىڭ ئۆزى (شېئىر)............ 129
ئا. ھۈسەيىن....... ئاچچىق نەپەسلەر (شېئىر).................. 130
ق. قادىر......... كۆردۈم (شېئىر).......................... 130

## ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

ئى. تۇرسۇن....... ئەلىشىر ناۋايىنىڭ بۈيۈك تۆھپىسى.................. 140
ر. جارى......... ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يۈكسەك چوققا.......... 147
ناۋايى غەزەللىرى ۋە رۇبائىيلىرىدىن ...................... 150

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

باش شۇجى جياڭ زېمىن يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ «ھايات مەشئىلى»
دېگەن شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بەردى .............. 158
تۇرپاندا جۇڭگو تۇرپان قەلەمكەشلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ......... 159
مايتاغدا ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئېچىلدى................... 160

مۇقاۋىدا: ئالتۇن كۆز ...... سۇماۋچۈن فوتۇسى.

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە: باش شۇجى جياڭ زېمىن يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ «ھايات مەشئىلى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىغا كىتاب ئىسمى يېزىپ بەرگەندە بىللە چۈشكەن خاتىرە سۈرەت ۋە كىتاب ئىسمى.

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە: بورتالا ۋە مايتاغدا ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: يۇقىرىدا : جۇاڭ جۇڭۋېن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتۇرلىرىمىزدىن ئارسلان، تــوختى ئايۇپلار شــىمەنــدە مــالچىنخۇ بىــلەن بىللە.
تۆۋەندە: مۇكاپات سەھنىسىدە.

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ، ت. نازىرىلار ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختى ئايۇپ



# بۆشۈك

(ھېكايە)

## 1

تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ خىلۋەت، ئازادە شەھەر ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى كىشىلەر ھەيرانۇ ـ ھەس قالغۇدەك ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلىناتتى. شۇ كۈنى تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە قوشنا يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر، يېزا ـ سەھرالاردىن كەلگەن دېھقانلار گويا بىپايان دېڭىزغا سان ـ ساناقسىز دەريا شاخاپچىلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇغا ئوخشاش شەھەرگە قاراپ ئېقىشقا باشلايتتى. شەھەرگە تۇتشىدىغان چوڭ ـ كىچىك يول ـ كوچىلاردا بىر يۆنىلىشكە قاراپ سىلجىۋاتقان ماشىنا، تراكتورلار، ھارۋىلار، ئات، ئېشەكلىكلەر، ۋېلىسىپىتلىقلار ۋە پىيادىلەر شۇنچىلىك تىقما ـ تىقما بولۇپ كېتەتتىكى، بۇ ئالەمان ئىچىگە كىرىپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتەلىشىگە ئىشەنمەي قالاتتى. ئۇلار يول تالىشىپ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇشاتتى، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، تار كوچىغا خۇددى ھېسسىپ ئىچىدىكى گۆرۈچتەك تىقىلىشىپ، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىسىغا چىقىپ بولغۇچە ئۆلۈمىنى كۆرەتتى. ماشىنا، تراكتور سىگناللىرىنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتىدىغان دەرجىدىكى كۈچلۈك، قوپال تارتىلداشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ھارۋىكەشلەرنىڭ پوش ـ پوشلىرى، ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلاشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، يەنە ئاللىكىملەرنىڭ سەۋرسىزلىك بىلەن ۋارقىراش، جارقىراشلىرى، تىل قارغىشلىرى قوشۇلۇپ شۇنداق تىنىمسىز، شىددەتلىك گۈرۈلدەشكە ئايلىناتتىكى، ئۇنىڭ زەربىسىدىن يەر ـ زېمىن سىلكىنەتتى، ئېغىر

هاسىرايتتى، ئۆيلەر، دەل - دەرەخلەر
تىترەيتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گۈرۈلدەش
تار كوچىلاردىن شەھەر ئىچىگە يۆتكىلەتـ
تى. ئادەتتىكى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئاز-
شالاڭلىقىدىن كەڭرى، ئازادە ۋە چىرايلىق
كۆرۈنىدىغان شەھەر كوچىلىرى، مەيدانلىـ
لىرى ئەمدىلىكتە تەرەپ - تەرەپتىن لۆمشۈپ
توختاۋسىز ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر
ئېقىمىغا شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆي - ئۆيىدىن
چىقىپ قوشۇلۇشىدىن خۇددى گۈرۈلدەپ
ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقتىكى قازاندەك
ۋاراقشىپ قايناشقا باشلايتتى. ئاسفالتلانـ
غان كوچىلارنىڭ تاڭ سەھەردە تازىلىق
ئىشچىلىرى تەرىپىدىن پاك - پاكىز سۈـ
پۈرۈپ ئادالانغانلىقىغا قارىماي مىغىلداپ
ھەر تەرەپكە توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ئالـ
ماننىڭ ئۈستىدىن قويۇق توپا - چاڭ كۆتۈرۈـ
لەتتى. ئۇ، تىنىمسىز داۋام قىلىۋاتقان
بوغۇق گۈرۈلدەش ئىچىدە تىترەپ، شەھەر
ئاسمىنىدا خۇددى يامغۇر ئالدىدىكى تۇماندەك
گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇراتتى.
ئادەملەر ئۆز تىرىكچىلىكى ۋە مەقسەت -
مۇددىئاسى ئۈچۈن بۇ دولقۇنلۇق دېڭىز-
غا ئۆزىنى ئېتىشقا، كۈچلۈك گۈرۈلدەش
ۋە توپا - چاڭلار ئارىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ
رىسقى - نېسىۋىسىنى ئىزدەشكە مەجبۇر
بولاتتى.

## 2

مانا بۇ، بېشى شەھەرنىڭ مەركـ
ىزي كوچىسىدىن باشلىنىپ، ئايىغى شەـ
ھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپكىچە سوزۇلۇپ باـ
رىدىغان «تاۋاقچى» كوچىسى. بۇ كوچىدا
ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قول ھۈنەرۋەنـ
لەر تىجارەت قىلىپ كەلگەن. خېلى يېـ
قىنقى يىللارغىچە بۇ كوچىنىڭ بېشىدا
ساپالچىلار سودا قىلاتتى. ھەر جۈمە كۈنى
ئۇ يەرگە — كوچا دوقمۇشىنىڭ چېتىگە
ساپالدىن ياسالغان رەڭگارەڭ چوڭ -
كىچىك كوزا، تەشتەكلەر، تاۋاق، چۆچەك،
ئىۋرىق ... يەنە ئاللىنېمىلەر تىزىلىپ كېـ
تەتتى. ئۇنىڭ يېنىغا بولسا كوچا بويلاپ
رەت - رېتى بىلەن بۆشۈك، ئەلگەك، يىگ،
چاق، چىغرىق، قۇم قازان، غەلۋىر، ئۆتـ
كەمە ... تىزىلاتتى. بازار كۈنلىرى بۇلارغا
ھاجەتمەن خېرىدارلار بۇ كوچىدا سەل
بولۇپ ئاقاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى
بۇ بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى زاۋۇتتا زامانـ
ۋى ئۇسۇلدا سۈپەتلىك ھەم كۆپلەپ
ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن،
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ماللىرى بىردىنلا كاساتـ
لىشىپ، بازىرى ئاقماي قالدى. شۇنداق
قىلىپ ساپالچىلار، يىگچىلەر، چاقچىلار،
ئەلگەكچىلەر، قازانچىلار ... يەنە ئاللىكىمـ
لەر بۇ كوچىدىن ئاستا - ئاستا غايىب بولـ
دى. پەقەت بۆشۈكچى بوۋايلا بۇ كوچىـ
دىن كەتمىدى.

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى يالىلداپ
تۇرغان بازار كۈنى ... ئەنە، ئاپئاق ساـ
قاللىق، ئاق شاپاق دوپپىلىق، ئاق يەكـ
تەكلىك بۆشۈكچى بوۋاي. ئۇ كوچىنىڭ
ئەڭ ئايىغىدا قاتار تىزىپ قويۇلغان بۆـ
شۈكلىرى يېنىدا ئولتۇرىدۇ. بازار رەسـ
مىيەت پۇلى، يەر پۇلى دېگەنلەرنى تۆـ
لەشكە قۇربىتى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ ئىلگـ
ىرىكى ئورنىدىن كوچىنىڭ ئەڭ ئايىغىغا
قوغلىۋېتىلگەن. ئۇ رەڭدار سىر، نەقىشـ
لىرىنى بىر قەۋەت توپا - چاڭ باسقان بۆـ
شۈكلىرى يېنىدا چانقىغا ئولتۇرۇشقان

نۇرسىز، كۆكۈچ كۆزلىرىنى كوچىدىكى ئۆت-
كۈنچىلەرگە تەمە ۋە ئۈمىد بىلەن تىكىپ،
خۇددى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان يەردىن
ئۈنۈپ چىقىپ كېيىن كىمدۇر بىرسى قاپ
بېلىدىن كېسىۋەتكەنلىكتىن يىلتىزى
بىلەن قوشۇلۇپ قۇرۇپ قالغان ئۈجمە
كۆتىكىدەك چوقچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ
كەڭ يەلكىلىك تولغان گەۋدىسىنىڭ پېش-
قان سۆڭەكلىرى ئاق يەكتىكى ئىچىدىن
ھېلىمۇ مۇدۇر - مۇدۇر پۇتاقتەك بۆرتۈپ
چىقىپ تۇراتتى. ئوچۇق مەيدىسىنىڭ ئا-
قارغان قويۇق تۈكلىرى ساقاللىرىغا قوشۇ-
لۇپ كەتكەنىدى. قوياشنىڭ قىزىق ھارا-
رىتى ھەرىدەك چېقىپ تۇرغان بۇ سايە-
سىز ئوچۇقچىلىقتا ئۇ قاغجىراپ گەز باغ-
لاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى پات - پات يا-
لاپ قوياتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېڭى-
چىققان، گۈرۈچتەك دانە - دانە، ئاپئاق، يۇم-
شاق چىشلىرى سەدەپتەك پارقىراپ كۆرۈنۈپ
قالاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ
چىقىپ تۇرغان قاتاڭغۇر بوي - بەستىدىن،
تاقىر تاغ قاپتىلىدەك كۆرۈمسىز قاپقا-
را چىرايىدىن، دېڭىز سۈيىدەك تەگسىز
كۆكۈچ كۆزلىرىدىن پەقەت قەلب سې-
زىمى ئارقىلىقلا ھېس قىلىش مۇمكىن بو-
لىدىغان تەڭرىگە خاس بىر ئۇلۇغلۇق
تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قاچانلاردىن بويان ياشاپ
كېلىۋاتىدىغاندۇ بۇ بوۋاي؟ نەچچە ياشلارغا
كىرگەندۇ؟ بۇنى بۇ يۇرتتا بىلىدىغان ھېچ-
كىم يوق، ئۇنى پەقەت بوۋاينىڭ ئۆزىلا
بىلىدۇ.

مەرھۇم دادىسى ساھىبقىراننىڭ ئۇنىڭ-
غا ئۆزىنىڭ نامۇ-نەسەپ ۋە ھايات كەچمىشلىرى
توغرىلىق رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، ئۇ-
نىڭ ئۇرۇق - ئەجدادى تارىم دەرياسى
بويىدىكى جەننەتتەك گۈزەل، ياپېيې-
شىل مۇنبەت ۋادىدا ياشاپ ئۆتكەنىكەن.
بۇ ماكاننىڭ تۇپرىقى تۇتىيادىن، تاشلى-
رى لەئل - ياقۇتتىن، دەل - دەرەخلىرى
ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتىن ئاپ-
رىدە بولغانىكەن. سەلتەنەتلىك شەھەر
قەلئەلىرى كۆككە تاقىشىپ تۇرىدىكەن.
مېۋىزار خۇش ھاۋالىق باغلىرىدا جەننەت
قۇشلىرى سايراپ تۇرىدىكەن. بۇ دىيار-
دىكى مۇنبەت باغۇ - بوستان ۋە ئېكىنزار-
لىقنىڭ چېكى يوق ئىكەن. ياپېيېشىل
ئوتلاقلىرىدىكى مال - چارۋىلار يۇلتۇزدەك
سان - ساناقسىز ئىكەن. ساھىبقىران ئاشۇ
دىياردا تۇغۇلۇپ ھەزرىتى ئادەم ئاتا
بىلەن ھاۋا ئانىدىن مىراس قالغان ئال-
تۇن بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغانىكەن.
ئۇنىڭ ئانىسى بۆشۈك يېنىدا مۇڭلۇق
ئاۋازدا ئەللەي ناخشىسى ئېيتسا، شاماللار
كېلىپ ئۇنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىدىكەن،
بۇلبۇللار ئەللەي ناخشىسىغا جور بولۇپ،
بۆشۈككە قونۇپ زوق - شوقى بىلەن
سايرىشىدىكەن ...

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ.
ساھىبقىران چوڭىيىپ، يىگىتلىك قورامىغا
يېتىپ ئۆي - ئوچاقلىق بوپتۇ. ئايالى ھا-
مىلدار بولۇپ، كۆزى يورۇش ئالدىدا
چۈشىدە ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ ۋەھىيسى ئايان
بوپتۇ:

— ئەمدى سەن ئەرلىك قورامىڭغا،
ئەقلىي كامالىتىڭگە يەتتىڭ، يۇرتقا ھەقىقىي
ساھىبقىران بولدۇڭ. شۇڭا بۇ ماكان ئەم-
دى ساڭا، سېنىڭدىن كېيىن بالا - چاقى-
لىرىڭغا تەئەللۇقتۇر. شۇنى بىلىشىڭ ھا-
جەتكى، بۇنىڭدەك باي - باياشات گۈزەل
يۇرت ھېچبىر ئەقلىمدا يوقتۇر. سەن بۇ

ماكانىڭنى ئەبەدىي مۇشۇنداق گۈللەپ ياشنىتاي دېسەڭ، پەرزەنتلىرىڭنى، ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىڭنى ئەقىل ئىدراكتا ۋايىغا، پەزلى-ئىنايەتتە كامالىغا يەتكۈز!

— ئى، پەرۋەردىگار ... — دەپتۇ ساھىبقىران، — ئەقىل-ئىدراك ۋە پەزلى-ئىنايەتنى نەدىن تاپمىقىم كېرەك؟

تەڭرى ۋەھىي قىپتۇ:

— بۆشۈكتىن.

— بۆشۈك شۇنچىلىك خىسلەت ۋە ھەممەتكە قادىرمۇ؟

— قادىر، ئەلۋەتتە ... ئىنساننىڭ جىسمى ئانىدىن تۇغۇلسا، ئەقىل-ئىدرىكى ۋە پەزىلىتى بۆشۈكتىن تۇغۇلىدۇ.

ساھىبقىران ئەتىسى دەريا بويىغا بېرىپ، ئېگىز ئۆسكەن توغراقنى كېسىپ ئەكىلىپ، تۇنجى پەرزەنتىگە ئاتاپ بۆشۈك ياساپتۇ. بالىلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تۇغۇلۇۋېرىپتۇ، نەتىجىدە ئۇ ياسىغان بىر بۆشۈك بالىلىرىنى بېقىشقا يېتىشمەي قاپتۇ. بۆشۈك...بۆشۈك ... دەپ ئايالى ئىلتىجا قىپتۇ. بالىلىرى نىدا قىپتۇ. ئاخىرىدا تەڭرىمۇ خىتاب قىپتۇ، ئەمما ساھىبقىران ئوۋ ۋە ئەيش-ئىشرەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۆشۈك ياساشنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ. بالىلىرى چوڭىيىپتۇ، چوڭ ئەر بوپتۇ. ئەمما بۆشۈكتە ياتماي ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىرى، بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغان ئاكا-ئاچىلىرىنى، ھەتتائاتا-ئانىسىنى تونۇماپتۇ، گېپىنى ئۇقماپتۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈگىمەس غەۋغا، ئۆچلۈك-ئاداۋەت، قانلىق جەڭ-جېدەل باشلىنىپتۇ. ئىلگىرىكى ئۆملۈك-ئىناقلىق بايرىقى يىقىلىپ، دۈشمەنلىشىش ئەۋج ئالغانلىقتىن، دەريا بويىدىكى سەلتەنەتلىك گۈزەل شەھەر ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. باغ-ئېتىزلار قاراقسىز، مال-چارۋىلار ئىگىسىز قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ جەننەتتەك گۈزەل بۇ ماكان بىردىنلا خارابىلىشىپ، ئېتىزلار-يايلاقلار پايانسىز چۆل-جەزىرىگە، شەھەر قەلئەلىرى ھېسابسىز قۇم بارخانلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ چېچىلىپ، يالغۇز ئايالى بىلەنلا قالغان قېرى ساھىبقىران شۇ چاغدىلا ئۆز خاتاسىنى تونۇپتۇ. ئۇ تارىم دەرياسى بويىغا يۇلغۇندىن كەپە تىكىپ، بۇ ئانا تۇپراقنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ. بۇ بۆشۈكچى بوۋاي قېرى ساھىبقىراننىڭ شۇ كەپىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاپقان ئەڭ كەنجى بالىسىكەن. ساھىبقىران قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالغان توغراق ياغىچىنى ئىزدەپ تېپىپ كەپتۇ-دە، بۇ ئوغلىغا ئاتاپ بۆشۈك ياساپتۇ...

ساھىبقىران ئۆلۈش ئالدىدا بۇ كەنجى ئوغلىغا تەڭرىنىڭ ۋەھىيسىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇردى. ئۇ شۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى بەجانىدىل ئادا قىلىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى پەرزەنتلىرى، نەۋرە-چەۋرىلىرى ئۈچۈن بۆشۈك ياساشقا بېغىشلايدىغانلىقى توغرىلىق قەسەم ئىچكەنىدى. ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ دادىسى ئالدىدا بەرگەن قەسىمىنى ئۇنتۇمىدى. بۆشۈكنى ياساۋەردى. بۆشۈكلىرىنىڭ ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىغا، نەۋرە-چەۋرىلىرىگە بەخش ئەتكەن ھەممەت، خىسلىتى چەكسىز ئىدى. ئۇلار بۆشۈككە تۇنجى قېتىم بۆلەنگەن چاغدا تەڭرى

www.uyghurkitap.com

بۆشۈك يېنىغا كېلىپ ئانىنىڭ ئەللەي ناخشىسى ئارقىلىق ئۇلارغا خىتاپ قىلاتتى: مەن سىلەرگە ئىسىم قويدۇم، نامۇ ـ شەرىپىڭلارنى ئۇيۇشقۇچى، ئۆمىلەشكۈچى بولسۇن دېدىم. مانا سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار، روھ ۋە جېنىڭلار...

بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ گىگانت تاشلىرىدەك مۇستەھكەم گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى. چۈنكى ئۇلار ئۆملۈك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ھاياتلىق، گۈللىنىش ۋە ئەبەدىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تەڭرىتاغنىڭ قارىغايلىرىدىن، تارىم ۋادىسىنىڭ توغراقلىرىدىن، تەكلىماكاننىڭ يۇلغۇنلىرىدىن ئاپىرىدە قىلدى.

تالاي زامانلار ئۆتتى. دېڭىزلار قۇرۇپ، تاغلار قۇم ـ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمىدى، بەلكى ئانا زېمىن باغرىغا يىلتىزىنى كەڭ يېيىپ، گۈمران بولغان گۈزەل شەھىرىنى بۇ سەلتەنەتلىك ئۇلۇغ ماكاندا قايتىدىن قۇرۇشقا كىرىشتى...

بوۋاي ئۆزىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، جىگدە يىلتىزىغا ئوخشايدىغان ئەگرى ـ بۈگرى بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ كەتكەن چاغلاردا، ئەبەدىي ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاشۇ كۈنلەرنى ــ مەرھۇم دادىسى ساھىبقىران ئېيتىپ بەرگەن قەدىمىي رىۋايەتنى، دادىسىغا قەسەم بەرگەن چاغلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ماكاندا بېسىپ ئۆتكەن چەكسىز جاپالىق، ئەمما ماختىنىشقا ئەرزىيدىغان ئاجايىپ شۆھرەتلىك ھايات يولىنى سېغىنىپ ـ سېغىنىپ ئەسلەپ كېتەتتى...

بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى. بازار گۆرۈلدەيتتى، كىشىلەر مىغىلدايتتى، شەھەر ئاسمىنىدىكى قويۇق توپا ـ چاڭ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ، گويا يامغۇر ئالدىدىكى تۇماندەك بىر ئورنىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى سودىگەرلەر، يايمىچىلار (ساپالچى بىلەن بۆشۈكچى بوۋاينىڭ ئورنىنى ئەمدى شۇلار ئىگىلىگەنىدى)، ياماقچىلار، رېمونتچىلار، تۇنىكىچىلەر ئۆرە ـ تۆپە بولۇشتى. باجگىر بىلەن بازار باشقۇرۇش خادىمى تالونلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىۋاتاتتى. ئۇلار سودىگەرلەر، يايمىچىلار يەنە ئاللىكىملەر بىلەن نېمە توغرىلىقتۇر تالىشىۋاتاتتى. سودىگەرلەر، يايمىچىلار ئۆزلىرىنىڭ تېخىچە تۈزۈكرەك سودا قىلالمىغانلىقلىرىدىن زارلىناتتى، يېلىناتتى. خىلمۇ خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشىپ، ئىلاجى بار ئاز پۇل تۆلەش ئۈچۈن تىرىشاتتى. بوۋاي ئۇلارغا خۇددى ئۇلار بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقتەك ھېسسىياتسىز بىر نەزەردە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

ئۆزى چىرايلىق، چىڭگىلەك چاچلىق، رەتلىك كىيىنگەن باجگىر قىز ئۆزىنىڭ گاھ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، گاھ چاقىلداپ سۆزلەشلىرى بىلەن بوۋايغا تونۇش. ئۇ گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ئېگىز پاشنىلىق توپلىيىدىن تاك ـ تاك قىلىپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىرىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بوۋايغا يەڭگىل باش سىلكىپ سالام قىلىپ، ئاندىن ئالدىدىكى قاتار تىزىقلىق بۆشۈكلەرگە قاراپ:

— ھەممىسىگە باج تۆلىنىپتىكەن ـ دە، — دېدى.

— ھەئە، بەلبېغىمدا تۈگۈكلۈك

قەغىزىمۇ بار تېخى ... —جاۋاب بەردى بوۋاي.

بۆشۈكلەرنىڭ ئاپئاق تۈۋلۈك تاختىسى ئۈستىدە قىز ئىلگىرى ئۆزى باسقان باج تۆلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كونىراپ كەتكەن كۆك تامغا ئىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باج تۆلەنگەن، ئەمما بۆشۈكلەر تېخى سېتىلمىغان. قىز بوۋاينىڭ چىرايىغا ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى-دە، ئۈن-تىنسىز نېرى كېتىپ قالدى. ھايال ئۆتمەي بازار باشقۇرۇش خادىمى — سېمىز، چوقۇر يۈزلۈك ئادەم كەلدى.

— رەسمىيەت پۇلى ... — دېدى ئۇ قەلەمنى قولىدىكى تالونغا تىركەپ.

— ماقۇل ... ماقۇل ... ئازراق تەخىر قىلىڭ ئۇكام.

چوقۇر سەۋرسىزلىك بىلەن ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— سىزنى دەپ ساقلاپ تۇرالمايمەن-دە، بۇ يەردە، جىق ئەمەس ئالتە موچەن، بوپتۇ ... بىر موچەن كەم ئالاي بۇ قېتىم.

— دېدىمغۇ ... ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرالماسسىزمۇ، بۆشۈكتىن بىرەرنى ساتاي، ئاندىن ...

— قاراڭ، سىز بىكارلا ئاۋارە بولۇۋاتىسىز، بۇ ھۈنىرىڭىز ئەمدى ئاقمايدۇ. مانا بىر نەچچە ئايدىن بېرى بۆشۈكلىرىڭىزنىڭ بىرەرسىنىمۇ ساتالمىدىڭىزغۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسىڭىز بولماسمۇ؟

— كەسپىڭنى ئۆزگەرت دەمسىز؟ — بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقاندا يىرىك يۇڭلۇق قاشلىرى يەلپۈنۈپ كەتتى، — بۇ گېپىڭىزچە بۇندىن كېيىن ئاياللار تۇغمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي ... قېرىغاندا نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز، مېنىڭ دېگىنىم باشقا گەپ، مەن دېمەكچىمەنكى بىر چاغلاردىكى زامان ئەمدى يوق، ھازىر قانداق دەۋر بىلەمسىز؟ ئىنسانلارغا كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئەمدى قول بىلەن ئىشلەشكە ھاجەت قالمىدى. ھەممىنى زاۋۇت، فابرىكىلار ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. ساۋۇت ساپال، تۇرسۇن قازان ... ھە... ھېلىقى ئىسمى نېمىدى؟ يىگىچى، چىغىرىقچى، غەلۋىر - ئۆتكەمچى دېگەنلەر نەگە كەتتى؟ ماللىرى كاساتلىشىپ، سودىسى ئاقماي قالغاندىن كېيىن ئۇ ھۈنەرلىرىنى تاشلاپ، بىرلىرى زاۋۇتقا، بىرلىرى ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇشتى، ئىش مۇشۇنداق بوۋا... ئەمدى بۇندىن كېيىن قول ئەمگىكىنى ماشىنا قىلىدىغان بولىدۇ. ھەممە نەرسىنى زاۋۇت-فابرىكىلار زامانىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىدۇ.

— ئادەملەرنىچۇ؟ بۇندىن كېيىن ئادەملەرنىمۇ زاۋۇت، فابرىكىلار ئىشلەپچىقىرىدىغان بولامدۇ؟

— ۋاھ، قىزىقلا گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ! - قاقاقلاپ كۈلدى چوقۇر، - ئادەم دېگەننى قانداقمۇ زاۋۇت-فابرىكىدا ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ؟ ئادەمنى ئادەم تۇغمامدۇ؟

— ھە ... بۇندىن كېيىنمۇ ئادەملەر يەنە ئانىدىن تۇغۇلىدۇ، دەڭ.

— ھەئە، ئەلۋەتتە.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بوۋاي ئىشەنچ بىلەن، كەسكىن ئاۋازدا خىتاب قىلىپ، — سىز بۇ بۆشۈكلىرىمنىڭ سېتىلىش-سېتىلماسلىقىدىن غەم قىلماڭ. ئۇنىڭ بۈگۈن خېرىدارى بولمىسا كېيىن بولىدۇ، ئىشەنچىم كامىلكى، بۆشۈكلىرىمنى

بۇگۈن ساتالمىسام كېيىنكى ھەپتىدە ساتىمەن، ساتماي قويمايمەن. ئۇ چاغدا رەسمىيەت پۇلىڭىزنىمۇ ۋاقتىدا تۆلەپ تۇرىدىغان بولىمەن، ھەرگىزمۇ ساۋۇت ساپال بىلەن تۇرسۇن قازانغا ئوخشاش بۇ يەردىن قېچىپ كەتمەيمەن.

بازار باشقۇرۇش خادىمى قولىنى سىلكىدى، بوۋاينىڭ تەنە ئارىلاش سۆزلىرىدىن زېرىككەندەك تالون دەپتىرىنى قولتۇقلاپ كېتىپ قالدى.

بازار گۇرۇلدەيتتى، كىشىلەر مىغىلدايتتى، شەھەر ئاسمىنىدىكى قويۇق توپا-چاڭ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ خۇددى يامغۇر ئالدىدىكى تۇماندەك بىر ئورنىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. قۇياش غەربكە قىيسايغان، ئەمما ئۇ ھېلى ھەم لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان غايەت زور يالىنغا ئوخشاش يەر-زېمىننى ئادەم چىدىغۇسىز كۈچلۈك ھارارەت بىلەن قىزدۇرماقتا ئىدى. بوۋاي ئۇسسۇزلۇقتىن قاغجىراق دەرەخ قوۋزىقىدەك يېرىكلىشىپ كەتكەن قارامتۇل كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى. بىر چاغدا كوچىنىڭ ئايىغىدىن مەكتەپتىن ئۆيىگە يانغان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ بوي-تۇرقى قىرقىپ قويغاندەك تەپتەكشى، تەقى-تۇرقى، كىيىم-كېچەكلىرى كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق ئىدى. غەمسىز گۈلگۈن چىرايىدىن بىر خىل سەبىيلەرچە ئوماقلىق، ۋۇجۇدىدىن تېتىك-جۇشقۇنلۇق، كۆزلىرىدىن پاراسەت ۋە زېرەكلىك نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بوۋاي ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان زوق-ھەۋەس تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ كەتتى.

— مانا، مانا...بۇلار مېنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرىم...قارىماڭلار، بۇ پۇندىلەكلەرنىڭ ھەممىسى مەن ياسىغان بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغان، ئۇلار ئۆسۈپ قۇرامىغا يەتكەندە بۇ يۇرتنى تەڭداشسىز گۈزەل باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرىدۇ. راست... ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەلىملىرىنى ئۆگىنىۋاتامدۇ...ئىشەنچىم كامىلكى،مۇشۇنداق پەرزەنتلىرىم قانچىكى كۆپەيسە، بۇ يۇرت گۈزەل ۋە باي-باياشاتچىلىقتا جەننەتتىن قېلىشمايدىغان شاھانە ئىقلىمغا ئايلىنىدۇ...

بوۋاي ئەتىگەندىن بېرى بىر ئىزدا ئولتۇرۇۋېرىپ ئالدىغا مۈكچىيىپ كەتكەن گەۋدىسىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈپ قويدى. ھەئە... ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاغ ئەتىرىسىدەك يۇمران، سەبىي ۋۇجۇدىدا بوۋاي ياسىغان بۆشۈكلەرنىڭ ئىزناسى قالغانىدى. بوۋاي ئۇلارنىڭ بوي-بەستىدىن، ۋۇجۇدىدىكى يارقىن بىر نۇرنىڭ پارلىشىدىن بۇ بەلگىلەرنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى. ئۇلار دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئېچىپ، بوۋاي ياسىغان بۆشۈككە تۇنجى قېتىم سېلىنغان ھامان تەڭرى بۆشۈك يېنىدا زاھىر بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئۇلۇغ مېھرى-شەپقىتىنى ۋە ھىممىتىنى ئاتا قىلغانىدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ يۈزىنى تولۇن ئايدىن، كۆزلىرىنى يۇلتۇزدىن ئەندىزە ئېلىپ ياسىدى. تەڭرى ئۇلارغا يەنە قۇياش ئاپتىپىدەك نۇرانە چىراي، دېڭىزدەك تىرەن پىكىر-ئەقىل، ئاسماندەك يۈكسەك قەدىر-قىممەت بەخش ئەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار بۆشۈككە سېلىنغان شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ كىملىكى، نېمىگە،

نېمىگە مەنسۇپلۇقى، شۇنداقلا ئۆزىگە تېگىل ئېتىقاد ۋە بۇرچ ھەققىدە ئويلىنىشنى ئۆگەنگەنىدى. بوۋاي ئۆتكۈر سېزىملىرى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئاشۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭچە پەقەت مۇشۇنداق ئادەملەرلا تەڭرىنىڭ نەزەرى تەگكەن ھەقىقي ئادەم ھېسابلىناتتى.

—مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ بۆشۈكلىرىم نېمىشقا سېتىلمايدىكەن؟ — ئەلەم ۋە ئاچچىق تەنە ئارىلاش پىچىرلىدى بوۋاي،— ئىنسانغا گۈزەللىك ۋە ئەقىل-ئىدراك قانچىلىك لازىم بولسا، ئۇلارغا مېنىڭ بۆشۈكلىرىممۇ شۇنچىلىك لازىم.

بوۋاي بۆشۈكلىرى يېنىدا مۈكچىيىپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە تەمە بىلەن قاراپ، كەچكىچە ئاشۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، ئەمما بوۋاينىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش شۇكى، ئۇنىڭ بۆشۈكلىرىنى ئېلىش تۇگۇل، ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

3

يەنە شۇ بازار، يەنە شۇ كوچا...

بوۋاي بۇرۇنقىدەك چىدام ۋە تاقەت بىلەن خېرىدار كۈتۈپ بۆشۈكلىرى يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. بازار گۈرۈلدەيتتى، كىشىلەر مىغىلدايتتى، شەھەر ئاسمىنىدىكى قويۇق توپا-چاڭ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ، خۇددى يامغۇر ئالدىدىكى تۇماندەك بىر ئورىندا ئېسىلىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا بوۋاينىڭ ئالدىغا ھامىلدار چوكان كەلدى. ئۇ كۆكرەك پۈرمىلىك، كەڭ ۋە ئازادە ئەتلەس كۆڭلىكى ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. نېپىز گۈللۈك ھالىلە ياغلىقىنىڭ بىر چېتىدىن قوڭۇر چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەڭزى سوزۇلگەن، كۆزلىرىنىڭ ئاستىغا قارامتۇل نېپىز داغ چۈشكەن، يۈز گۆشلىرى سەل تارتىلغانلىقتىن، ئېلىپتەك بۇرنىنىڭ پەررەكلىرى تېخىمۇ نېپىزلىشىپ كەتكەنىدى.

—مانا قاراڭ... بۆشۈك...—دېدى ئۇ يېنىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، ئۆسكىلەڭ چاچلىق يىگىتكە.

—ئۇ... —يىگىت قىزىقىش بىلەن بۆشۈككە قارىدى،— بۆشۈك دېگىنىڭ مۇشۇمۇ؟

—ھەئە، شۇ.

—نېمانداق قوپال ياسالغان نېمە ئۇ؟

—ۋېيىەي... بۆشۈك دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. ئالايلىچۇ بىرنى.

—ۋاي، قوي!—يىگىت قولىنى سىلكىپ كەينىگە شوخشىدى،—ئالساڭ ئۆيىنىڭ نەرىگە قويىسەن ئۇنى؟

—نەگە قوياتتۇق؟ تۆرگە. ئالمىساق كېيىن ئالدىراپ قالىمىز جۇمۇڭ!

—نېمە؟ ئوچاقتا تۇترۇقتا يارىمايدىغان نېمىنى تېخى تۆرگە قويىمەن دەمسىنا؟ — يىگىتنىڭ چاناقلىرى كىرىلىپ كەتتى،— يوق گەپنى قويۇپ ئاۋۋال توغ. ئۇ چاغدا بالىنى بۆشۈككە بۆلىمەيمۇ قانداق باقىدىكەنمەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەك، بىزنىڭ كاللىمىز مۇشۇنداق بۆشۈكتە تولا چايقىلىپ، مېڭىمىز

سىسىق تۇخۇمدەك قوچۇلۇپ كەتكەن، شۇڭا بىر دۆت، تەلۋە، ئەقىلسىز، مېڭىسىز ئاددىي... مەن بالامنىڭ كەلگۈسىدە بۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. يوق، يوق! — يىگىت ئايالىنى مەجبۇرلاپ، قولىدىن سۆرىگەندەك ئېلىپ كەتتى. بوۋاي خورلۇق ۋە ھاقارەتتىن لاغىلداپ تىترەپ، جايىدا ئۈن-زۈۋانسىز ئولتۇرۇپ قالدى، كۆز چانىقى لىققىدە ياش بىلەن تولدى. كۆز گۆھىرى خىرەلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى...بوۋاي ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ، كۆزلىرىنى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. ئۇنىڭ كۆزى روشەنلىشىپ، شۇئان ئالدىدىكى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق، يىرگىنىشلىك بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئايالىنى دۈشكەرلەپ، نېمە توغرىلىقتۇ كايىپ سۆزلىگىنىچە كېتىۋاتقان ھېلىقى ئۆسكىلەڭ چاچلىق يىگىتنى كۆردى. ئەمدى ئۇ تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئىتقا ئوخشاش لوپۇسلاپ كېتىۋاتاتتى. بېشى ئىتنىڭ بېشىدەك سوقۇچاق، كۆرۈمسىز، غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ قان-يىرىڭ ئارىلاش زەرداپقا ئايلانغان كۆكۈچ-يېشىل مېڭە سۇيۇقلۇقى كەچ كۈزدىكى باراڭدا پىشماي ئېسىلىپ قالغان سوزۇنچاق قاپاققا ئوخشاش مېڭە پوستلىقى ئىچىدە تېنىمسىز چايقىلىپ، شالاقشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن بەدەننى شۈركۈندۈرگۈچى يىرگىنىشلىك غەلىتە ئاۋاز كېلەتتى. بوۋاي سەسكىنىپ كەتتى... ئۇ بۇنداق ئادەملەرنى ئەمدى پات-پات ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ ئۇنى ئازابقا سالىدىغىنى، ئۇلار ئېيتىشقىدۇر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدىن، ئۇرۇق-پۇشتىدىن تانغۇچىلار — تېنىگەنلەر دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتىغۇدەك بىر مۇنچە سەۋەب، ئاساسلىرى بار ئىدى: ئۇلارنىڭ ئىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە تەكبىر ئېيتىپ قويۇلمىغان، ئۇلار بۆشۈككە بۆلىنىپ چوڭ قىلىنمىغانلىقتىن، تەڭرىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا يېقىن يولىمىغان ھەم ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدىغان تەڭداشسىز ئۇلۇغ مېھرى-شەپقىتى ۋە ھىممىتىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار كۈنسايىن چوڭ بولىۋېرەتتى-يۇ، ۋۇجۇدىدا ئىنسانلارغا خاس بولغان مېھرى-ۋاپا، ئەقىل، پەزىلەت، مۇھەببەت-نەپرەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى دېگەنلەر تېپىلمايتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئادەم ياكى ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئەر ياكى ئاياللىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى، نەدە تۇغۇلۇپ، نەدە ئۆسكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئاتا-ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى تونۇمايتتى، بىر-بىرىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇلار پىتنە-پاسات، چېقىمچىلىق ۋە دۈشمەنلىشىشنى بايراق قىلىپ كۆتۈرگۈچىلەر، تەڭرى ۋە ئېتىقادنى دەپسەندە قىلغۇچىلار ئىدى. نىھايەت، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ چىركىنلىكنى، بەت-بەشىرە چىرايىنى، يىلاننىڭكىدەك سوزۇق باشلىرىنى، ياۋۇزلارچە چاقناپ تۇرىدىغان ياپيېشىل كۆزلىرىنى، ھايۋانلارچە ئۆمۈلەشلىرىنى، كۈلگەنگە ياكى يىغلىغانغا ئوخشىمايدىغان ئەسەبىي، تەلۋە چىرقىراشلىرىنى پەقەت خۇش پۇراق ئەترە ۋە ئالىپتە-چىرايلىق كىيىملىرىلا يوشۇرۇپ

تۇراتتى.

بوۋاي بۇ كۆرۈنۈشلەردىن بىزار
بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئەمما ئۇ-
نىڭ قەلب ئەينىكىدىن تېنىگەنلەرنىڭ
يىرگىنىشلىك قارا سايىسى بىردەممۇ نېـ-
رى كەتمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قايسىبىر
كۈنى ئېچىلغان ھۆكۈم ئېلان قىلىش
ئۇچۇق سوت يىغىنىنى ئەسلەپ كەتتى...
سوت مەيدانىدا تېنىگەندىن بىرسى ئۆرە
تۇراتتى. ئۇنىڭ يېشى تېخى يىگىرمىلەر-
گە بارمىغان، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتـ-
قانىدى. باش سوتچى ئەيىبنامىنى
ئوقۇۋېتىپ «ئۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى پالـ-
تىدا چاناپ ئۆلتۈرگەن...» دېگەن يەر-
گە كەلگەندە، يىغىن ئەھلى بىردىنلا دۈۋ-
رەپ، ئۇنىڭغا لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇشـ-
تى. باش سوتچى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جا-
زا ھۆكۈمىنى ئېلان قىلغاندا، ئىلگىرىكى
ئۇنلۇك، جاراڭلىق ئاۋازى بىردىنلا بو-
غۇلۇپ، تىترەپ كەتتى. باش سوتچى
ئۇنىڭ ياشلىقىغا، ھايات يولىغا ئەمدىلا
قەدەم باسار-باسمايلا ئۆز ھاياتىنى يىر-
گىنىشلىك چۈشتەك ئاخىرلاشتۇرغانلىقىغا
ئېچىنىۋاتاتتى. ھەئە، ئۇ ھەقىـ-
قەتەن بىر ئىنسان سۈپىتىدە ئېچىنىۋاتاتـ-
تى. ئىچىدە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتـ-
تى. لېكىن قانۇن دېگەن قانۇن-دە، ئۇ
خۇددى مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوققا ئوخـ-
شاش مۇقەددەس — دەخلىسىز...

جازا ھۆكۈمىنى ئاڭلاپ قورقىنىـ-
دىن پۇت-قولى بوشىشىپ كەتكەن بوۋاي
شۇئان «تېنىگەن» نىڭ چىرايىغا قارىدى.
قارىدى-يۇ، ھەيران قالدى. ياقىسىنى تۇتـ-
تى. «تېنىگەن» گويا ھېچ نەرسە ئاڭلىمىـ-
غاندەك، ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمىغانـ-
دەك، ئۇنىڭ نەزەرىدە ھاياتلىق بىلەن
ئۆلۈمنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقتەك، ياـ-
شىسىمۇ، ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىـ-
بىردەك ئىپادىسىز بىر ھېسسىياتتا كۆز-
لىرىنى خاتىرجەم ئالدىغا تىكىپ ئۆرە
تۇراتتى. چىرايىدا بۇرۇنقى ئەسەبىيـ-
غالجىرلىق ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ قارا كۆ-
لەڭگىسى قېتىپ قالغانىدى. پىچاق بو-
غۇزىغا تەڭلەنگەن چاغدا قوي-ئاشۇ
ئاڭسىز ھايۋان چېغىدا تىپىرلايدىغۇ...
پەرۋەردىگار؟ نېمە بولۇپ كەتتى بۇگۈن
بۇ ئادەملەر! بوۋاي ئىچ-ئىچىدىن جالاق-
لاپ تىترەپ ئىچىدە نىدا قىلدى، ئەي
ئەقىلسىز ئادەملەر... سىلەر ئۇنتۇدۇڭـ-
لارمۇ؟ ئەڭ بۇرۇنقى ئۇلۇغ ئەجدادىڭلار
ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىزنى ئۇنـ-
تۇدۇڭلارمۇ؟ سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلـ-
غان ئالتۇن بۆشۈكنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟
بۆشۈك يېنىدا تۇرۇپ سىلەرگە چەكسىز
مېھرى شەپقەت ۋە خىسلەت، ھىممەت
بەخش ئەتكەن تەڭرىنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟
ئۆزۈڭلارنىڭ ئىنسان دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ
ۋە شان-شۆھرەتلىك سۈپىتىڭلارنى، نام-
شەرىپىڭلارنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟ ئادەملەر پە-
قەت ئۆزىگە خاس بولغان ئاشۇ سۈپەتلىـ-
رى بىلەنلا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ
مۆجىزىنى ۋە ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى
ھېس قىلالايدۇ. نىھايەت، ئەمدى سىلەر
ئاشۇلاردىن ۋاز كەچكەن بولساڭلار-ھە؟
تەڭرى بۇ دۇنياغا جىمى بارلىقنى يا-
راتقاندا ئادەمگە ئادەمچە، ھايۋانغا ھاي-
ۋانچە ئورۇن، مەرتىۋە ئاتا قىلغان. ئەمـ-
دى سىلەر تەڭرىنىڭ مۇشۇ ھىممەتساخا-
ۋىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئازار قىلماڭلار. ئۆز
ئورنىڭلارنى، قەدىر - قىممىتىڭلارنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىشنى بىلمىڭلار. ئىنسانىي ئورنىڭلار، قەدرى- قىممىتىڭلار نەدە؟ بىلمىڭلاركى، ئۇ بۆشۈكتە...مېنىڭ بۆشۈكۈمدە...

بوۋاي كۆزىنى ئاچقاندا يەنە بۇرۇنقى ئورنىدا، بۆشۈكلىرى يېنىدا ئولتۇراتتى. بازار گۇرۇلدەيتتى، كىشىلەر مىغىلدايتتى. شەھەر ئاسمىنىدىكى قويۇق توپا-چاڭ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ، گويا يامغۇر ئالدىدىكى تۇماندەك بىر ئورنىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. بوۋاي ھېلىقى بىر جۈپ ئەر-خوتۇن كەتكەن تەرەپكە يەنە قارىدى. ياش يىگىت — ھېلىقى تېنىگەن ئەمدى قورقۇنچلۇق يىرتقۇچ يىلان قىياپىتىدە كۇشۇلداپ كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا سويلاپ كېتىۋاتاتتى. ھامىلدار چوكان ئۇنى سەزمەيتتى. يولدىكى بىرەرسىگە تاسادىپىي سوقۇلۇپ يىقىلىپ كېتىشتىن قورققاندەك ئۇنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— ئاھ پەرۋەردىگار! — بوۋاي ھەسرەتلىك ئىڭراپ كەتتى، — ئۇ پەرزەنتىنى ئۆزىگە ئوخشاش تېنىگەن قىلماقچى... ئىنسانىي سۈپىتى ۋە قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلماقچى... تەڭرىنىڭ قارغىشىغا، لەنەت-نەپرىتىگە قالدۇرماقچى!

— بالام توختا! بۆشۈكنى ئال! ئۇنداق قىلما! — بوۋاي خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئەسەبىيلەرچە تۇۋلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

— ساراڭ بوۋاي ئىكەن بۇ، قارا... يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ... — دېدى بوۋاينىڭ ۋارقىرىغىنىنى، ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ خەۋپسىرەپ قالغان يىگىت خوتۇنىغا، — بىزگە ئېسىلىۋالمىسۇن، تېزرەك ماڭ!

بوۋاي بەربىر يېتىشىۋالدى، ئۇ ھاسىرايتتى، كۆكۈچ كۆزلىرى چوغدەك چاقناپ تۇراتتى.

— توختا... گېپىمگە قۇلاق سال... سەن پەرزەنتىڭنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش تېنىگەن قىلىپ تەربىيىلىمەكچىمۇسەن؟ ئۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ قىساسى — ئۇۋالىغا قالىسەن، تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايسەن!

— مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ پۇل بەردىمەكچىمۇ سىز؟ — قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ كەينىگە داجىدى يىگىت.

— ياق، ياق...ماڭا پۇل نېمىگە كېرەك؟ كېرەك ئەمەس...سەن مېنىڭ بۆشۈكۈمنى ئېلىشنى خالىساڭلا، ئۇنى ساڭا بىكارغا بېرىمەن. تېخى ساڭا بۆشۈكۈمنىڭ ئاجايىپ خىسلىتىنى، مۆجىزە-ھېكمىتىنى سۆزلەپ بېرىمەن...

— خىسلەت... مۆجىزە... ھېكمەت؟ — يىگىت چۈشىنەلمەي بېشىنى چايقىدى، — ئۇ نېمىگە كېرەك؟

— تۇۋا... تېخى ئۇ نېمىگە كېرەك دەيسىنا؟ ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكى، ئادەملىك سۈپىتى ئۈچۈن كېرەك بولامدۇ...سەن بۆشۈكنى ئاددىيلا ياغاچتىن ياسالغان، ۋاقتى ئۆتكەن ئەرزىمەس نەرسە دەپ ئويلىما. ئۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن مىراس قالغان ئالتۇن تەۋەررۇك. ئۇنىڭ خىسلىتى، مۆجىزە ۋە ھىكمىتى شۇ يەردىكى، ئۇ روھ بىلەن شىجائەت ۋە ئېتىقادنىڭ يۇغۇرۇلمىسى... — بوۋاي تىنىۋېلىپ، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇپ يەنە داۋام قىلدى، — مۇبادا ئىنساندا روھ ۋە شىجائەت دېگەن نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭ دالىدىكى ھايۋاندىن، يەر تېگىدىكى

ئۆلۈكتىن نېمە پەرقى؟ روھ ۋە شىجائەتتىن مەھرۇم بولغان ئىنسان تەقدىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمەس، ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى مەن ساڭا ئېتىقاد توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي. ئېتىقاد — خۇددى ئەتراپىدا ئاي، يۇلتۇزلار ئايلىنىپ يۈرگەن قۇياشقا ئوخشايدۇ. ئىنسانلار بىر ئېتىقاد تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنى. مىسالەن، بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتقا قاراپ باق، ئادەملەر شۇنچە جىق، ھەددى-ھېسابسىز. ئۇلار بىر ئېتىقادقا تەۋەنگىنى ئۈچۈنلا شۇنچە ئىناق، ئۆم-ئىجىل. ئەگەرچەندە ئۇلار ئۆزلىرى تەۋەنىۋاتقان ئېتىقادتىن ۋاز كەچسە، ئۇنى دەپسەندە قىلسا ئۆزلىرى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ يۇرت نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلار بىر توپ ۋەھشىي يىرتقۇچلارغا ئايلىنىپ، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. بىر-بىرىنى قىرىپ تۈگىتىدۇ. يۇرت خانىۋەيران بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار دۇنيانىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ...

— بولدى، بىلدىم... بازىرى كاسات بۆشۈكىڭىزنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن توقۇپ چىققان پەندى-نەسىھەت قىسسىڭىزغۇ بۇ... مېنىڭ بۇلارنى ئاڭلىغۇم يوق،— دېدى يىگىت بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن بىزار بولۇپ.

— قىسسە ئەمەس، ھاياتلىق ھەقىقىتى!— بوۋاي ئەلەمدىن بوغۇلۇپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى،— ھەي ئېسىت... سەن شۇنچىۋالا ئېسىل ئادەملەرنىڭ بالا-ۋاقىسى تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇشۇنداق تېنىگەن بولۇپ قالغانسەن؟ سەن ئۈچۈن شۇ تاپتا بوۋاڭنىڭ روھى قانچىلىك قورۇنۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ داداڭ قايسى ئازابلارنى تارتىۋاتىدىغاندۇ؟

— ھىم! روھى قورۇنۇپ... ئازاب تارتىپ؟... قانچىلىك ئادەم ئىدى ئۇلار؟

— توۋا... سەن ئۆز ئاتا-بوۋاڭنى تېخى قانچىلىك ئادەم ئىدى ئۇلار دەيسىنا! بىلەمسەن، بوۋاڭ كىم؟ يۇرتىمىزدا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئىسمىنى كېچە-كۈندۈز ياد ئېتىدىغان ھەزرەت مامۇت مەۋلىۋى! ئۇ قەشقەردە، بۇخارادا، ئاندىن ھىندىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان. مەۋلىۋىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. بىزنىڭ يۇرتتا ئىلىم-ئىرپاندا ئۇ زاتچىلىك بەركامالغا يەتكەن ئۇلۇغ ئالىم تېخىچە تۇغۇلغىنى يوق. داداڭمۇ شۇنداق. ئۇ شەھىرىمىزدىكى نۇرغۇن ھەشەمەتلىك بىنالارنى لايىھىلەپ چىققان مەشھۇر قۇرۇلۇش ئۇستىسى، ئىنژېنېر ئىسكەندەر... مەۋلىۋىنىڭ ئوغلى دېسە بۇ يۇرتتا ئۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەپسۇسكى، سەن بۇلارنى تېخىچە بىلمەپسەن، بىلىشىڭ كېرەك. سەن ئۆزۈڭنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭنى بىلىشىڭ، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىشىڭ كېرەك. ئويلاپ باق، داداڭ قانداق ياخشى ئادەم؟ ئۇ دادىسىنىڭ ئىزىنى باسقان، ئىزىنى باسقانلىقى ئۈچۈن ئەمدىلىكتە ئەل ئۈچۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلماقتا. نامى، شان-شۆھرىتى تەرەپ-تەرەپكە تارالماقتا. شۇڭا بۈگۈن پۈتۈن يۇرت ئەھلى باشقىلار ئالدىدا بوۋاڭ بىلەن، داداڭ بىلەن ماختىنىدۇ. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئەل-يۇرت بوۋاڭ بىلەن داداڭنى قانچە ئۇلۇغلاپ تەرىپىنى قىلغانسېرى مېنىڭ قېرىغان ۋۇجۇدۇمغا كۈچ، كۆزلىرىمگە نۇر قوشۇلىدۇ، تېخىمۇ كۆپ بۆشۈك ياسىغۇم كېلىدۇ.

—نېمىشقا ئەمدى؟

—نېمىشقا دەمسىنا؟ بوۋاڭ مامۇت مەۋلەۋى ھەزرەتمۇ، داداڭ ئىنژېنېر ئىسكەندەرمۇ مەن ياسىغان بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغان ئەمەسمۇ...

بوۋاي يەنە بوۋاق تۇنجى قېتىم بۆشۈككە بۆلەنگەن چاغدا، تەڭرىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا قانداق زاھىر بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدىغان ئادىمىي خىسلەت، ئەقىل ۋە پەزىلەتنىڭ ئانا ئېيتقان ئەللەي ناخشىسى ئارقىلىق بوۋاقنىڭ ۋۇجۇدىغا قانداق ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇددى ئۇستاز شاگىرتىغا مەلۇم بىر ئىلىم ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك ئالدىرىماي، ئىشەنەرلىك قىلىپ سۆزلەپ كەتتى. ئەمما بۇلار يىگىتكە خۇددى ھېلىقى يەر شارى بىر ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ ئۇستىدە تۇرىدۇ، دېگەن قەدىمكى سەپسەتىدەك تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى.

—گېپىڭىزدىن بوۋاڭ بىلەن داداڭ مەن ياسىغان بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغىنى ئۈچۈنلا بىرسى ئالىم، بىرسى ئىنژېنېر بولۇپ يېتىشىپ چىققان دېمەكچىمۇسىز، توغرىمۇ؟

— دۇرۇس... توغرا...— بىر خىل ئىشەنچ بىلەن كېسىپلا ئېيتتى بوۋاي،— مەن يەنە بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولغانلارنىڭ كېيىن قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مېڭىسى چېلىنىپ چايقىلىپ كەتكەن دۆت، ئەقىلسىزلەردىن ئەمەس، پىكىر-ئەقلىدە دېڭىزدەك تېرەن، پەزىلى-ئىنايەتتە قۇياشتەك يۈكسەك ئىنسان دۇردانىلىرى بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن.

يىگىتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئەسەبىي بىر تىترەك تومۇر-تومۇرىغا تاراپ، ۋۇجۇدى چاقماق چۈشكەندەك سىلكىنىپ كەتتى.

— بىلدىم... بۆشۈكىڭىزنى ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىسلىتى بىلەن ھەقىقەتەن مۇزېيخانىدا قويۇشقا تېگىشلىك بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدىكەن. روھ-شىجائەت... ئېتىقاد... سىزنىڭ تەبىرىڭىزچە بۆشۈك دېگىنىڭىز مۇشۇ ئىككىسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىمۇ. ئەمما كەچۈرۈڭ، بۇلار بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئەللىقاچان خۇددى مۇشۇ بۆشۈكىڭىزدەك بازىرى كاساتلىشىپ قالغان نەرسىلەر. روھ-شىجائەت دەيسىز، سىز بۇلارنى ئىنسانلار ۋۇجۇدىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بىردىنبىر كۈچ دېمەكچى بولسىز. ئەمما بىز ئۇنداق قارىمايمىز. پۇل، مەنپەئەت... بىلىپ قىلىڭ. پۇل، مەنپەئەت... پەقەت مۇشۇلا ئىنسانلار ۋۇجۇدىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بىردىنبىر كۈچ. ئەمدى ئېتىقاد دېگەن نەرسىگە كەلسەك... ۋاي، سىز قانداقچە بۇ تاشلىنىپ قالغان پاخشە خىشنى كۆتۈرۈپ قالغانسىز دەيمەن. بىز ئېتىقاد دېگەن بۇ نەرسىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن كىشەن ۋە بويۇنتۇرۇق دەپ ھېسابلايمىز. بىز بىر خىل ئېتىقادقا ئەمەس، ئەركىنلىككە، ئەركىنلىك ئىلاھىغا ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىدىيە مەسلىكىگە چوقۇنغۇچىلارمىز. چۈنكى بىز ئېلېكترون ۋە ئۇچقۇر دەۋرگە مەنسۇپ بولغان، پەۋقۇلئاددە ئاڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە يېپيېڭى بىر ئەۋلادمىز. بىز تەڭرى، بۆشۈك ۋە ئەللەي ناخشىسى دېگەنلەرنى خۇددى ئۆيىمىزدىن ئەخلەتنى سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈپ

تاشلايمىز،— يىگىت شۇنداق دېدى ـ دە، يېنىدىكى ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئايالىنى ئىتتىرىپ ـ دۈشكەرلەپ دېگۈدەك تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چەكچىيىپ ئۈن ـ زۇۋانسىز تۇرۇپ قالدى.

بازار گۈرۈلدەيتتى، كىشىلەر مىغىلدايتتى، شەھەر ئاسمىنىدىكى قويۇق توپا ـ چاڭ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ، گويا يامغۇر ئالدىدىكى تۇماندەك بىر ئورنىدا ئېسىلىپ تۇراتتى.

4

چوكاننىڭ تۇغۇتى قەرەلىدىن ئالتە ئاي ئېشىپ كەتتى. ئۇ شۇ ئارلىقتا دوختۇرخانىغا نەچچە قېتىم بارغان، ئەمما مېدىتسىنا قامۇسلىرىنىڭ ھېچقانداق بېتىدە قەيت قىلىنمىغان بۇ غەيرىي ھامىلدارلىق ھادىسىسىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ كەتكەن ئاياللار بۆلۈمى دوختۇرى ئۇنىڭ قورسىقىنى ئۇيان تەكشۈرۈپ، بۇيان تەكشۈرۈپ، يەنىلا ئېنىق بىرەر نەرسە دېيەلمەي «ھامىلىنىڭ يېتىلىشى نورمال، يەنە بىر مەزگىل كۈتۈپ بېقىڭلار» دېگەندى.

تۇغۇلغۇسى پەرزەنت ئۈچۈن يۆگەك، ئەدىيال، لاتا ـ پۇتا، سوسكا، سۈت بوتۇلكىسى، كىيىم ـ كېچەك، ئانىنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن قارا شېكەر، تۇخۇم، گۆشلەرنىڭ تەييارلاپ قويۇلغىنىغا قاي زامان؟ ئەمما ئۇنىڭ بەدىنىدە تۇغۇت قەرەلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەر ـ خوتۇن تەشۋىش، ساراسىمىگە چۈشتى. ھەر قايسىسى ئۆز كۆڭلىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خىلمۇ خىل كۆڭۈلسىزلىك ھەتتا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، بىرى ئۇھ تارتاتتى، بىرى يىغلايتتى. بىر كۈنى ئايال ئۈشتۈمتۈت ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ دۈملاپ ئېڭراشقا باشلىدى.

— تۇغىدىغان ۋاقتىڭ كەپتۇ، مانا ئەمدى ياخشى بولدى!— خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا چۆمگەن يىگىت شۇئان كوچىدىن تاكسى تېپىپ كەلدى ـ دە، ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇلارنى ياشانغان ئاياللار بۆلۈمى مۇتەخەسسىسى كۈتۈۋالدى. ئۇ، يىگىتكە:

— مەرھەمەت قىلىپ چىقىپ تۇرۇڭ، ئەمدى بۇ يەردە ئايالىڭىز بىلەن ئىككىمىز قېلىشىمىز كېرەك،— دېدى.

يىگىت چىقىپ كەتتى. ئايال مۇتەخەسسىس ئاز دەقىقىلىق سۈكۈتتىن كېيىن جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— خوش؟

— تۇغۇت قەرەلىمدىن ئالتە ئاي ئېشىپ كەتتى، نېمە ئىشتۇ بۇ؟ ئوبدانراق تەكشۈرۈپ باقسىڭىز،— دېدى ئايال ھالسىزلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئايال مۇتەخەسسىسكە ئۈمىد بىلەن تىكىپ.

— ئالتە ئاي؟ — ئايال مۇتەخەسسىس ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى،— بۇ قانداق مۇمكىن؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، سىز ۋاقىتنى خاتا ھېسابلاۋاتمايدىغانسىز؟

— مەن قانداقچە خاتا ھېسابلاي؟ كېسەل تارىخىمغا قاراپ بېقىڭ. بىر چاغدا ياش بىر دوختۇر ئۇنىڭغا ھامىلدار بولغان ۋاقتىمنى، ھامىلىنىڭ نەچچە ئايلىق بولغانلىقىنى ئېنىق خاتىرىلەپ قويغاندەك قىلغان، ئاندىن... ئاندىن ئۆزۈمگىمۇ ئۇقتۇرغان.

ئايال مۇتەخەسسىس ئالدىدىكى كارتوچكىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ ئۇنىڭدىكى دىئاگنوز خاتىرىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ

www.uyghurkitap.com

چىقتى. ئۆزىچە نىمىنىدۇر ھىسابلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كارىۋاتتا يېتىڭ،— دېدى. ئايال ئاق ماتراس سېلىنغان كارىۋات ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى. ئايال مۇتەخەسسىس ئۇنىڭ قورساقلىرىنى بېسىپ، ھامىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى، جايلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. داس سۆڭىكىنىڭ كەڭلىكىنى، قورساقنىڭ چوڭىيىش بولۇڭىنى ئۆلچىدى. ئاندىن كانايسىمان ئۇزۇن نەيچىنىڭ چوڭ ئۇچىنى چوكاننىڭ قورسىقىغا قويۇپ، بىر ئۇچىغا قۇلىقىنى ياقتى. بىر تىنۋىشنى سەزگەندەك قىلدى، كېيىن بىردىنلا كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ ھامىلە سۆزلىگەندەك قىلىۋاتىدىغۇ، مانا، مانا، ھامىلە سۆزلەۋاتىدۇ...— دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلىگەندەك كۈچسىز بىر ئاۋازدا شىۋىرلاپ.

— راست، راست، مەنمۇ ئىچىمدىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋاتىمەن...— ئايال قورقىنىدىن بوشىشىپ، مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئايال مۇتەخەسسىس ئاز دەقىقىلىق ھودۇقۇشتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى دوختۇرلارغا خاس قورقۇمسىزلىقىغا ۋە تەمكىن ھالىتىگە قايتتى. ئۇ كانايسىمان ئۇزۇن نەيچىگە قايتىدىن قۇلىقىنى يېقىپ، ھامىلىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىقراق ئاڭلىماقچى بولدى.

— دوختۇرغۇسىز؟— ھامىلىنىڭ خۇددى بۇلبۇل بالىسىنىڭ نازۇك، ئىنچىكە چۇرۇقلاشلىرىدەك يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھە، مەن دوختۇر،— ئايال مۇتەخەسسىنىڭ پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىرىدى،— مەن سىزنىڭ قاچان تۇغۇلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى بولۇپ ئانىڭىزنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرۈۋاتىمەن.

— سىز ئاۋارە بولۇۋاتىسىز، بىكارلا ئاۋارە بولۇۋاتىسىز.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ سىز تۇغۇلۇش قەرەلىڭىزدىن راستىنلا ئالتە ئاي ئېشىپ كېتىپسىز.

— مەن تۇغۇلۇشنى خالىمىدىم، مەن قۇياشلىق دۇنياغا كۆز ئېچىپ نەپرەت ۋە لەنەت، قارغىشقا قېلىشتىن كۆرە، ئانامنىڭ قۇياشسىز، ئەمما قۇياشتىنمۇ يىلىلىق باغرىدا يېتىۋېرىشنى ئەۋزەل كۆردۈم.

— تۇۋا... سىز تېخى بوۋاق... نۇردەك پاك ۋە گۇناھسىز تۇرسىڭىز، كىمنىڭ لەنەت، قارغىشىغا قالىدىكەنسىز، كىمنىڭ؟

— تەڭرىنىڭ.

— تەڭرىنىڭ؟ سىز نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ سىز قانداقچە تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا روھىيەتنى كاردىن چىقىرىدىغان بىر ئەپسانىگە ئىشىنىپ قالغانسىز؟

— سىز تەڭرىگە، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەمسىز؟

— مەن پەقەت ماددىي مەۋجۇتلۇقنىلا ئېتىراپ قىلىمەن، روھ، ئەقىدە دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمەن.

— سىزگە نەپرەت!— ھامىلىنىڭ غەزەپلىك، چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى،— سىزمۇ تېنىگەن ئىكەنسىز، خۇددى دادامغا ئوخشاش تەڭرى ۋە ئېتىقادنىڭ ئاسىيسى ئىكەنسىز!

ئايال مۇتەخەسسىس ماغدۇرىدىن كەتكەندەك بىر پەس چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسى خۇددى

مىق قاقىقاندەك زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى.

— سىز مېنى نېمە دەپ ھاقارەتلىسىڭىز مەيلى، — دېدى ئۇ ھارغىن، تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — بىز دوختۇرلار تىل - ھاقارەتكە كۆنۈپ قالغانمىز. ئەمما سىزنىڭ دادىڭىزنى ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق. بىلەمسىز، ئۇ نەقەدەر مېھرىبان؟ ئەنە قاراڭ، ئۇ سىزگە ئىنتىزار بولۇپ ئىشىك يوچۇقىدىن تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ.

— مېنىڭ ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق! — ھامىلە ئېڭەلەپ يىغلاۋېتىپ يەنە داۋام قىلدى، — ئۇ نەپرەتلىك ئادەم! ياق، ئۇ ئادەم ئەمەس، بەت - بەشرە!

— سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ دادىلىق مۇھەببىتىدىن نەپرەتلىنىسىز؟ بۇنى ئادىللىق دەپ ھېسابلامسىز؟

— ئەلۋەتتە! ئۇ مېنىڭ دۇنيادا ئادەملەرچە ياشاش ھوقۇقىمنى دەپسەندە قىلماقچى. مېنى ئىنسانلارغا خاس گۈزەل پەزىلەتتىن، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى بىلىش تۇيغۇسىدىن، زىممەمگە ئالماقچى بولغان ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئانامنىڭ ماڭا بېغىشلىماقچى بولغان يېقىملىق «ئەللەي ناخشىسى» دىن، تەڭرىنىڭ ماڭا بەخش ئېتىدىغان ئەقىل - ئىدرىكىدىن مەھرۇم قىلماقچى. مېنى ئادەم ئەمەس، بەت-بەشرە تېنىگەن قىلىپ تەربىيىلىمەكچى.

— دېگەنلىرىڭىز توغرا! — ئايال مۇتەخەسسىس بىردىنلا ھاياجانلىنىپ توۋلىۋەتتى، — سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە تۇغۇلمىغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. بۈگۈنكى زامانىۋى يۈكسەك پەللىدە تۇرۇۋاتقان تېببىي ئىلىم ئەسلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بۇ پەۋقۇلئاددە سىرلىق ھادىسىنى سىزنىڭ ماڭا تۇنجى قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت!

ھامىلىنىڭ كىچىك، بۇدرۇق، ئەمما قۇۋۋەتلىك قولىنى كەسكىن سىلكىشىدىن چوكانىنىڭ قورسىقىدا كىچىككىنە مونەك پۇلتىيىپ چىقىپ، يەنە شۇئان يوقاپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ تۇنجى قېتىم، دېگىنىڭىز مۇۋاپىق بولمىدى. بۇ توغرىلىق مەندىن بۇرۇن تۆرەلگەن نۇرغۇن ھامىلىلەر ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان، ئەمما ئۇلار قۇلاق سالمىغان. مەنمۇ ئانامنىڭ قورسىقىدا ۋۇجۇدۇم تۆرەلگەندىن تارتىپ ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلدىم. مەن دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ماڭا ئالدى بىلەن تەڭرىنىڭ نۇر - جامالىنى كۆرسىتىڭلار، مېنى ئۇنىڭ ماڭا بەخش ئېتىدىغان مېھىر - شەپقىتىدىن، خىسلەت، ھىممىتىدىن بەھرىمەن قىلىڭلار، دەپ يېلىندىم. ئىلتىجا قىلدىم، ئەمما دادام... ئاشۇ نەپرەتلىك دادام بۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى.

— ئەمدى دادىڭىزنىڭ ئۆز گۇناھلىرىغا...

— گۇناھ ئەمەس جىنايەت... — تۈزەتتى ھامىلە.

— دۇرۇس، جىنايەت. ئەمدى دادىڭىزنىڭ ئۆز جىنايىتىگە تەۋبە قىلىپ، ئۇنى تۈزىتىشنىڭ يولى بارمۇ؟

— بار، ئەلۋەتتە بار.

— ئەمىسە ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟

— ئۇ بۆشۈك ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ خىسلىتى توغرىلىق چوڭقۇرراق ئويلانسىلا ئۆزىنىڭ بۇ يولنى قانداق تاپالايدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

— ياق، ئۇ بىلمەيدۇ، — دېدى ئايال مۇتەخەسسىس ئېسەدەپ، — ئەنە قاراڭ، ئۇ خېلىدىن بېرى ئىشىك تۈۋىدە خۇددىنى يوقىتىپ، خۇددى ساراڭ ئادەمدەك چاچلىرىنى چۇۋۇپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

— چاچنى يۇلۇشتىن نېمە پايدا؟ ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن يۇلىدىغىنى چاچ ئەمەس، باشقا نەرسە. ئەڭ چىرىك نەرسە. ئىنسانلار سۈپىتىگە يات بولغان بەت - بەشىرىلىك، تېنىگەنلىك ئېگى!

شۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدە ۋاڭچۇڭ كۆتۈرۈلدى. يىگىت خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك تامغا ئۇسسۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، ئەسەبىيلەرچە ھۆكىرەپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى سالۋارىغان، چىرايى لاي چاپلاپ قويغاندەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ سەكرەپ، ۋارقىراپ، بىر چاغدا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. دوختۇرلار شۇئان ئۇنى نوسىلكىغا سېلىپ كۆتۈرۈشۈپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇشتى. كۆزەينەكلىك ياشانغان دوختۇر ئۇنى خېلى ئۇزاق تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاغزىدىن ماسكىنى، قۇلىقىدىن پىلاندۇسكوپنى ئېلىۋېتىپ، ئۇستەل ئالدىدا خىيال سۈرۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىگەندەك قىلاتتى. پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى. يېنىدىكى سېستىرا ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدى:

— نېمە كېسەلكەن؟

— ئۇ ئەسلىگە قايتىۋېتىپتۇ.

— ۋىيەي، بۇنداق كېسەلنى زادىلا ئاڭلىماپتىكەنمىنا، — دېدى سېستىرا ھەيران بولۇپ. دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، سېستىرانىڭ چىرايىغا چۈشىنىكسىز بىر ئىپادىدە تىكىلدى:

— ئۇ كېسەل ئەمەسكەن. پەقەت بۇرۇنقى كېسەلىدىن ساقىيىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ تۈۋا...

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ. دەرۋەقە بۇ كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدا پارتلايدىغان كۈرەش بولغاچقا، بۇنى بەزىدە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ بىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. ھازىر كۆپ كىشىلەر چۈشىنىپ يېتىۋاتقان ئورتاق ھەقىقەت شۇكى، ئىنسانلار ھامان مۇشۇ يولنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇلار ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تەبىئىي روھىي ساغلاملىقىغا، ئەسلى ماھىيىتىگە قايتىدۇ.

يىگىتكە دورىمۇ بېرىلمىدى. ئوكۇلمۇ ئۇرۇلمىدى، ئۇ كارىۋاتتا ياتقۇزۇلغان ھامان خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيقۇسىز قالغان ئادەمدەك تاشتەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇ بوۋاي ياسىغان ھېلىقى بۆشۈكلەرنى كۆردى، بۆشۈكنىڭ بىرسىدە ئۆزى، بىرسىدە بىر بوۋاق ياتقۇدەك. ئۆزىنىڭ يېنىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان مېھرىبان ئانىسى، بوۋاقنىڭ يېنىدا بولسا ئايالى...

ئۇلار بىللە تولىمۇ يېقىملىق، مۇڭلۇق بىر ئاۋازدا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىۋاتقۇدەك. سەلكىن شامال لەرزان يەلپۈنۈپ بۆشۈكلەرنى تەۋرىتىۋاتقۇدەك. بۇلبۇللار ئەللەي ناخشىسىغا جور بولۇپ، بۆشۈكلەرگە قونۇپ زوق - شوقى بىلەن سايرىشىۋاتقۇدەك...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



ئابدۇراخمان قاھار

# بەخت

(پوۋېست)

1

بەخت — پۇل، پۇللۇق ئادەمگە ئېرىشىش.

بۇ چۈشەنچىنى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرى بەرگەن.

ئارزۇ - ئارمانىنىڭمۇ ئازابى بولىدۇ. كۈندۈزگۈ ئۇ ئىش - بۇ ئىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما كېچىنى ئۆتكۈزمەك ئىنتايىن قىيىن. كېچە گويا خىيال ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك، ئۇ تۈن بويى ئاشۇ ئازابتا تولغىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ چىقاتتى.

چىرايلىق ئادەمگە كىمنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ دەيسىز، ئۇنىڭ زىلۋا بويى، گۈزەل ھۆسن — جامالى تالاي يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇ ئىشقىي ھېسلىرىنى باسالمايدىغان، مەيلىنى باشقۇرالمايدىغان دەۋرلەردىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ كوچىغا چىقسا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقان كۆزلەرگە، چىرايلىق يىگىتلەرگە، ئامەتنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن كەينىگە چۈشكەنلەرگە قايرىلىپمۇ قويمايتتى. تۇرمۇشتا بىر يىگىتنىڭ مەنىلىك قارىشىغا، ئىككى ئېغىز مۇھەببەتلىك گەپ قىلىشىغا ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەن قىزلار ئاز ئەمەستۇ، لېكىن بۇ قىز ئۇنداق خىياللاردىن خالىي ئىدى.

ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەن، بىۋاسىتە ئۆزىگە ياكى باشقىلار ئارقىلىق ئۆز مۇھەببىتىنى

ئىزھار قىلغانلارمۇ بولغان. قايسىدۇر بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر يىگىتنىڭ تەكلىپىنى: ۋايىيەي، ئازغىنە ماناشى بىلەن ئوتتۇز كۈننى ئۆتكۈزۈش يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاپ كۆل ئۆتكۈزۈشتىنمۇ تەس، دەپ رەت قىلغان. بىر ماشىنىچى يىگىت ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ: يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ تاپقان پۇل ناھايىتىمۇ قىممەتلىك پۇل، يانچۇقتىن چىقىشى ئىنتايىن تەس، دەپ ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىغان. قاملاشقان، ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈيدىغان بىر گەلەنتىرچى<*> يىگىت ئىشەشلىك ھالدا ئۇنىڭغا تەكلىپ قويغاندا: بارى - يوقى بەش يۈز سومغا يەتمەيدىغان دەسمىسى بار ئادەم قانچىلىك پۇل تاپالايتتى، بەختىم قاملاشقان ئادەمدىن ئەمەس پۇللۇق ئادەمدىن ئېچىلىدۇ، دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنىمۇ رەت قىلغانىدى.

مەن چىرايىمغا چۈشلۈق تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشۇم كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ پات-پات، — غۇربەتچىلىك يېغىپ تۇرىدىغان تۇرمۇشقا مېنىڭ بۇ ھۆسن - جامالىم زايە كەتمەمدۇ؟! نەدىكى بىر سەت نېمىلەر باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىدىغۇ؟! ئۇلارغا قارىغاندا مەن نەچچە ھەسسە ئارتۇق باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشۇم كېرەك ئەمەسمۇ؟

بۇ قىز تۆت كوچا دوقمۇشىدا موزدۇزلۇق قىلىدىغان، يېشى يەتمىشتىن ئېشىپ كەتكەن، شالاڭ كەكە ساقاللىق، مۈكچەيگەن بوۋاينىڭ نەۋرىسى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ئاشۇ بوۋاي بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنى «دادا» دەيتتى. بوۋاي مۈكچىيىپ قالغىنىغا، شۇنچە ياشقىنىغا قارىماي، يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن بىمالال يىپ ئۆتكۈزەلەيتتى ۋە ھازىرغىچە موزدۇزلۇقنى ئەستايىدىل، پىششىق قىلىشى بىلەن «ئۇستا ياماقچى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھەر كۈنى تۆۋىنى ئىككى - ئۈچ سوم، يۇقىرىسى ئالتە - يەتتە سوم كىرىم قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئوتتۇرلۇق بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە سارغايماي ئۆتەتتى. ئەمما قىز بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بوش ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش بولۇپمۇ چەت ئەل ئەدەبىياتىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مەھەللىدىكىلەر بۇ قىز توغرىسىدا ياخشى قاراشتا ئىدى: زىبىرنىسا ئەخلاقلىق قىز، — دەيتتى ئۇلار، — كەچكىچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرمەيدۇ، يىگىتلەرنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدۇ. چىرايىغا ئىشىنىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزلار ئازمۇ؟ بوۋىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، يىگىرمە سەككىزلەرگە كىرىپ قالسىمۇ، بۇ ئۆيدىن قوزغالماي تۇرۇۋاتىدۇ. ئىنساپلىق قىز...

ئادەملەر چىرايى - شەكلى، مېڭىش — تۇرۇشى بىلەنلا ئەمەس، ئارزۇ - ئارمانلىرى، مەقسەت — نىيەتلىرى بىلەنمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەتىگەندە تۇرۇپ چاي قاينىتىش، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇش، تاماق ئېتىش، يەنە قاچىلارنى يۇيۇش، قوشنا ئاياللار بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىش، ئۇخلاشتىن ئىبارەت بىر خىل تۇرمۇش زىبىرنىسانىڭ جېنىغا بارغانسېرى قاتتىق تېگىشكە باشلىدى. ئۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا تېخىچە يېتەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئىچىدىن يېنىپ تىت - تىت بولاتتى. تەلىيى كەلمىسە نېمە ئامال؟

<*> گەلەنتىرچى - ئۇششاق تىجارەتچى، ھۆپىگەر.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر دوستىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا قاتنىشىپ قالدى. زىياپەت شۇ دوستىنىڭ ئىنىسىنىڭ چەتئەلدىن كەلگەن تۇغقىنىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەنىدى. زىياپەتكە ئىشتىراك قىلغۇچىلاردىن بەش جۈپ ئەر-ئايالدىن باشقا، زىبىرنىساغا ئوخشاش يىگىتى يوق قىزلاردىن تۆتى بار ئىدى. زىياپەت ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ئۆينىڭ تۆرىدە ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، يېشى ئوتتۇزلارغا بېرىپ قالغان، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ رەتلىك، پاكىزلىقىدىن، ئۆزىنى تۇتۇپ ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇشىدىن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، چەتئەلدىن كەلگەن يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمى مەھەممەت ئىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇ يىگىت ئۆيلىنىشكە كەپتۇ، — دېدى زىبىرنىساغا يېنىدا ئولتۇرغان دوستى پىچىرلاپ، — ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مۇنداق ئولتۇرۇشلاردىن نەچچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇدەك. قىز تاللاپ يۈرسە كېرەك بۇ بوز يىگىت، — ئۇ شۇنداق دەپ كۈلۈپ كەتتى-دە، ئاغزىنى ئالقىنىنىڭ كەينى بىلەن توستى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداقكەن، ئۇ يەردە نى چىرايلىق ئىنگلىز، نېمىس، ئىتالىيان قىزلىرى بىلەن يۈرۈپتىكەن، — دېدى ئۇ يەنە ساھىبخان ياش ئايالدىن ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىپ، — دادىسى ئۇلار بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىماپتۇ. ئۆزۈمنىڭ مىللىتىمدىن ئېلىپ بېرىمەن، دەپ بۇ يەرگە ئەكەپتۇ.

— باي ئوخشايدۇ-دە؟

— ۋاھ، ئۇنى بىر دېمە، قالتىس بايكەن. كاتتا سودا دۇكانلىرى، زاۋۇتى بار ئىكەن. دادىسى ئەسلىدە خوتەنلىككەن، يىگىرمە نەچچە يېشىدا ئافغانىستانغا چىقىپ كېتىپ، كېيىن شۇ يەرگە بېرىپ، بىر تۈرك قىزىغا ئۆيلىنىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. مۇنۇ مەدەنىي يىگىت ئىنگلىزچە، نېمىسچە، تۈركچە تىللارنى بىلىدىكەن. دادىسى ئۆيدە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە سۆزلىگەچكە، ئۆز ئانا تىلىنىمۇ شۇنداق راۋان سۆزلەيدىكەن. ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، ھازىر دادىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، — زىبىرنىسا ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قارىدى.

— قانداق، كۆزۈڭ چۈشتىمۇ؟

— سېنىڭ خېلى بۇرۇنلا چۈشۈپ بولغان ئوخشايدىغۇ، ئۇلارنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىسىغىچە بىلىپ بوپسەن.

— مېنى يارىتامدۇ، سەندەك چىرايلىق بولمىسام...

سەيلەر، كاۋاپلار يېيىلىۋاتاتتى. ھاراق، پىۋىلار رومكىلارغا قۇيۇلۇۋاتاتتى. مەھەممەت ئاتلىق يىگىتنىڭ كۆزلىرى بۇ يەردە قورۇنۇپ ئولتۇرغان تۆت قىزغا تىكىلەتتى، زىبىرنىسا ئۇنىڭغا قارىمايمۇ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى-دە، ئوڭايسىزلىنىپ پەسكە قارىۋالدى. بىراق ئۆزىنىڭمۇ قارىغۇسى كېلىۋاتاتتى. بىرسىنىڭ ئوت ئالغان، بىرسىنىڭ نومۇسچان كۆزلىرى بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. كىشىنىڭ نىيىتى، ئارزۇ-ئىنتىلىشلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىپادە قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ كۆزلەر قانچە قېتىم ئۇچراشتى؟ بۇنىڭ سانىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن سىرتقى پەيتلەرنى پەقەت ئاشۇ كۆزلەرلا تاپالايتتى.

مەھەممەت زىبىرنىسانىڭ مەنىلىك قاراشلىرىغا، نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرۇشلىرىغا، ھاجەتسىز ھالدا قىمىراپ قويۇشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆزىچە مەنە بېرىۋاتاتتى. مۇنۇ ماڭا ئاڭلىتىمىز، دەپ ئېيتىۋاتقان مىللىي ناخشىلارنى توختىتىپ تانسا قىلسا بولمامدىغاندۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاشۇ قىز بىلەن ئوينىسام، مەيلىنى بىلىپ باقسام... ناۋادا مەيلى بولسا، ئۇ خالىغاننى قىلاتتىم، ئۇ تىلىگەننى بېرەتتىم، ھەرقانچە قىيىن مۈشكۈل ئارزۇسى بولسىمۇ قاندۇراتتىم... زىبىرنىسانىمۇ خىيالسىز ئولتۇرىدۇ دېگىلى بولمايتتى: نېمانچىلا قارايدىغاندۇ، كۆزى ئەجەب ئوتلۇقكەنا... ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ ماڭا راستىنلا كۆزى چۈشۈپ، مېنى ياقتۇرۇپ قالغانمىدۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇمۇ پەرىشانلىق بىلەن ئۈمىدلىنىپ، — خىيالىغا نېمىلەر كەلگەندۇ؟ ماڭا تەكلىپ قويۇشنى، مېنى ئېلىشنى، ئاشۇ باي ئائىلىسىگە، ھەممە ئادەم بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىشنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ؟ ئاھ... خۇدايىم، شۇنچە يىل ئولتۇرغىنىمغا يارىشا، چىرايىمغا چۈشلۈق مۇنداق باي يىگىتنىڭ چىقىپ قېلىشىنى، تېخى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان، توۋا، تەلەي ئوڭدىن كېلىپ قالىدىغان مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن ـ ھە. بۇ ئوڭۇمىمۇ ـ چۈشۈمىمۇ، جاھاننامە ئەينىكىنى كۆرۈۋاتىمەنمۇ ـ يا... ياق، مەن ساراڭ بولۇپ قالمىغاندىمەن، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇشى بىلەنلا نېمانداق ئويلارنى ئويلاپ كېتىمەن؟ ئۇ قىز تاللاپ يۈرگەچكە كىم بىلىدۇ قانچە قىزلارغا شۇنداق قارىدى...

ئىچىۋاتقان ئىچىملىكلەر چىرايلارنى قىزارتىپ، بەدەنلەرنى قىزىتتى. بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ ئولتۇرغانلار مانا ئەمدى ئاشكارا سۆزلىشىدىغان، قىزىقچىلىقلارنى قىلالايدىغان، چاقچاقلارنى بىمالال ئېيتالايدىغان ھالەتكە كۆچتى. مەھەممەت كەم ئىچىپ ئۆزىنى تۇتۇپ تەمكىن ئولتۇراتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئويلىغىنى بولدى: مىللىي ناخشا ـ سازلار توختاپ، ئۈنئالغۇدىن يېقىملىق تانسا مۇزىكىلىرى ياڭراشقا باشلىدى. مەھەممەت تۇنجى بولۇپ زىبىرنىسانى تانسىغا تارتتى. مەھەممەتنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى، ئۇنىڭ قانداق ئوينىشىغا، ئاياغلىرىنى قانداق ئېلىشىغا دىققەت قىلدى. ئۇ ناھايىتى رىتىملىق، چاققان، چىرايلىق ئوينايتتى. تانسا تۈگىگىچە ئۇ زىبىرنىساغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئىچىگە پاتماي، تىمپىچەكلەپ تۇرغان گەپلىرىنى ئاتايىن ئېيتمىدى. ئىككىنچى قېتىم تانسىغا چۈشكەندە، مۇزىكا يېرىملاشقانغا قەدەر يەنىلا گەپ قىلمىدى. بىراق كۆزىنى زىبىرنىسانىڭ مۇلايىم، يېقىملىق نۇرلار چاقناۋاتقان كۆزىدىن، قايرىلما كىرپىكلىرىدىن، قاڭشارلىق بۇرنىدىن، ئاق سۈزۈك يۈزىدىن، ھالرەڭ، نېپىز لەۋلىرىدىن ۋە سۇس بىلىنىپ تۇرىدىغان زىناقلىرىدىن ئۈزەلمىدى. زىبىرنىسا ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي چەتكە قارىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىۋالغانلىقىنى بايقاپ تۇردى.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز زىبىرنىساغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ قىزغا يەۋەتكۈدەك قاراپ.

— ھەئە ... — زىبەرنىسا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قارىدى.

— سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن.

چەت ئەل كىتابلىرىنى جىق ئوقۇغان قىز ئىشىنىڭ مۇشۇنداق تەنتەنىلىك سۆزلەر بىلەن باشلانغانلىقىدىن ھاياجانلاندى.

— بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇق، مەنمۇ خۇشال، — زىبەرنىسا ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى ئۈزۈكسىز بارماقلىرىنىڭ سۇس تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئوڭايسىزلاندى.

— ۋەتىنىمنىڭ قىزلىرى شۇنچىلىك چىرايلىقكەن، ھەيران قېلىۋاتىمەن.

— بىز تېخى سەتلىرى، چىرايلىقلىرىنى كۆرمەپسىز.

— ياق، مېنىڭ كەلگىنىمگە بىر ئاي بولدى، كوچىلارنى كۆپ كەزدىم، بازار - رەستىلەردە بولدۇم، تىياتىرخانىلارغا كىردىم. سىزدەك چىرايلىق قىزنى ئۇچراتمىدىم.

زىبەرنىسا قىزىرىپ چەتكە قارىۋالدى. قىز تاللاپ يۈرگەن بۇ باي يىگىتكە ئۆزىنىڭ ياراپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق كەمبەغەللىكىدىن ئەلەم بىلەن نومۇسلاندى. مېنىڭ توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا كىيىپ بارىدىغان بىر قۇرلا ياخشىراق كىيىمىم بارلىقىنى بىلمەيدۇ - دە، — دەپ ئويلىدى قىز، — كەمبەغەل ياماقچىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى، تۇرمۇشىمىزنىڭ نامراتلىقىنى بىلسە، مېنى ياقتۇرۇپ قالغان كۆڭلى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بېسىلىپ كېتەرمىكىن... بىز ئۇلار بىلەن قانداقمۇ تەڭلىشەلەيمىز؟... قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ئەلەم ئۇچقۇنلىرى كۆرۈندى ۋە ئۇ يېلىنغان قىياپەتتە مەھەممەتنىڭ كۆزىگە ئاستا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يېقىملىق، مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلارنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەمما ئۆزى ئەندىشە - شۈبھىدىن قۇتۇلالمىدى.

مەھەممەت زىبەرنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالدى. مۇزىكا چېلىنىسىلا ئۇ زىبەرنىسانى تۇتاتتى. قىز باشقىلاردىن ئىزا تارتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكا باشلانسىلا ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىنى خالاپ قالغانىدى. ئۇ يىگىت ئۆزىنى ياخشى تۇتاتتى، ھەرىكىتىدە قىلچىلىك ياسالمىلىق يوق ئىدى. ئازراق ئىچىۋېلىپ، ئۆزىنى باشقۇرالماي قالىدىغان ۋە يېنىكلىشىپ بىر قىسما، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدىغان شاللاق يىگىتلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يارىتىپ قالغان قىزىنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ، قورۇنۇپ تانسا ئويناۋاتقانلىقى، تانسا ئوينىغاندا قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىتائەتمەنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى بىلدى - دە، كۆپ سۆزلىمەي، ئەمما كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي ئويناشقا باشلىدى. ئۇ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئەمما پىچىرلاپ تۇرۇپ، زىبەرنىسادىن ئەتە باغچىدا ئۇچرىششقا ۋەدە ئېلىۋالدى.

بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ، — دەپ ئويلىدى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن زىبەرنىسا ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى كونا ياغاچ كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، - شۇنچە يىل كۈتكەن ئارمىنىم - مەقسىتىمگە يېتەمدىم نېمە؟

ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتى. بىردە خۇشاللىق، بەخت ئاتا قىلىدىغان ئويلار،

www.uyghurkitap.com

يەنە بىردە شۈبھە ـ ۋەھىمىلىك خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. ئەتىكى كۈننىڭ تېزرەك كېلىشىنى ھەم تەقەززالىق ھەم ئەندىشە ئىچىدە كۈتتى. ئۇ مۇشۇ ئىككى خىل ئوي ـ خىياللارغا شۇنچىلىك چىرمىشىپ قالدىكى، دادىسى توغرىلىق ئويلاشقا چولىسىمۇ تەگمىدى. تاڭ ئالدىدا ئىككى سائەتتەك كۆز ئىلدى ـ دە، ئورنىدىن كۈندىكىدىن ئەتىگەنرەك تۇرۇپ كەتتى. دادىسىغا چاي بېرىپ، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، ياسىنىپ ـ تارىنىش ئۈچۈن ئۆيگە كىردى. تۈنۈگۈن ئولتۇرۇشقا كىيىپ بارغان ئەترەڭ كاستيۇم ـ يوپكىسىنى كىيىپ، كوفتىسىنىڭ ئاق ياقىسىنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى ۋە ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز چىرايىغا ئۆزىنىڭ مەستلىكى كەلگەن ھالدا پەرداز قىلدى. باغچىغا بېرىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتقا ئاچچىقى كېلىپ، سەل كەم بىر سائەتتەك ۋاقىتنى ناھايىتى تەسلىكتە تولدۇردى.

ئۇلار سائەت ئونلاردا باغچىدا ئۇچراشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدىن يېقىملىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. مەھەممەت پەقەت ئۆز مىللىتىدىن ئۆيلىنىش ئۈچۈنلا دادىسى بىلەن بۇ ئانا يۇرتقا كەلگەنلىكىنى، يۇرتىغا كېلىپ ئىنتايىن يايراپ كەتكەنلىكىنى، شۇنچە قىزلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت زىبىرنىسانىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئەگەر ماقۇل كۆرسە پات ئارىدا توي قىلىپ چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەردىكى باياشات تۇرمۇشلىرىنى، بىر ئەمەس، بىرنەچچە خىزمەتچىسىنىڭ بارلىقىنى، ئانىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ، ھازىر دادىسى ئىككىسىنىڭ بىللە ياشايدىغانلىقىنى، دادىسىنىڭ شۇندىن بۇيان ئۆيلەنمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغۇللۇقىنى ۋە ئاخىرىدا زىبىرنىسانىڭ شۇ ياققا كېتىشكە رازى بولۇش ـ بولماسلىقىنى خېلى تەپسىلىي سۆزلەپ چىقتى.

— مەيلى سىز رازى بولۇڭ ـ بولماڭ، — دېدى مەھەممەت ئىچ يانچۇقىدىن بىر تال بىرلىيانت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ، — بۇ مېنىڭ سىزگە — ۋەتىنىمنىڭ قىزىغا سوۋغام، — ئۇ ئۈزۈكنى زىبىرنىسانىڭ تىترەپ تۇرغان بارمىقىغا سېلىپ قويدى.

زىبىرنىسا شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ، ھودۇقۇپ كەتتىكى، قارشىلىق قىلالماي قالدى. ئارىنى بىرمىنۇتتەك جىملىق باستى. زىبىرنىسا خالاپ تۇرغان ئىشنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى.

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاش، بىرتال بالا، دادام بىلەنلا تۇرىمەن، — دېدى زىبىرنىسا بېشىنى كۆتۈرمەي، — دادام يالغۇز قالسا قانداق بولىدىكىن، مېنىڭ كېتىشىمگە ئۇنامدىكىن؟

— دادىڭىز خالىسا، ئېلىپ كېتىمىز، ئۆيلەر ئېلىشىپ ـ تېگىشىپ تۇرۇۋېتۇ، بىز بىلەن تۇرىدۇ. خالىمىسا، ھەر يىلى يوقلاپ كېلىمىز، يىراقتا بولساقمۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز.

بۇ مەسلىھەت زىبىرنىساغا ياقتى.

— بىراق، — زىبىرنىسا ئەندىشىلىرىنى ئېيتماقچى بولدى ـ يۇ، ئېغىزىدىن چىقىرالماي تۇرۇپ قالدى. يۈرىكى بىردىنلا ئۇقچۇپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك قىينالدى.

ئۇنىڭ چىرايى ئېچىنارلىق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. مەھەممەت ئۇنىڭ نېمىدۇر بىر نېمىنى ئېيتماقچى بولۇپ، ئېيتالمايۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، تاقەتسىزلىنىپ:

— ئېيتىڭ، ھەرقانداق گەپ بولسىمۇ ئېيتىڭ، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ كەچۈرۈۋېتەلەيمەن، — دېدى.

— كەچۈرۈۋەتكۈدەك ئىشقۇ يوق، بىراق ... دادام نامرات ئادەم، بىز سىلەر بىلەن ...

مەھەممەت ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى:

— شۇ گەپمىدى، ئاخشام سىلەر كەتكەندىن كېيىن، تۇغقىنىمىزدىن ھەممىنى ئۇقتۇم، دادامىمۇ ئاڭلىدى. كەمبەغەللىك ئەيىب ئىشمىدى، كەمبەغەل باي بولالايدۇ. بىزمۇ كەمبەغەل ئىدۇق، باي بولغىلى تېخى ئون يىل بولدى. كەمبەغەل دەپ بىزنى ھېچكىم چەتكە قاقمىدى، باي بولما، دېمىدى. تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلىدۇق، جاپا تارتتۇق، باي بولدۇق. مانا ھازىر جاپانىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتىمىز.

— شۇنداقتىمۇ سىلەرنىڭ لايىقىڭلارنى قىلىشىمىز كېرەك - تە؟

— ئۇنىڭ كېرىكى يوق. توينى دېگىنىڭىزدەك ئۆتكۈزىمىز، سىزنىمۇ، دادىڭىزنىمۇ، دوستلىرىڭىزنىمۇ رازى قىلىمىز. ئادەمدە ئىككى تۇغۇلۇش بولىدۇ، بىرى، ئانىدىن تۇغۇلۇش، يەنە بىرى، تويدىن كېيىن تۇغۇلۇش. مۇنداق تۇغۇلۇشقا تەييارلىقىمىز تولۇق. سىزنىڭ چىقىمىڭىز رازىلىق بېرىشلا بولىدۇ، — يىگىت شۇنداق دېدى - دە، كۈلۈپ كەتتى، زىبىرنىسامۇ كۈلدى ۋە ئاشۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، قىزىرىپ، مۇلايىملىق بىلەن پەسكە قارىۋالدى.

شۈكرى خۇدايىم، كىشىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىغا يەتمىكى دېگىنى ئاستىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت سۆزۈۋالماقتىنمۇ تەس دەيدىكەن، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە زىبىرنىسا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، — كۈتكىنىمگە يارىشا ئارزۇ - ئارمان، مەقسەتلىرىمگە ئاسانلا يېتىدىغان ئوخشايمەن. ئارمان دېگەن خەتەرلىك چوققا بولسىمۇ، سەۋرى قىلغان، ئەرسىزلىكنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم چوققۇم چىقالايدىكەن. ئۆزى قاملاشقان ھەم باي يىگىتكە ئېرىشىش بەختىمنىڭ ئېچىلغىنى ئەمەسمۇ، شۇنداق تەرەققىي قىلغان ياۋروپاغا چىقىمەن، تېخى باشقا يەرلەرگىمۇ چىقارمەن، ئۇ ياقتا ئاسانمىش ... ئۇھ، خۇدايىم، ئاھۇ - زارلىرىم، زارلىنىپ تىلىگەن تىلەكلىرىم ساڭا يەتكەن ئوخشايدۇ. دادامىمۇ ياق دېمەس، بەلكى خۇش بولار. بىراق قېرىغىنىدا يالغۇز قالىدىغان بولدى - دە، ماقۇل دېسە، ئېلىپ كەتمەمدۇق، مۆكچىيىپ ئىش قىلىشتىنمۇ قۇتۇلىدۇ.

زىبىرنىسانىڭ چەت ئەللىك يىگىتكە توي قىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشى توغرىسىدىكى خەۋەر قىزلار ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇنىڭ دوستلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى ئىچىدە خىلمۇخىل غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

— بەختى ئېچىلىپتۇ، بەختى ...

— بەختى؟ بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ، خەقنىڭ يۇرتىغا چىقمايمەن!

— ئۇلتۇرۇپ قالغان قىزنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ، دېگەن راست گەپكەن.

— خەقنىڭ يۇرتىدا كۈندە پولۇ يېگەندىن كۆرە، ئۆز يېرىڭدە ئوماچ ئىچكىنىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ.

زىبىرنىسا قوشنا ئايال ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چەت ئەللىك باي يىگىتكە تۇرمۇشقا چىقماقچى بولغانلىقىنى دادىسىغا يەتكۈزدى. بوۋاينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىدە، ئۇزاقىچە جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ شالاڭ ساقىلى تىترەپ، كۆزلىرىدە پەرىشان ئۇچقۇنلار پىلدىرلىدى ۋە قوشنا ئايالغا بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى: — بۇ ئالدىرىماي، سەۋرچانلىق بىلەن ئويلىشىدىغان ئىشكەن.

— سەن ئاتا ـ ئانىسىز چوڭ بولدۇڭ، قىزىم، — دېدى بوۋاي ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن زىبىرنىسانى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېچىنىش، ئەلەم، مەيۈسلۇك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، — مەن سېنىڭ ھەم بوۋاڭ ھەم ئاتاڭ ـ ئاناڭ. مەن ساڭا ھازىر ئانا بولۇپ سۆزلەۋاتىمەن: ئاڭلىسام ئۇ يىگىت باي ئىكەن، ئەمما «كىشىنىڭ يېرىدە سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يېرىڭدە ئۇلتاڭ بول» دېگەن گەپ بار، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئويلاپ باق، كىشىنىڭ يېرىدە قەدىمىڭنى ئىشەشلىك باسالمايسەن، قاتتىقراق يۆتۈلەلمەيسەن، ئەيمىنىپ ـ قورۇنۇپ يۈرىسەن، كۈلسەڭ كۈلكەڭ كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، يىغلىساڭ يېشىڭ سىڭمەيدۇ، ئىتتىقا قاراپ باققىنە، ھەرقانچە يامان بولسىمۇ، ئۆز يېرىدىن ئايرىلسا، قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ، ياۋاشلاپ قالىدۇ... مەن سېنىڭ ئۇ يەرلەردە بوينۇڭ قىسىلىپ قالارمىكىن دەپ غەم قىلىۋاتىمەن.

— ھەممىنى ئويلىدىم، دادا، كەتكۈم بار. يامان يېرى پەقەت سېنىڭ يالغۇز قېلىشىڭ، ماقۇل دېسەڭ، سېنى ئەپكېتىمىز.

بوۋاي يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى زورغا بېسىپ، قىزىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ ئولتۇراتتى. ئۆي ئىچىنى بارغانسېرى سۈر بېسىپ كېتىپ باراتتى.

— قانداق، بىز بىلەن كېتەمسەن؟

— جەسىتىمنى يۇڭباشلارنىڭ يېرىدە قالسۇن دەپسەن ـ دە...

— ھەممىسى خۇدايىمنىڭ يېرىغۇ.

— خۇدايىم يەرلەرنى ھەرقايسى ئايماق ـ تائىپىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن، ھەركىم ئۆز يېرىدە يېتىشى كېرەك. مېنىڭ يالغۇز قېلىشىم ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۆز يېرىم، ئۆز ئادەملىرىم، مەن يالغۇز قالمايمەن. قولۇم ـ قوشنىلىرىم بىر چىنە تامىقىمدىن ئايرىمايدۇ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى يوقلاپ تۇرىدۇ، بىراق...

— بەختىمنى توسۇما دادا، بارمايمەن، دېسەڭ، ھەر يىلى كېلىپ، سېنى يوقلاپ تۇرىمىز.

بوۋاي نەۋرىسىنىڭ ئۇچۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان قۇشتەك ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى باسماقچى بولغان قەدىمىدىن ياندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەلەم ۋە ئېچىنىش بىلەن ھېس قىلدى ـ دە:

— بوپتۇ قىزىم، نېمە دەيتتىم، بارساڭ بار. قەيەردە بولساڭ، ئامان بول، — دېدى.

شۇ كۈنى بوۋاي بازارغا چىقمىدى، ئۆيدىمۇ ئولتۇرمىدى، ئۇدۇل قەبرىستانلىققا باردى. ئۇ ياشلىق كۆزلىرىنى قەبرىلەرگە تىككەندە، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۈستىگە ئىككى كېسەك قويۇلغان قەبرىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ، زىبىرنىسانىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئىدى. ئۇ قەبرىنىڭ يېنىغا چۆكۈپ، ئىچىدە پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇدى. ئۇزاق دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قارىدى:

— ئەي خۇدا، شۇ سەۋدانى ئۇنىڭ دىلىغا كىم سالغاندۇ؟ ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدىمۇ، دەسسەپ تۇرغان تۇپرىقى، يۇرت - جامائەت ئالدىدىمۇ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، ئامالىم يوق، توسۇپ قالالمىدىم، ئۇچۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان قۇش بەربىر ئۇچىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلامسەن؟ خەير، بالىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مۇشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن ...

بىر ھەپتىلىك جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن، زىبىرنىسانىڭ تويى بولدى. توي ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. تويدىن كېيىن ئۇزاققا قالماي ئۇ مەھەممەتنىڭ خېنىمى بولۇپ، چەت ئەلگە يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئويلىغاندىنمۇ ئوشۇق تۇرمۇش جەۋلان قىلماقتا. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇ چەكسىز خۇشال ئىدى. ئۆزى ئېيتقاندەك ھۆسن - جامالى زايە كەتمىگەن ئالىي تۇرمۇشقا يەتكەنىدى. زىبىرنىسانى ھەيران قالدۇرغان بىرىنچى ئىش ئېرىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق قورۇ - جايى بولدى: كۆركەم سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چىرايلىق باغ - ۋارانلىق ھويلا. ئاسفالتلانغان يوللار، يوللارنىڭ ئىككى تەرىپى ياپيېشىللىقلىق ۋە ئاجايىپ چىرايلىق گۈللۈك. ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ كەينىدە يانلىرى، ئاستى سېمونتلانغان كىچىك كۆل بار، كۆلنىڭ ئەتراپى ئالما، نەشپۈت، ياڭاق ۋە ئۈزۈملۈك باغ بىلەن قورشالغان، بۇ مېۋىزارلىقنىڭ ئارىلىرىغا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار قويۇلغان. ئىمارەتنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ بىر تەرىپى ئۇزۇنچاق چوڭ ئۆي بولۇپ، مېھمانلار شۇ ئۆيدە كۈتۈلىدۇ. بىر تەرىپى ئۆي خىزمەتچىلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر. ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى ئالتە ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىككىسىدە پەقەت ئىككىلا ئادەم — مەھەممەت ۋە ئۇنىڭ دادىسى تۇرىدىكەن. قالغان ئۆيلەر ياساقلىق پېتى بوش تۇرۇپتۇ. زالغا، ئۆيلەرنىڭ پولىغا زىبىرنىسا ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان ئاجايىپ چىرايلىق، رەڭدار، نەپىس ئىشلەنگەن ئىران گىلەملىرى سېلىنغان. ئۆيلەردە مۇۋۇت بىلەن قاپلانغان يۇمشاق دىۋانلار بولۇپ، دېرىزىلەرگە دۇخاۋىمۇ ئەمەس، مەخمەلمۇ ئەمەس، ئەمما شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پەردىلەر تارتىلغان، ئىچىدىكىسى نېپىز، ئاق، تېشىدىكىسى قېلىن، خورمارەڭ. بۇ ئۆيلەرگە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە نەپىس، نازۇك زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلغان. كۈن نۇرى چۈشكەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چاغلاردا ئېيۋى ئىچىدە ئالا كۆلەڭگىلەر نازىغىپ ئويناپ كىشىنى مەست قىلىدۇ. زىبىرنىسا مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلانغىنىغا ئېيتقۇسىز خۇشال. شۇڭا ئۇ دادىسىغا يازغان بىرىنچى خېتىدە مۇشۇ ئاجايىپ گۈزەل ئۆي - ئىمارەت، هويلا - ئارام، ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇرغان جابدۇقلار، قول قوشتۇرۇپ تۇرغان خىزمەتچىلەر ۋە باياشات تۇرمۇشلارنى يېزىپ كېلىپ: ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆردۈم، دېدى.

زىبىرنىسانى ئىككىنچى هەيران قالدۇرغان ئىش شەھەر مەنزىرىسى، كىشىلەرنىڭ سىلىق مۇئامىلىسى بولدى. كوچىلىرى چاقناپ تۇرغان گۈلزارلىق ئىكەن، هېچكىممۇ گۈللەرنى ئۈزمەيدىكەن، ئۇچار قۇشلار ئادەملەرنىڭ مۈرىسىگىمۇ قونۇۋالىدىكەن. شەھەردە چاڭ - توزان كۆرۈنمەيدۇ، شۇنچىلىك پاكىزكى خۇددى يالىۋەتكەندەك. فونتانلار ئېتىلىپ تۇرغان چىمەنلىك مەيدانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. شەھەر ئادەملىرى، بولۇپمۇ ئاياللار، باللار چىمەنلىكلەردە ئۇچۇپ يۈرگەن گۈللۈك كېپىنەكلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما بەزىلىرىنىڭ بەدەنلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئېچىپ يۈرۈشى غەلىتە ئىكەن، ئاياللار لىپتىك بىلەن يۈرۈۋېرىدىكەن. لېكىن مۇئامىلىسى هەيران قالغۇدەك سىلىق. ساڭا تېگىپ كەتسە، كەچۈرۈم سورايدۇ. ئاياللارنى بەكمۇ هۆرمەتلەيدۇ، كوچىلاردا مەستلەرنى، ئالتاغىل ۋارقىراپ يۈرگەنلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ، قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلىشىشنى مەدەنىيەتسىزلىك هېسابلايدىكەن. زىبىرنىسا بۇ يەرگە كېلىپ، مەھەممەت بىلەن بىر هەپتە بىللە تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەھەممەت سودا ئىشى بىلەن نەلەرگىدۇر كەتتى. دادىسى ئوغلىنى ئۇ شەھەرگە، بۇ شەھەرگە ئىشقا بۇيرۇپ تۇراتتى. مەھەممەت كىچىك ماشىنىسى بىلەن چىقىپ كېتەتتى - دە، هەپتە - هەپتىلەپ يوقاپ كېتەتتى. بوۋاي باشقۇرغۇچىلىرى بولسىمۇ، يەنە زاۋۇتىغا بېرىپ تۇراتتى، باشقا ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆيدە بولاتتى.

زىبىرنىسانىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىرىنچى ئۆگەنگەن ئىشى ئۇيغۇرچە كىتاب - ژۇرناللىرىنى ئالغاچ كەلمىگىنى بولدى. مەھەممەت ئالدىراپلا يۈرەتتى، بىر كۈن ئۆيدە بولسا، بەش - ئالتە كۈن سىرتلاردا بولاتتى، شۇڭا ئۇ زېرىكەتتى. ئوقاي دېسە، كىتابى يوق، قىلاي دېسە ئىشى، مانا هەش - پەش دېگۈچە بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. بىر هەپتىگىچە ئۇ: قالتىس ئۆيلەركەن، نېمىدېگەن چىرايلىق باغ - هويلا، كۆللىرىچۇ تېخى ... هەرقانچە باياشات تۇرمۇش بولار بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس، دەپ يۈردى. ئېرى باشقا شەھەرلەرگە كەتكەن بولسىمۇ، يەنە ئىككى هەپتىگىچە ئاغزىنى تامشىپ، ئاشۇ شېرىن ئوي - خىياللاردا يۈردى. ئەمما كېيىنكى هەپتىدە ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ تازىمۇ زېرىككەنلىكىنى هېس قىلدى - دە، ئۆزىنىڭ توپىلىق كوچىسىنى، ئىككى تۈپ ئاچچىق ئۆرۈكى بار، قوراي بېسىپ كەتكەن هويلىسىنى، كونا، توپا قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان، ئەمما پاكىز ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى سېغىندى. ئۇ ئۆيىدە زېرىكىپ قالسا، كىتاب ئوقۇيتتى، قوشنا ئاياللار بىلەن پاراڭلىشاتتى، دوستلىرىنىڭكىگە بېرىپ كېلەتتى، خالىغان تاماقلىرىنى ئېتىپ يەيتتى.

ئاشۇ پاراڭچى، قىزىقچى، دورامچى ئاياللار قېنى؟ يۈگۈرۈپ يېرىپ سىردىشىپ كېلىدىغان دوستلىرى قېنى؟ ئالدىدىن ئۆتسە ھىدى ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرىدىغان ئاشپۇزۇللار قېنى؟ سېيىنى ئۆزى قورۇيدىغان، پىلتىلىرىنى ئۆزى سوزۇپ، ئۆزى سالىدىغان، تەمى ئېغىزدىن كەتمەيدىغان، ئاچچىق لازىسى، سىركىسى بار لەڭمەنلەر قېنى؟... دادىسى شۇ تۇرقىدا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدىكىن ... بازاردىن تېخى قايتمىدى تايىنلىق. قېرىغىنىدا ئەجەب يالغۇز قالدى-ھە، بىز بىلەن كەلگەن بولسا ئەجەب ياخشى بولماسمىدى، بىللە تۇراتتۇق، زېرىكمەيتتىم، مەھەممەتنىڭ مۇنۇ دادىسىنىڭ قىلمىقلىرىغا ئەجەب ئۆچلىكىم كېلىدۇ...

ئۇ كوچىغا چىقتى، مەقسەتسىزلا كوچا ئايلاندى. ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى، زىبەرنىساغا قارشى ئىككى قىز كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇلارغا سەپ سېلىپ قارىدى. ئىككىسى پەقەت ئۇياتلىق يەرلىرىنىلا ياپقان بولۇپ، قىپيالىڭاچ دېگۈدەك ئىدى. زىبەرنىسا نومۇستىن يۈزى ئوت ئالدى-دە، يەرگە قارىۋالدى. ئۇ باغچىغا كىردى. كىرىپلا قېتىپ تۇرۇپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. يوغان، باراقسان بىر تۈپ دەرەخنىڭ غولىغا يۆلەپ قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىر يىگىت بايا كوچىدا كۆرگەن قىزلارنىڭ بىرىنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ھەدەپ سۆيۈۋاتاتتى. قىزنىڭ قولى يىگىتنىڭ بوينىدا ئىدى. كىشىلەر گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك، ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، بىپەرۋا ھالدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. يائاللا... مۇنداقمۇ رەسۋاچىلىقلار بولىدىكەن-ھە، مەھەممەتنىڭ بىزدە ئەركىنلىك كەڭ، دېگىنى مۇشۇكەن-دە،— دەپ ئويلىدى زىبەرنىسا ياقىسىنى تۇتۇپ،— كىشىلەرنىڭ پەرۋايى پەلەك كېتىپ بارغىنىنى، ھاي، دەيدىغان ئادەم يوقمىكىنە...

ئۇ باغچىدا سەيلە قىلىشتىن يالتايدى-دە، كەينىگە ياندى. كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە بىر كوچىغا كىرىپ قالدى. بۇ كوچا خىلۋەت كوچا ئىدى. كوچىغا كىرىپ ئازراقلا ماڭغاندىن كېيىن، يېڭى كەلگەن چېغىدا مەھەممەت كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، مۇشۇ كوچىنى پاھىشە ئاياللار تۇرىدىغان كوچا، دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كەينىمگە يانايمۇ ياكى ئايىغىدىن چىقىپ كېتەيمۇ، دەپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا بىر ئەركىشى پەيدا بولۇپ قالدى. سۈرەتتەك چىرايلىق پاھىشە ئاياللار ئۇنىڭغا نازلىق قىلىقلارنى قىلىپ، قولىدىن تۇتۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز يېنىغا تارتىشقا باشلىدى. ئەركىشى ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا قاراپ قايسىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىنى جەزملەشتۈرەلمەي تۇرغاندا، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى زىبەرنىساغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ زىبەرنىسانىڭ قولىنى تۇتتى. تىترەپ كەتكەن زىبەرنىسا ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى-دە، يۈگۈرگەن پېتى كوچىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ، كېلىۋاتاتتى، ھېلىقى ئادەمنىڭ قارىسى يىتتى، زىبەرنىسانىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنچە چىرايلىق شەھەر بىردىنلا سەتلىشىپ كەتكەندەك، مۇئامىلىسى شۇنچە ياخشى، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ۋەھشىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئالاقزادىلىك پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن غەزەپ-نەپرىتى ئۆرلەپ، شۈبھىلىك، ۋەھىمىلىك ھېس-تۇيغۇلار قوزغىلىپ كەتكەنىدى: چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك شۇنداق چىرايلىق شەھەردە ئادەملەرمۇ چىرايلىق يۈرسە بولماسمىدىغاندۇ؟— زېمىننىسا غەزەپ ۋە ئەندىشە بىلەن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى،— خۇددى ياۋايى ئادەملەردەك، نومۇس-ھايا دېگەن نېمە يوق، مۇشۇنداق ئىشلاردىن نومۇس قىلمىسا نېمىدىن نومۇس قىلار؟ كىيىۋالغانلىرى بەدەنىنىڭ ئۇندىن بىرىنى ئاران ياپىدۇ، كىشى قاراشقىمۇ نومۇس قىلىدۇ. توۋا، مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ قىلىقى ھايۋاننىڭ قىلىقىغا ئوخشايدىكەنا... ئىپتىدائىي ئادەملەر تەرەققىي قىلىپ ئۇياتلىق يەرلىرىنى يېپىپ يۈرىدىغان بولدى، دېگەنلەرنى كىتابلاردىن ئوقۇۋىدىم، مۇنۇلار ئاشۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ، مەدەنىيەتلىك بولدى دېگەن سۆز يالىڭاچ يۈرىدۇ دېگەن سۆزمۇ؟ كوچىلاردا ھايۋاننىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى كۆرسەك، بىز ئاياللارلا ئەمەس، ئەرلەرمۇ ئىزا تارتىپ تەتۈر قارىۋالاتتى، بۇ يەرلەردە شۇنىڭغا يېتىپ-قوپا ئىشلار ئادەتتىكى نورمال ئىشلاركەن، ھېچكىمگە غەيرىي تۇيۇلمايدىكەن. ئادەملەر، ھەي ئاڭلىق ئادەملەر! مۇشۇنداق يۈرۈشلەرگە، مۇشۇنداق پاسكىنا، رەسۋاچىلىقلارغا نېمىشقا يول قويۇسىلەر؟! ئاتا-ئانىلار! باللىرىڭلارنى نېمىشقا باشقۇرمايسىلەر، ئەركىنلىكنىڭ چېكى بارمۇ-يوق؟ قىزلىرىڭلار كۆز ئالدىڭلاردا يىگىتلەرنى سۆيۈۋاتسا، ھايۋانلارچە ئۇنىڭغا يېپىشىپ تۇرسا، سىلەر قانداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسىلەر؟ شۇ ئىشلار سىلەرگە ئېغىر كەلمەمدۇ! ھۆرمەت دېگەن چوڭلارغا سالام قىلىش، يول بېرىش، ئورۇن بېرىشلىمۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئادەملەر چىرىكلىشىپ قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىشىنى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ؟

مەھەممەت كەچتە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايالىنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر غەمكىنلىك-مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. كەچلىك تاماقنى قېيىن ئاتىسى ئۈچى بىللە يېدى. قېيىن ئاتىسى بىلەن ئېرى سودىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ بىرسىمۇ زېمىننىسانىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئۆز خىيالى بىلەنلا قالغانىدى. تاماقنىمۇ ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ئازراقلا يېدى.

— نېمە بولدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم، بىر قىسىملا بولۇپ قاپسىزغۇ؟— سورىدى مەھەممەت ئۇلار ئۆز خانىسىغا كىرگەندىن كېيىن زېمىننىسادىن.

— ھېچنېمە.

— ھېچنېمە؟... ھېچنېمە ئەمەس، بۆگۈن بۆلەكچىلا بولۇپ قاپسىز، تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمىدىڭىز.

— ئاغزىمغا تېتىمىدى. ئەتىدىن باشلاپ تاماقلارنى ئۆزۈم ئېتەيمىكىن دەۋاتىمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ، تاماق ئېتىدىغان مەخسۇس ئادەم تۇرسا...

— تاماقتىن ئەتىمىسەم نېمە ئىش قىلىمەن ئەمىسە؟

— دېگەن گېپىڭىزنى قاراڭ، شۇمۇ گەپمۇ، ئويناڭ، كۈلۈڭ، سىرتلارغا چىقىڭ، ئادەملەر بىلەن تونۇشۇڭ... كۆڭلەرنى خۇشال، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزىدىغان ئىشلار جىققۇ.

زىبەرنىسا ئېرىگە لاپ قىلىپ قارىدى:

— مىڭ تاتلىق خىياللارنى سۈرگىنىم بىلەن يېنىمدا سىز بولمىسىڭىز؟

— ھە، مېنىڭ ئىشىم شۇنداق ئىش. سىرتقا چىقمىسام بولمايدۇ. سىز بىلمەيسىز، بازار ئەھۋالى، ئۇچۇرلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرمىسام ھەتتا قورسىقىمىزمۇ ئاچ قالىدۇ بۇ يەردە. ئەتە يەنە بىر ھەپتىلىككە كېتىمەن.

— مەن زېرىكىپ ئۆلىدىكەنمەن-دە.

— دەۋاتىمەنغۇ، كوچا ئايلىنىڭ ...

— كوچىغا چىقىشتىن بىزارمەن، كوچىلىرىڭىزنى كۆرۈپ، شۇنداق سەسكەندىم، يىرگەندىم ...

— ھە، نېمە كۆردىڭىز سەسكەنگۇدەك؟

زىبەرنىسا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇلار نورمال تۇرمۇش، نورمال قىلىقلار، ئۇنىڭدىن ئارتۇقلىرىنى تېخى كۆرمەپسىز.

— مەن نەدىن كۆرەي.

— كۆرۈڭ، يالىڭاچلىنىپ ئوينايدىغان تانساخانىلار بار. سىزمۇ ئاز كۈندە كۆنۈپ قالىسىز. تېخى ئارزۇلاپمۇ قالىسىز.

— توۋا دەڭ.

— ھەي چىرايلىقىم، تۇرمۇش قەدىمىڭىزنى مەشەدىكى كىشىلەرگە قاراپ بەلگىلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ، ھېچكىمنى تونۇمايمەن دېسىڭىز ئابباسلارنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، بېرىش-كېلىش قىلىڭ.

— خوتۇنىنىڭ تىلىنى بىلمىسەم.

— ئېرى بىلىدۇ.

— ئۇ ئادەممۇ سىزدەك ئۆيىدە تۇرماس.

— ياق، ئۇنىڭ سىرتلارغا بارىدىغان باشقا خىزمەتچىلىرى بار. سىزنى قاراڭ، شۇنداق ئەركىن، كەڭتاشا تۇرمۇشتىنمۇ زېرىكەمدۇ كىشى،— ئۇ ئاۋۋال زىبەرنىسانىڭ مەڭزىلىرىنى، چاچلىرىنى سىلىدى، ئاندىن قۇچاقلىدى ۋە مەيۈسلەنگەن كۆزلىرىگە سۆيدى. ئۆي خىزمەتچىسى — قىرىق ياشلاردا بار ئىتالىيان ئايال ئەكىرگەن ئۇسسۇزلۇقنىمۇ قارىماي ئىككىسى يېتىشىپ قېلىشتى. ئەتىسى مەھەممەت كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەپ يەنە نەگىدۇر كەتتى. زىبەرنىسانىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرى يەنە باشلاندى. ئۇ تاماقنى ئۆزى ئەتمەكچى بولدى، لەگمەن ئەتتى، نېمىسى ئوخشىماي قالدىكىن، ئاغزىغا تېتىمىدى، سۈيقاش ئەتتى، ئۇمۇ تېتىمىدى. قانداقتۇر بىر نېمىسى كەمدەك بەتتام بىلىنەتتى. ئۇ قېيىن ئاتىسى بىلەن كۈنلەپ-كۈنلەپ پاراڭ سېلىشىپمۇ ئولتۇردى. لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرى ئاچقان يەرگە بارمايتتى. تازىلىقىڭلار ناچاركەن، قاتنىشىڭلار قولايسىز ئىكەن، كونىلىق ئېغىركەن، كۆڭۈل ئېچىشىڭلار كەڭتاشا ئەمەسكەن، تەرەققىياتىڭلار ئاستىكەن، ئەركىنلىكىڭلار يوقكەن ... دېگەندەك گەپلەرنى كۆپ قىلاتتى ئۇ. زىبەرنىساغا ئۇنىڭ

گەپلەرى ئېغىر كەلسىمۇ گەپ قىلمايتتى. كۆڭۈل چۆشمەيۋاتقان تۇرمۇشقا ئۇنى سەكەندۇرىدىغان يەنە بىر ئىش قوشۇلدى:

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى قېيىن ئاتىسى زىبەرنىساغا ئۇ يەر-بۇ يەرلەرنى تۇتقۇزىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئىشتىن كېلىپ: بالام، غولۇم كەرىشىپ تۇرىدۇ، تۇتۇپ قويغىنە، دەيتتى. زىبەرنىسا ئۇنىڭ غوللىرىنى بېرىلىپ تۇتۇپ قوياتتى. لېكىن مۇنۇ قېيىن ئاتىسى ئادەم قېلىپىدىن چىقىپ، كالتە ئىشتان بىلەنلا دۈم يېتىۋېلىپ، غوللىرىنى تۇتقۇزىدۇ. بىردەم تۇتقاندىن كېيىن ئوڭدا بولۇۋېلىپ، چوڭ يانپاشلىرىنىمۇ تۇتقۇزىدۇ. مۇنداق چاغلاردا زىبەرنىسا تەتۈر قارىۋالىدۇ. ماڭا تۇتقۇزغىچە خىزمەتچى خوتۇنغا تۇتقۇزسا بولمامدىغاندۇ،— دەپ ئويلايتتى ئۇ.— شۇنچە يېشى بىلەن ئىزا-نومۇسنى ئۇنتۇپ قالسا قانداق بولىدۇ. ئۆزى خىجىل بولمىغان بىلەن مېنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەمدۇ، ئۇنىڭ نېمە مەقسىتى باردۇر، مەن كېلىنى تۇرسام، نومۇسسىز قېرى...

زىبەرنىسا زېرىكىپ يەنە كوچىغا چىقتى. كوچىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا بىر قىسمىلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمايتتى. شۇ ھېسسىياتى بىلەن كېتىپ بارغاندا، يىراقتىن بىر ئادەم كۆرۈندى. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ قاش-كۆزى، پۇتۇن سىنى بىلەن ئۇيغۇرغىلا ئوخشايتتى: بىز تەرەپتىن سودىگەرچىلىك قىلىپ كەلگەنمىدۇ ياكى بۇ يەردە بىرەر تونۇغىنى بارمىدۇ؟— ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ:

— سىز ئۇيغۇرما!— دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم بىر نېمىلەرنى دەپ كۈلدى. زىبەرنىسا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەمەسلىكىنى بىلدى-دە، قىزىرىپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي ئىتتىك بۇرۇلۇپ كەتتى.

ئۇ قەيەرلەرگە بارغىنىنى بىلمەيتتى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە ياندى، ئەمما يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق تەگدى. ئالدىدىن ئېرى ھەيدىگەن كىچىك ماشىنا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ زىبەرنىسانى كۆردىمۇ-كۆرمىدىمۇ، بۇ تەرىپى قاراڭغۇ، لېكىن زىبەرنىسا ئۇنى ئېنىق كۆردى. كۆرۈپلا بېشى پىرقىراپ كەتكەندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئۈچ قىز ئولتۇراتتى. ئىككىسى كەينىدە، بىرسى ئالدىدا— مەھەممەتنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇ قىز بېشىنى مەھەممەتنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغانىدى. ئۇ تېخى مەشەدە ئىكەن-دە، ئۇ نەلەردە قونۇۋاتقاندۇ، مۇشۇ ئىشلارمۇ نورمال تۇرمۇش، نورمال قىلمىقلار ئىكەن-دە... ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. ئەمما ئاياغلىرىنىڭ بوشىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئىتتىك مېڭىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بېشى پىرقىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان زىبەرنىسا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى-دە، ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىردىم، دەپ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قالدى، شۇ ھامان ئىشىكنى يېپىپ، يۈرىكىنى تۇتقىنىچە تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ قېيىن ئاتىسىنىڭ خىزمەتچى خوتۇننى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى: ئاھ... خۇدا، نېمە ئىشلار بۇ، ئۆز ئېرىمنىڭ باشقا ياققا بارمەن، دەپ چىقىپ كېتىپ يۈرگەن يۈرۈشى ئاۋۇ، يېشى يەتمىشكە بېرىپ

قالغان دادىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ماۋۇ، بۇمۇ نورمال تۇرمۇش، نورمال قىلىقلار ئىكەن-دە. مەھەممەتنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنى ئەمدى مەلۇم بولدى...

ئۇ خانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلدى-دە، ئىككى كىشىلىك، ئەتراپىغا چۈچىلىك چايشاپ تارتىلغان كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. مىجىقلاپ كۆكسىگە باسقان تەكيىگە قۇيۇلغان ياشلىرىدىن داغلار چۈشتى. ئۇ قانچىلىك يىغلىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ياشلىرى قۇرۇدى، تورۇسقا تىكىلىپ، نېمىلەرنىدۇ خىيال قىلىپ ياتتى.

ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ئورنىدىن ئېرەنسىزلىك بىلەن تۇرۇپ، ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. قېيىن ئاتىسى كۈلۈمسىرەپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. زىبەرنىسا ھەر قېتىمدىكىدەك، كەلسىلە، ئۆيگە كىرسىلە، دەپمۇ قويماي، كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە تەكيىنى تۈزەشتۈرۈپ تىكلەپ قويدى. قېيىن ئاتىسى تەكەللۇپسىزلا ئۆيگە كىردى-دە، دىۋانغا چۆكتى. ئۇ كېلىنىنىڭ پەرىشان كۆزلىرىگە، سولغان گۈلدەك يۈزىگە، ياش دېغى قاتقان كۆزىنىڭ ئەتراپىغا تىكىلىپ قارىدى. زىبەرنىسا ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ پەسكە قارىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز، خېنىم؟

زىبەرنىسا ئۈنچۈقمىدى.

— خاپا كۆرۈنىسىزغۇ، ساقسىز بولۇپ قالدىڭىزمۇ ياكى بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدىڭىزمۇ؟

— ئادەم خاپا بولىدىغان ئىشلار جىقكەن، دادا، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي.

قېيىن ئاتىسى كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ خاپا بولىدىغان جاي ئەمەس، كۈلىدىغان، ئوينايدىغان جاي. ئويناڭ، كۈلۈڭ، نەگە بېرىپ ئوينىسىڭىزمۇ مەيلى، كۆڭۈل ئاچىدىغانلا ئىش بولسا بولۇۋېرىدۇ.

— مەھەممەتسىز قانداق ئوينايمەن؟ — دېدى غەزىپى ئۆرلىگەن زىبەرنىسا زەردە بىلەن، قېيىن ئاتىسى ئەمدى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي ئەخمەق قىز، مەھەممەتنى ئوينىماي يۈرىدۇ دەمسىز، ئۇ بىر ياقتىن ئىشنى قىلىدۇ، يەنە بىر ياقتىن كۆڭلىنى ئاچىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشنىڭ يامىنى يوق.

— بىلىۋاتىمەن، مەھەممەتنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى بايقاۋاتىمەن، ماشىنىغا خېنىملارنى سېلىپ يۈرگىنىنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن، — زىبەرنىسا قېيىن ئاتىسىغا ھازىرغىچە دەپ باقمىغان سۆزلەرنى دەۋەتكەن بولسىمۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدى.

— شۇنداق بولىدۇ، سەيلە قىلىدۇ. بۇ يەردە ساياھەتكە، دەم ئېلىشلارغا ئەر-خوتۇن بىللە چىقمايدۇ.

— نېمىشقا بىللە چىقمايدۇ؟

— قاراڭ، دېگەن گېپىڭىزنى، ئەر-خوتۇن بىللە چىقسا كۆڭۈلدىكىدەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئوينالامدۇ؟! شۇڭا ئەرمۇ، ئايالمۇ يالغۇز چىقىدۇ. كۆڭلى تارتقان ئادەم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالىغىنىچە ئوينايدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىبرىنىڭ ئايالىغا، ئىبرىگە ۋە بالىلىرىغا كۆڭلى سوۋۇپ قالمايدۇ، قايتىپ كېلىپ يەنە ئۆيىنى تۇتۇۋېرىدۇ، مۇنداق يەر بۇ، ھەر قاچان كۆڭۈل خاھىشى بىرىنچى، ئەركىنلىك بىرىنچى.

— ھە...مۇنداق دېسىلە...قالتىس يەرلەركەن بۇ...

— شۇنداق، قالتىس يەرلەر بۇ، ياشاشنىڭ لەززىتى مۇشۇ ياقتا، ئۆمرىنى رازى قىلىشنى بىلىدىغان ئادەملەر ياشايدىغان يەرلەر بۇ...شۇڭا كوچىدا كۆرگەن ئىشلارغا ھەيران قالماڭ.

زىبىرنىسانىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.

— بىز تەرەپلەردە كوچىلاردا قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭسا، — دېدى زىبىرنىسا قېيىن ئاتىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، —ياكى بىر —بىرىنىڭ بەللىرىنى تۇتۇشۇۋالسا ۋە ياكى بويىنغا قولىرىنى سېلىشىۋالسا، كىشىلەر، بولۇپمۇ سىلىدەك چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.

— ئاشۇ بالىلار چوڭ بولۇپ، بالىلىرى ئۇنىڭدىن ئوشۇق ئىشلارنى قىلسا، ئۇلار كۆز قىرىنىمۇ سالمايدىغان بولىدۇ. بۇ تەرەققىيات قانۇنى، ياشاش قانۇنى. ئىشىكنى ئېچىۋېتىپسىلەر، سىلەردىمۇ بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلار بولىدۇ، كۆرىسىز. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا قويماي ھەزىم قىلىڭ... خوش، بۈگۈن كەيپىڭىز ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئويۇنتىپ كېلەي، خالىسىڭىز، چەتئەللەرگىمۇ ئەچىقىپ كېلەلەيمەن، بىزدە ئاسان.

— رەھمەت، دادا، تاۋىم يوق، مېنى يالغۇز ئارام ئېلىشقا رۇخسەت قىلسىلا.

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەھەممەت قايتىپ كەلدى. ئۇ زىبىرنىسانى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چىرايى سارغىيىپ، پەرىشان تۇسكە كىرگەندى.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

ئۇ، زىبىرنىسانىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ يەنە سورىدى:

— ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ يا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟

زىبىرنىسا يەنە گەپ قىلمىدى.

— گەپ قىلسىڭىزچۇ، مېنى ئەنسىرەتمەي؟

— مەن سىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىڭلارغا، ئۆمرۈڭلارنىڭ مەنىسىگە پەقەتلا چۈشەنمەي قالدىم، — زىبىرنىسانىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى، ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپلا تۇراتتى.

— چۈشىنىۋاتىمەن، بۇ يەردىكى تۇرمۇشقا كۆنەلمەيۋاتىسىز، ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ كېتىسىز...ماڭا قارىڭا، — ئۇ يېپىشۋالغان زىبىرنىسانى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە قاراتتى - دە، ئېڭىشىپ لەۋلىرىگە سۆيدى.

— خېنىملارنى سۆيگەن لەۋلىرىڭىز بىلەن مېنى سۆيۈۋاتامسىز؟ نېرى تۇرۇڭ! — ئۇ تەتۈر ئۆرۈلۈۋالدى. مەھەممەت قايسى كۈنى ئۈچ قىزنى ماشىنىغا سېلىپ ئويىنتىپ يۈرگەندە زىبىرنىسانىڭ كوچىدا كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— ئۇلار مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم، بىز دائىم شۇنداق ئوينايمىز، ئۆتكەندە ئۆيگە كەلگەن قىزلار ئاشۇلار.

«ئوينايمىز» مۇشۇ سۆز ئېيتىلىشى بىلەن زىبىرنىسا قېيىن ئاتىسىنىڭ «كۆڭۈل تارتقان كىشى بىلەن ئوينىسا بولىۋېرىدۇ» دېگىنىنى ئەسلىدى.

— شۇنىڭغا يىغلىدىڭىزمۇ، ماڭا قاراڭا؟ — مەھەممەت ئۇنىڭ مۈرىسىنى يەلە تۇتقانىدى، زىبىرنىسا مۈرىسى بىلەن قولىنى سىلكىۋەتتى.

— دادىڭىزغا خالتا، پۇل سالدىڭىزمۇ؟

— سىز دېمىسىڭىزچۇ؟

— شۇنىمۇ مەن دەمدىم، ئۆزىڭىز بىلىپ قىلىۋېرىدىغان ئىشلارغۇ ئۇ.

مەھەممەت ئۇنى ئەركىلىتىپ، مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. ئاپئاق مۈرىسىنى، قاپقارا چاچلىرىنى سىلىدى، لېكىن زىبىرنىسا ئۇنىڭغا قارىمىدى.

— مەندىن سوۋۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

— سىز ياشاۋاتقان يەردىنمۇ سوۋۇپ كەتتىم.

— ئاستا - ئاستا مېھرىڭىز چۈشۈپ قالىدۇ.

— بارغانسېرى يىرگىنىۋاتىمەن.

مەھەممەت خوتۇنىنىڭ سۆزلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ چۆچۈپ كەتتى. ئەمما گەپ قىلمىدى. كىيىملىرىنى سېلىپ، ئورۇنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى - دە، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. زىبىرنىسا تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مەھەممەت زىبىرنىسانىڭ سولغۇن مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى - دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. زىبىرنىسا ئۇنىڭ بىر ھەپتىسىز كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى ئۇ ئېرىنىڭ نەچچە كۈنلەپ يوقاپ كېتىشىگە خاپىمۇ بولمايدىغان بولدى. بىراق كۈنلىرىنىڭ زېرىكىشلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىغا ئېچىناتتى. زىبىرنىسا ئاببا سلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ كېلىشنى ئويلاپ جابدۇندى. لېكىن تۇرۇپلا يالتىيىپ قالدى.

مەھەممەت زىبىرنىسانى ئېلىپ كېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئاببا س ئايالى بىلەن كەلگەنىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ زىبىرنىسانىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە، كۆزلىرىگە، ئوچۇق بىلەكلىرىگە ھەيران بولۇپ ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى زىبىرنىسا تۇيۇپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالى بىلەن مەھەممەت يوق چاغدا كېلىپ، مېھمان بولغان، زىبىرنىسانى بىر - ئىككى قېتىم ماشىنىسىغا سېلىپ ئوينىتىپمۇ كەلگەن. شۇ چاغلاردا ئۇ بىر نەرسىلەرنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى، مۈرىسىنى تۇتقان. بۇ ئەتەي قىلىنىۋاتقان ئىشلار زىبىرنىسانىڭ يادىدا ئىدى. زىبىرنىسا شۇلارنى ئويلاپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا ئىشىك چېكىلىپ، رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، ھوجرىغا قالتىس ياسانغان ئاببا س كىرىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— سالام، زىبەرنىسا خېنىم، مانا ـ مانا، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز تويۇپتىكەن ـ دە، بىر چىرايلىق ياسىنىپ تۇرۇپسىز، سىزنى زېرىكىپ قالمىسۇن، دەپ كېلىشىم، — ئاببباس قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، سۆزلەپلا كەتتى.

— بازارغا باراي، دەپ تۇرۇۋېدىم.

— ياخشى بوپتۇ، بازار ئارىلىمىتىمەن، خالىغان يەرلىرىڭىزگە ئاپىرىمەن، قېنى يۈرۈڭ.

— خانىمىڭىزنى ئەكەلمىدىڭىزمۇ؟

— بىز بار يەردە ئۇ كىمكەچ بولۇپ قالىدۇ، ئۇ سىزنى چۈشەنمەيدۇ، سىز ئۇنى، راست ئەمەسمۇ؟

زىبەرنىسا يا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشنى، يا چىقماسلىقنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى، ئاببباس ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

— يۈرۈڭ، نېمىگە تارتىنىپ تۇرۇسىز؟

زىبەرنىسا قولىنى تارتىۋالدى ـ دە، ئوڭايسىزلىنىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. هويلىغا چىقىپ، ئاببباسنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا چىقىشتى. ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. شامالدا دېرىزە پەردىلىرى لەپىلدەپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. زىبەرنىسا ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقا ئۇنىماي كەينىدە ئولتۇرغانىدى.

— زېرىكىپسىز، زىبەرنىسا خېنىم، مەن مەهەممەتتىن ئاڭلىدىم، زېرىكمەسلىكنىڭ ئامالى بار.

— هازىر زېرىكمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئاشنا تۇتۇپسىز ـ دە؟

— ئاشنا؟

— شۇنداق، قانچىنى تۇتتىڭىز؟

زىبەرنىسا ئۆگدى:

— ئاببباس ئەپەندى، خانىمىڭىزنىڭ ئاشنىسى بارمۇ؟

— بار بولۇشى مۇمكىن، مەن ئېنىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ سەيلىگە يالغۇز چىقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەهەممەتنىڭمۇ ئاشنىسى بەش ـ ئالتىگە يېتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولماي، شۇنىمۇ تېخىچە هېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ — ئۇ ماشىنىنى چەتكە تارتىپ توختاتتى ـ دە، ماشىنىدىن چۈشۈپ كەينىگە، زىبەرنىسانىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— قاراڭ، زىبەرنىسا خېنىم، — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوينىاپ كەتكەنىدى، — ئادەمدە ئىشقىي ـ هەۋەس، تەلەپ، ئارزۇ دېگەن تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، يەنى سىزدە بىرسىنى ئاشنا تۇتۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئويناش هەۋىسى قوزغىلىپ تۇرىدۇ، شۇنداق قىلىسىز. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالىسىز، مۇنداق چاغدا ئۇنى سۆيسىڭىز خۇددى قولىڭىزنى سۆيگەندەك هېسسىياتتا بولۇپ قالىسىز، بۇ ئىككىنچى بىر ئاشنىغا موهتاج بولىدىغىز دېگەن سۆز. مانا بۇ ئۆمۈرنىڭ تەلىپى، ئورۇنلۇق تەلىپى، ئۇنداق

بولمىسا ياشىشىڭ نېمە لەززىتى قالىدۇ؟ ھەي، قەدىرلىكىم، ئۆمۈرنى شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەك، بولمىسا كېيىن جەزمەن پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، — ئاببا‌س بارغانسېرى زىبىرنىساغا يېقىنلاۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، يۈزىنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ئەكەلدى، قولىنى ئۇنىڭ بويىنىغا سالدى، — شۇنداق سۆيۈملۈكۈم، ئۆمۈرنى خۇش ئۆتكۈزۈش كېرەك...

— نېرى تۇرۇڭ! — زىبىرنىسا ئۇنى ھەيدىسىدىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، — ئاۋۇ پاھىشە ئاياللار كوچىسىغا كىرسىڭىز بۇ سۆزلەرنى سۆزلەپمۇ ئاۋارە بولمايسىز، سىزنىڭ نەرىگىمىز ئادەم؟

ئۇ ماشىنىدىن چىقىپ، ئىشىكنى جالاقىدە ياپتى - دە، قەدەملىرىنى ئىلدام ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

— توختاڭ! — دېدى ئاببا‌س ماشىنىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، — بازاردىن بىر نېمە ئالماقچى دېۋىدىڭىزغۇ، مەن ئاپىرىپ قوياي.

زىبىرنىسا كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي كېتىپ باراتتى. ئاببا‌س ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ قالدى:

— ھەي، تەنتەك خېنىم، سىز تېخى ياۋايى ئىكەنسىز، ئالدىرىماڭ، تېخى مۇنداق ئىشلارنى ئارزۇلاپمۇ قالىسىز...

* * *

زېرىكەرلىك، ئازابلىق كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى. زىبىرنىسانىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا توققۇز ئاي بولاي دېدى. بۇ جەرياندا زىبىرنىسانى سەسكەندۈرگەن ئىشلار خېلىلا كۆپەيدى: قېيىن ئاتىسى ئىككى ئايال خىزمەتچى بىلەن ئەر - ئاياللاردەك يۈرەتتى. گويا ئۇ ئىككى خوتۇنلۇق ئەرنىڭ ئۆزىلا ئىدى. بۇ ئىشلارنى كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرغان زىبىرنىسالا ئەمەس، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭدا بۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچىمۇ نارازىلىق، خاپىلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. مەھەممەت يەنىلا ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، ھەپتە - ھەپتىلەپ يوقاپ كېتەتتى، ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان ھېلىقىدەك قىز ساۋاقداشلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇلار راستىنلا ئىناق ساۋاقداشلارمۇ ياكى ئاببا‌س ئېيتقاندەك ئاشنىلىرىمۇ، بۇنى بىر خۇدا بىلىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۆيدە مېھمان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. تانسا ئوينايدۇ، تانسا ئوينىغاندا، مەھەممەتنىڭ يۈزىگە يېقىپ، كۆكسىلىرىنى تىرەپ، چاپىلىشىپ ئوينايدۇ. زىبىرنىسا بۇ نېمە قىلىق دېسە، بۇ يەرنىڭ ئادىتى شۇنداق، دەيدۇ. كىنو - تىياتىرلارغا تەكلىپ قىلىپمۇ كېلىدۇ، زىبىرنىسا بارمايمەن، چۈشەنمەيدىكەنمەن، دېسە، مەھەممەت مەن بېرىپ كېلەي دەپ ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان ئىشقا بارماسلىق مەدەنىيەتسىزلىك بولارمىش. قۇرۇسۇن مۇنداق ئادەت، مەدەنىيەتلىرى!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



زىبىرنىسا مۇشۇ جەرياندا ۋەتىنىمگە قايتىپ كېتىمەن، دەپ مەھەممەتكە بىرنەچچە قېتىم دېدى. مەھەممەت بىردەم ئۇنى دەپ، بىردەم بۇنى دەپ ھازىرغىچە سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ، قېيىن ئاتىسىمۇ ئۇنىمىدى. زىبىرنىسا ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. بۇنى مەھەممەتكە ئېيتايمۇ ـ ئېيتمايمۇ، دەپ بىرنەچچە كۈن ئويلىدى. ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدى. مانا ھازىر قورسىقىدا ئىككى ئايلىق بالىسى بار. زىبىرنىسانىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئەندىشە قىلىۋاتقىنى مەھەممەت شۇنى بىلمۇالغىچە بۇ يەردىن كېتىۋېلىش. ئۇ باياشات، قولنى قاياقتا سوزسا يېتىدىغان تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولالمىدى، كۆڭلى سۇ ئىچمىدى، قوۋانمىدى، بەلكى ئۇنىڭدىن يىرگەندى. بۇ يەرگە كېلىپ بەختىمنى تاپتىم، ئەمدى ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ شېرىن، ئەڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزىمەن، دەپ ئويلىغانىدى، نەدىكى، بۇ يەردىكى كۈنلىرى بىرەر ئايدىن كېيىنلا ئۆمرىدىكى ئەڭ خاتىرجەمسىز، ئەڭ تەمسىز، بۇرۇختۇم، ئەڭ كۆڭۈلسىز ۋە ئازابلىق كۈنلەر بولۇپ قالدى. دادىسىنىڭ دېگەنلىرى راست چىقتى، كۆپنى كۆرگەن ئادەملەر چوڭقۇر ئويلايدىكەن. ھەمىشەم ئۇنىڭ يادىغا ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى دەرسلىك كىتابىدىكى مۇنۇ مىسرالار كېلىدىغان بولدى:

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئىلىمدە يايرىغاي كەيسەم كۆلاھۇ ـ جەندىمەن.

دادىسىمۇ «كىشىنىڭ يۇرتىدا خارلىنىپ، بوينۇڭنى قىسىپ قالارسەنمىكىن قىزىم» دېمىگەنمىدى...

ــ مېنى قانداق ئەكەلگەن بولسىڭىز، شۇنداق يولغا سېلىپ قويۇڭ مەھەممەت، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ــ دېدى زىبىرنىسا ئەتىگەنلىكى مەھەممەت سىرتقا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا، ــ بۇ مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم، ئەگەر ياق دېسىڭىز، مېنىڭ قانداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمنى ئويلاپ قويۇڭ.

مەھەممەت زىبىرنىسانىڭ چىرايىدا، بولۇپمۇ كۆزلىرىدە ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق ئالامەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ تۇرسىمۇ: يەنە بىر يىل تۇرۇپ بېقىڭ، راستىنلا كۆنەلمىسىڭىز، يولغا سېلىپ قوياي، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ زىبىرنىسانى قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى.

زىبىرنىسا كېتىشنىڭ ئامالىنى تاپتى: دادىسىغا، دادىسى ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە خەت يازدى. خەتتە ئۆزىنىڭ ئېزىپ، چەتئەللىك يىگىتكە تۇرمۇشقا چىقىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئېرىدىنمۇ، بۇ يەردىنمۇ سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى، كېتىمەن دېسە، ئېرى يولسىزلىق قىلىپ يول قويمايۋاتقانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز پۇقراسىغا ئىگە بولۇپ، بۇ يەردىن كېتىشىگە ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپى ئۇزۇنغا قالمايلا ھەل بولدى. زىبىرنىسا ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

3

تۇرمۇش يولى گويا باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەس ئۇزۇن كوچا، بۇ كوچىغا كىرگەن ئادەملەر ئۆزىنىڭ قەيەردىن چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەيدۇ. بۇ كوچىدىن بەزىلەر داغدام يولغا چىقىپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر تۇيۇق يولغا دۇچ كېلىپ، كەينىگە يانىدۇ ۋە ياكى يول ئىزدەپ تەمتىلەپ يۈرىدۇ. زىبىرنىسا كىرگەن كوچىسىدىن يانىدى — چەت ئەلدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى قانىتى يېشىۋېتىلگەن قۇشتەك ئەركىن ھېس قىلدى، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ يايراپ كەتتى. قىڭغىر ـ قىيسىق كوچىسى، سوقما تاملىق، ئىككى توپ ئاچچىق ئۆرۈكى بار ھويلىسى، كونا، كۆرۈمسىز ئۆيلىرى شۇنداق يېقىملىق، مېھرى ئىسسىق بىلىندى. ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ جۇدەپ، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى خۇنۇكلىشىپ قالغانىدى. قولۇم ـ قوشنىلىرى، دوست ـ يارەنلىرىگە ئۆزىنىڭ بىراقلا قايتىپ كېلىشىنى «كۆنەلمىدىم» دېدى. دادىسىغا: ئېيتقىنىڭ كەلدى، دادا، چاپىنىڭنىڭ پېشىدا ناماز ئوقۇسام بولغۇدەك، دېدى. ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى، بوۋايمۇ زىغىرلاپ سورىمىدى. دادىسى يىگىنىنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ، يەنىلا موزدۇزلۇقىنى قىلىۋاتاتتى. زىبىرنىسانىڭ دادىسىغا پات ـ پات ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ئۇ مۈكچىيىپ قالغانىدى؛ ئەجەب قىپتىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — دادام كىشلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالغاندۇ، كىم بىر چىنە تاماق ئەكىرىپ بېرەر، دەپ تەمەگەرمۇ بولۇپ قالغاندۇ... دادامغۇ: ئۆز يۇرت، ئۆز مەھەللە، ئۆز كىشلىرىمىز، سېنىڭ يوقلۇقۇڭ بىلىنمىدى، دېدى. ياق، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ، ئازابلىنىپ كەتمىسۇن، دەپ شۇنداق دەۋاتىدۇ. بىچارە دادام خېلى ئوبدانلا مۈكچىيىپ، ۋىجىكلەپ قاپتۇ...ئەمدى ئۇنداق كوچىغا ھەرگىز كىرمەسمەن. دادامنى كۈتىمەن، دۇئاسىنى ئالىمەن...

— دادا، ئەمدى موزدۇزلۇقىڭنى قويساڭ، — دېدى زىبىرنىسا بىر كۈنى تاماقتىن كېيىن،—قېرىپ قالدىڭ، نامىزىڭنى ئوقۇپ، ئۆيدە ئارام ئېلىپ يۈرىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى.

— ھەي، بالام، دېرەش تۇتقىنىمغا ئاتمىش يىلدىن ئېشىپ قالدى، كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ، ئەسۋابلىرىمنى دات بېسىپ قالسا، ئازابلانمامدىم...تىنىچ ئولتۇرالمايمەن.

— ئۇ ياقتىن ئەكەلگەن نەرسىلىرىم خېلى بار، دادا، ئىككىمىزگە بىرنەچچە يىل بەخۇدۇك يېتىدۇ.

— جاھان تېخى ئۇزۇن، ئوشۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ، ھەربىر كېرەك بولىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ.

— بازار بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى خېلى بار، بارسەن ـ كېلىسەن، كەچكىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرسەن، ئاسانمۇ...

— مېنى تىمك تۇرغۇزۇۋاتقانمۇ ئاشۇ بېرىپ ـ كېلىش، بولمىسا ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ قالاتتىم، ماڭغانىنىڭ زىيىنى يوق بالام.

www.uyghurkitap.com

بوۋاينىڭ قايغۇسى كۆپ ئىدى: زىبىرنىسانىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىنى، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بىرنەچچە ئايلىق بولۇپ قالغان بالىنىڭ غېمىنى يەيتتى. مەندىن كېيىن قالسا، ئۇ مۇشۇ قورۇدا تىكەندەك يالغۇز قانداق قىلار؟ كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ياتلىق قىلىۋالسام، بىرەر يېتىم بالا چىقسا، چېتىپ قويسام، چىرىغىمنى يېقىپ قالسا ياخشى بولماسمىدى. مەنمۇ خاتىرجەم كۆزۈمنى يۇماتتىم. ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا يەتمىكىگۇ تەس بولىدىكەن، لېكىن خۇدايىم بىزنىڭ مۇشۇ ھالىمىزنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇر...

زىبىرنىسا قورسىقىدىكى بالا ھەر قېتىم مىدىرلىسا، ئۇنتۇشقا باشلىغان چەت ئەلدىكى تۇرمۇشىنى ئويلاپ قالىدىغان بولدى. خۇددى جەننەتتەك ھويلا، ھەيۋەتلىك ئىمارەت، شاھلارنىڭكىدەك ۋاللىداپ، چاقناپ تۇرغان ئۆيلەر، قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان خىزمەتچىلەر، سىلىق مۇئامىلىلىك ئادەملەر، مەھەممەتنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىشلىرى...قېرىغىنىنى تۇيمىغان قېيىن ئاتىسى، پاھىشە ئاياللار كوچىسى، كوچىدا يالىڭاچ دېگۇدەك يۈرگەن قىزلار، ئېرىنىڭ ماشىنىسىدا ئوينايدىغان ۋە ئۆيگەتەپ تارتماي كېلىپ ئېرىنى كىنو ـ تىياتىرلارغا بارىمىز، دەپ ئەكېتىدىغان، سەيلىلەرگە چىقىپ كېتىدىغان پاخما باش قىزلار ھەم ئاببىاس كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، پۈتۈن بەدەنلىرى سەسكىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بايلىقى مەشەدە بولغان بولسا، ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك، باياشات تۇرمۇشىنى مەشەدە ئۆتكۆزگەن بولسام، قايغۇ، ئازاب، ھەسرەتلەرگە قالمىغان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! ئېسىت...— ئارمان بىلەن ئويلاپ قالاتتى ئۇ بەزىدە، — كىشى ئۆمرىدە خۇشالمۇ بولىدىكەن، قايغۇ ـ ئازابقىمۇ قالىدىكەن، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە نېمانچىلا يېقىندۇ، قايغۇ ـ ئازابسىز خۇشاللىق ئىچىدىلا ياشىغىلى بولماسمۇ؟

بەزىدە خۇشاللىق، بەزىدە قايغۇ ۋە بەزىدە شېرىن ئارمانلارنى ئاتا قىلىپ كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈۋەردى. قورساقتىكى بالىمۇ چوڭىيىۋەردى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئاي كۈنى توشۇپ تۇغۇلدى. بالا ئوغۇل ئىدى. ئىسمىنى ئەلىيار قويۇشتى. شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز بۇ ئائىلىگە بىر ئەمەك تېپىلدى. بوۋاي ئەتىگەندە كەتسە، كەچتە بىراقلا كېلەتتى. زىبىرنىسانىڭ ئەمدى قولى بوشىماس بولدى، قوشنا ئاياللار بىلەنمۇ پاراڭلىشىش، مۇڭدىشىش كېمەيدى. بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداش، ئېمىتىش، بۆلەش، يېشۈۋېلىش ئىشلىرى بىلەن كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنى بىلمەيدىغان بولدى. بالا چوڭ بولغانسېرى قىلىقلىرى چىقىپ گۈگراپ ـ كۈلۈپ، ئائىلىدە دائىمىي خۇشاللىق پەيدا بولدى. بوۋايمۇ ئىشقا ماڭغۇچە ئىشتىن كېلىپ تاكى ياتقىچە ئۇنى ئەركىلىتىش، ئويىنتىش بىلەن بولىدىغان بولدى.

بالا ئالتە ـ يەتتە ئايلىق بولۇپ تولۇشقا باشلىغاندا، زىبىرنىسامۇ تولۇپ، ھۆسنىگە كېلىشكە — يۈزىدىكى سېرىقلىقنى قىزىللىق، كۆزىدىكى خىرەلىكنى نۇر، چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى جىلۋىدار تەبەسسۇم ئىگىلەشكە باشلىدى. ئۇ تۇرمۇشىدا بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ، ئۇنى تولدۇرۇشقا، ياشلىقنىڭ تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلىرىنى سېغىنىشقا ئۆتتى. ئىشق ھەۋەس، يۈرەكنى تېپچەكلىتىۋاتقان تەلەپلەر كىشىنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسىز، ئۇ ياسىنىپ ـ تارىنىپ، ئوغلىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، پات ـ پات كوچىغا چىقىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم كۆكتات ئەكىلىمەن،

چاي ـ تۇز ئالىمەن، دەپ چىقاتتى. كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ ئالاتتى، كوچىمۇ ئايلىناتتى، بازار ـ رەستىلەرگىمۇ باراتتى. ئۆيدىلا ئولتۇرسام مېنى كىم كۆرەتتى، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

شۇ كۈنلەردە زىبىرنىسا ئۆزىنى بىر يىگىتنىڭ ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى. كەينىگە چۈشكەن يىگىتكە ئۇ ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. بارا ـ بارا ئۇنى بازارغا چىقسىلا كۆرىدىغان بولدى. مەيلى كۆكتات ئېلىشۋاتقان، مەيلى ماگىزىنغا كىرىپ بىر نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتقان ۋە مەيلى كوچىدا كېتىپ بارغان چاغلىرىدا بولمىسۇن، ئۇنى ئۇچرىتىپ قالاتتى، ھەتتا ئۇ بىر قېتىم زىبىرنىسانىڭ ئۆيىگىچە كەينىدىن ئەگىشىپ كەلدى. بۇ كىمدۇ، ــ ئويلىدى زىبىرنىسا، ــ بىرەر ئىدارىدە خىزمەت قىلغۇچى بولسا، قاچانلا بولسا كوچىدا ئۇنداق يۈرۈپ كەتمەس ئىدى، سودىگەرمىدۇ ياكى پەردازخور بىكار تەلەپ بىرنېمىمىدۇ. بىراق تېگىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئۇقماي بولمايدۇ ـ دە... ۋاي خۇدايىم، مۇشۇنداق جاپالىق تۇرمۇشتا ياشاۋېرەمدىم، قول ئىلكىدە بار نەرسە بولسا، مەيلى دېمەمدىم، مېنى بىكارغا ئەگىشىپ يۈرمەس...

زىبىرنىسا ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى: ئۇ سودىگەر ئىكەن. سودىگەر بولغاندىمۇ باي سودىگەر بولۇپ، ئىسمى ئاۋۇت ئىكەن. پۇل تېپىشتا شۇنداق يۈرەكلىك، قورقۇمسىز بۇ يىگىت ئىشقى ــ مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىشتا تولىمۇ جۈرئەتسىز ئىدى. زىبىرنىسا ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى شۇنچىلىك كۈتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېغىز ئاچالمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى. ئۇ قاچانكى كوچىغا چىقسا، بۈگۈنغۇ گەپ قىلار، دەپ ئويلايتتى، ئەمما يەنە قۇرۇق ياناتتى. ئاخىرى كۈتكەن ئىش بولدى: بىر كۈنى زىبىرنىسا بازاردىن كۆكتات ئېلىپ قايتتى. ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ كەينىگە يەنە چۈشتى. ئارىلىق قىسقىراۋاتاتتى. زىبىرنىسا ئەتەيگە ئاستا ماڭدى. زىبىرنىسانىڭ كەينىگە قاراپ ـ قاراپ ئاستا مېڭىشى يىگىتكە جۈرئەت، ئۈمىد ئاتا قىلدى ـ دە، ئۇ يانداپ كېلىپ ئالدىنى توستى. زىبىرنىسا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى:

ــ نېمانداق سايەمدەك ئەگىشىپلا يۈرىسىز، مېنى بىرسىگە ئوخشىتىۋاتامسىز ـ يا؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ ياق... سىز بىلەن تونۇشاي دەپ...

ــ ھە، مەن بىلەن تونۇشاي دەمسىز؟

ــ خالىسىڭىز دوستلىشاي دەيمەن.

زىبىرنىسا سۈس كۈلۈمسىرىدى، ئۇڭ مەڭزىدىكى زىنىقى بىلىنىپ، باشقىچىلا چىرايلىق كۆرۈندى.

ــ مەن كىچىك بالا ئەمەس، مېنى قىزمىكىن، دەپ قالماڭ، بىر ئوغلۇم بار.

ــ بەش ئوغلىڭىز بولسىمۇ مەيلى.

زىبىرنىسا كۈلۈپ كەتتى:

ــ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بىلمەن، ھەممىنى بىلمەن. تۇرمۇشىڭىزنى، بوۋىڭىزنى، بىر تال ئوغلىڭىزنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەن.

— بىراق مەن سىزنى بىلمەيمەن ـ دە. دوستلىشىش بىر ـ بىرىنى ياخشى چۈشىنىشتىن پەيدا بولىدۇ ـ دە.

— شۇنداق، ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي: مېنىمۇ سىز ياش يىگىتمىكىن دەپ قالماڭ، مەنمۇ بىر ئۆيلەنگەن، ئېتىم ئاۋۇت، سودىگەرچىلىك قىلىمەن. ئاۋۇ دوقمۇشتىن قايرىلغاندىكى بىرىنچى دۇكان مېنىڭ، ئۈرۈمچىدە ئىككى دۇكىنىم بار، ئۆزۈم ئىچكىرىدىن مال يۆتكەش بىلەن شۇغۇللىنىمەن. سىزنى ئۇزۇندىن بېرى كۆزەتتىم، تونۇشاي، دوستلىشاي، دەپ ئىچكىرىگىمۇ كىرەلمىدىم، بولمىسا ئىككى قېتىم كىرىپ ـ چىقىدىغان ۋاقتىم بولدى.

— قوغۇنلۇقنىڭ يولى قىلىۋاپسىز ـ دە؟

— ئۇقەت شۇنداق قىلغۇزىدىكەن، پۇل جىم تۇرغۇزمايدىكەن.

زىبىرنىسا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر سەممىيلىكنى سەزدى.

— دوست بولساق بولايلى، ئەمما مەن ئۆيلىنىشاي.

— قاچانغىچە ئۆيلىنىشارسىز؟

— قىزىقكەنسىز، دۇكىنىڭىزدىكى مال ئەمەس بۇ بىر دەمدىلا پۈتۈشىدىغان، ئوبدانراق ئويلاشماي بولمايدۇ ـ دە.

ئاۋۇت ئوڭايسىزلىنىپ پەسكە قارىدى.

— ئەمىسە قاچان كۆرۈشىمىز؟

— ئالدىرىماڭ، ـ زىبىرنىسا شۇنداق دېدى ـ دە، ئاۋۇتقا يىللىق بىر قاراپ قويۇپ، ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

ئاۋۇت قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇ زىبىرنىسانىڭ كەينىگە بىر قايرىلىشىنى شۇنچە كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قايرىلىپمۇ قويمىدى ۋە بىر ـ دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى.

زىبىرنىسا قىز تەگكەن ئېرى بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمدى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان ئاۋۇتنى چوڭقۇرراق بىلىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. بولمىسا پېشانىسىدىكى داغ كۆپىيەتتى. ئۇ ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەزگىلسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىر سىڭلىسىنى ياتلىق قىلىۋەتكەنلىكىنى، بىر ئىنىسىنىڭ ئۆز دۇكىنىغا قارايدىغانلىقىنى، يەنە بىر ئىنىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋېدىغانلىقىنى؛ ئاۋۇتنىڭ ئىككى ئۆيلەنگەنلىكىنى، بىرىنچىسىنى ئەپقېچىپ ئالغانلىقىنى، بىراق ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسى بار بولۇپ، ئۇلار كېلىن بىلەن چىقىشالمىغاچقا، شۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇنى قويۇۋەتكەنلىكىنى، ئىككىنچى ئالغان ئايالىنىڭ كۆنچىلىكى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەنمۇ بولۇشالماي، ئۇنىمۇ قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى. زىبىرنىساغا ئۇنىڭ ھەممە كەرپى ياقتى، بولۇپمۇ بايلىقى، باياشات تۇرمۇشىنى ئۆز يۇرتىدا باشلايدىغانلىقى

كۆڭلىنى خۇش قىلدى. بىراق بىر سوئال تۇغۇلۇپ قالدى: ئىككىنچى ئايالى نېمىشقا كۈنچىلىك قىلدى؟ ئاۋۇتتا تالاغا قارايدىغان ئىش بولمىسا، ئۇ ئۇنچىۋالا كۈنلەپ كەتمەس بولغىيتتى؟! مۇشۇ سوئال ئۇنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. كۆپ ئويلاشلاردىن كېيىن، كىشلەرنىڭ: كۈنچىلىك دېگەن بىر كېسەل، ياخشى ئەرنىمۇ كۈنچىلىك بۇزىدۇ، كۈنچىلىكى قاتتىق ئايالنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتمىگۈچە كۆڭلى خاتىرجەم بولمايدۇ، دېگەن سۆزلىرى ھەممە ئەندىشىلەردىن ئۈستۈن كەلدى ـ دە، ئاۋۇتقا ماقۇل جاۋابىنى بېرىۋەتتى. ئۆيىگە ئەلچى كىرگەندە، زىبىرنىسانىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ بايلىقىدىن كۆرە، يېتىم ئوغۇللۇقىغا قىزىقتى. شۇنداق قىلىپ، زىبىرنىسا ياتلىق قىلىنىپ، ئون ئايلىق بالىسىنى ئېلىپ ئاۋۇتنىڭ قورۇسىغا چۈشتى.

ئاۋۇت پۇل تاپقاندىن كېيىن، بەش ئېغىزلىق، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، پېشايۋانلىق ئۆي سالغاندى. ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزىدا ئىككى ئىنىسى، ئۈچ ئېغىزىدا ئۆزلىرى ئولتۇردى. يىپيېڭى ئۆيلەر، مول يېمەك ـ ئىچمەك، ئېسىل كىيىم ـ كېچەك زىبىرنىسانىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ يايرىتىۋەتتى. ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەندەك بۇ كىيىم ـ كېچەكلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ چاقنىتىۋەتتى. ئاۋۇتنىڭ ئىككى ئىنىسىمۇ بۇ مېھرىبان، ئىشچان ھەدىسىدىن رازى بولۇشقا باشلىدى. بەزىدە بازاردىن تاماق يەپ، بەزىدە ئۆزلىرى ئېتىپ يەپ، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشنى بىر ـ بىرىگە بەس سالىدىغان ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ، سەھەر قوپسا ئوخشىغان ئەتكەن چېيى، چۈشتە، كەچتە كەلسە تامىقى تەييار بولدى. ئۇلار بۇرۇنقى كېلىنىنىڭ چىنىنى چىنىغا ئۇرىدىغان، تەنلىك گەپلەرنى ياندۇرۇپ تۇرىدىغان قىلىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن. بۇ كېلىنىدىن بولسا سىلىق مۇئامىلە، ئىززەت ۋە مېھرىبانلىقلارنى كۆرۈۋاتىدۇ، كىر ـ قاتلىرى يۇيۇلۇپ، دەزمال سېلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئاۋۇتمۇ ئۇنىڭدىن رازى، ئىنىلىرى ئۇنىڭدىن ئارتۇق رازى. زىبىرنىسانىڭ دادىسى يالغۇز قالغاندى. بىراق ئۇ يالغۇزلۇق تارتقىنى يوق. زىبىرنىسا ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتى، ياكى بېرىپ ئېتىپ بېرەتتى. بوۋاي قىزىنىڭ تۇرمۇشىدىن خاتىرجەم ئىدى. قىزىنىڭ چىرايىدىكى خۇش خۇيلۇق كۆزلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان كۈلكىسىدىن ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلغاندى. قولۇم ـ قوشنىلىرىمۇ زىبىرنىسانىڭ ئەمدى بەختى ئېچىلدى، دېيىشمەكتە ئىدى.

ئاۋۇت بىر ئاي ئۆيدە تۇرسا، ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۈرۈمچىدە، ئىچكىرىدە، كۆپىنچە گۇاڭجۇدا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ ئورۇندىكى دۇكانلىرىغا مال يەتكۈزۈپ بېرەتتى ياكى توپ ئالغان ماللىرىنى توپ پېتى باشقا سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق سودا قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك يولى بار ئىدىكى، غۇلجىدىن بىر كۈندىلا گۇاڭجۇغا بارالايتتى.

— مېنى ئىچكىرىلەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلمەمسىز؟ — دېدى زىبىرنىسا بىر كۈنى ئاۋۇتقا.

— ئىچكىرىگە بارغىڭىز بارمۇ؟

— شۇنداق كۆرگۈم بار.

www.uyghurkitap.com

— كۆرگۈڭىز بولسا، بولدۇ، ئويىنىتىپ كېلەي. بىراق بالىنى قانداق قىلىمىز؟

— دادامغا ئاپىرىپ بېرىمىز.

— قىينىلىپ قالار؟

— دادام ئۆزى قىينىلىپ قالدۇ. بىر قىز تاپىمىز، ئۇ بىز كەلگىچە دادامىغىمۇ، بالىغىمۇ قارايدۇ.

— بولدۇ ئەمىسە، تەييارلىق قىلىڭ.

بىر ھەپتىلىك تەييارلىقتىن كېيىن ئىككىسى بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى. بېيجىڭغا بېرىپ بىر مېھمانخانىغا چۈشتى - دە، بىر كۈن دەم ئېلىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ساياھەت باشلاندى.

— ياھۇي... ئېمىدېگەن كەڭ كوچا بۇ، — زىبىرنىسا ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، — بۇ كوچىنىڭ ئۇچى نەدىدۇ؟

— بۇنى چاڭئەن كوچىسى دەيدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئون يەتتە كىلومېتىر.

ئۇلار ۋاڭ فۇجىن كوچىسىغا كىردى. كوچىنىڭ ئېغىزىدىكى «جۇڭگو رەسىمخانىسى» دا رەسىمگە چۈشتى. ئۆردەك كاۋىپى ئاشخانىسىغا كىرىپ غىزالاندى. يىخېيۈەن باغچىسىنى ئارىلىدى. زىبىرنىسا باغچىدىكى كۆلگە، كۆلدە چۆمۈلۈۋاتقان قىز - يىگىتلەرگە، چىرايلىق تاغ مەنزىرىسى، تاغ قاپتاللىرىدىكى قارىغايلارغا قاراپ ھەيران قالدى.

— بۇ ئەزەلدىن بار تاغ ئەمەس، مۇشۇ كۆلنىڭ توپىسىدا بىنا قىلىنغان، ئادەملەر قولى بىلەن ياسىغان تاغ، — دېدى ئاۋۇت. زىبىرنىسانىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

— يۈرۈڭ، قولۋاقتا ئوينىتاي!

— قورقىمەن.

— قورقىسىڭىز تاماشىدىن قۇرۇق قالىسىز.

ئىككىسى ماتورلۇق قولۋاققا چۈشۈپ ئوينىدى. خان سارىيىغا كىردى، ھايۋاناتلار باغچىسىغا باردى. ئۈچ كۈنگىچە بېيجىڭنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك، تالاھىدىلىكىبار ئورۇنلىرىنى ئارىلاپ تاماشا قىلدى. تۆتىنچى كۈنى پويىز بىلەن تيەنجىنگە باردى. تيەنجىندىن پاراخوت بىلەن سېرىق دېڭىز ئارقىلىق شاڭخەيگە باردى. دېڭىزدىكى سەپەرنىڭ قىزىقارلىق يېرى كۈننىڭ سۇدىن چىقىپ، سۇغا ئولتۇرغانلىقى ۋە بېلىقلار توپىنىڭ ئۇچرىغانلىقى بولدى. ئۇلار گۇاڭجۇدا بىر ھەپتە تۇردى. زىبىرنىسا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئېرىنىڭ بىرنەچچە سودىگەرلەرنى باشقۇرىدىغان، نەچچە ئادەم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇياق - بۇياققا چاپىدىغان، سۆزى ئۆتكۈر كاتتا سودىگەر ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇلار ئۇزاقراق تۇرۇش ئۈچۈن داليەنگە كەلدى. مانا ئىككىسىنىڭ داليەنگە كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولدى. ئۇلار دېڭىز بويىدىكى كاتتا مېھمانخانىغا چۈشكەنىدى. زىبىرنىسانىڭ كۆڭلىگە ھەممىدىنمۇ بۇ يەر ياقتى. دېرىزىدىن دېڭىزكۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ، ئادەم شالاڭ، ھاۋالىق يەر بولۇپ «لاۋخۇتيەن» سەيلىگاھىنى تاماشا قىلىش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

ئىككىسى ھەر كۈنى دېڭىز بويىغا بارىدۇ، ئاۋۇت سۇغا چۆمۈلىدۇ، مىڭلىغان ئۆزگۈچىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. زىبىرنىسا سۇدىن قورقىمەن، دەپ قىرغاقتا قاراپ تۇرىدۇ. ئاۋۇت سۇدىن چىققاندىن كېيىن، ئىككىسى تىلىنى قورۇيدىغان تەمى ئۆزگىچە، پۇراقلىق ئۇسسۇزلۇقلارنى ئىچىدۇ، تاغ باغرىدىكى دەل-دەرەخلەر ئارىسىغا ئورنىتىلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ دەم ئالىدۇ، چۈشلۈكى تۈگىگانلار ساتىدىغان كالا گۆشى، پىچىنە، تاتلىق سۇلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئادەتكە ئايلانغان ئىش ئىدى.

— بۈگۈن ئۆزىڭىز بېرىپ كېلىڭ، — دېدى ئاۋۇت زىبىرنىساغا، — ماڭا بىرسى مىڭ دانە كوفتا ئېلىپ بەرمەكچى، شۇ يەرگە بارىمەن.

— بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىڭىز بېرىڭ، مەن سىزنى كۈندىكى يەردە ساقلايمەن.

— ماقۇل.

زىبىرنىسا سەككىزىنچى قەۋەتتىكى ياتاقتىن چۈشتى-دە، دېڭىز بويىغا باردى. ھەر كۈندىكىدەك ئاۋات، ۋاڭ-چۇڭلۇق قىرغاق. بۈگۈن ئۇيغۇرلاردىنمۇ يەتتە-سەككىزى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. زىبىرنىسا ئۇششاق تاشلارنى سۇغا ئېتىپ بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، بىر بوتۇلكا ئۇسسۇزلۇق ئىچتى-دە، دەرەخزارلىق ئىچىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىگە قالتىس ياراشقان ئاق شىلەپىسىنى ئېلىپ، قول ياغلىقى بىلەن يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئېرتىپ ئولتۇراتتى. بىركەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا بىرسى ئېگىز بويلۇق، ئاق كۆڭلەكلىك، قاملاشقان، يەنە بىرسى ئوتتۇرا بويلۇق، چاقماق كۆڭلەكلىك، پاناق بۇرۇنلۇق ئىككى يىگىت پەيدا بولدى.

— جۇرۇڭ، بىللە سەيلى قىلايلى، — دېدى ئېگىز بويلۇقى زىبىرنىساغا مەنىلىك قاراپ.

— رەھمەت.

— رەھمەت دېمەڭ، يالغۇز زېرىكىپ قالىسىز، ئۆزىڭىزمۇ زېرىكىپ قالغانسىز، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇقى كۈلۈپ.

— زېرىككىنىم يوق.

— يۈرۈڭا، ئوينىتىپ كېلىمىز، — ئۇلار زىبىرنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، زىبىرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇلارغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— قايسىڭلار بىلەن ئوينايمەن، ئىككىڭلار بىلەن تەڭ ئوينامدىم!

ئىككىسى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ بىر-بىرىگە قاراشتى، ئېگىز بويلۇقى ئوتتۇرا بويلۇقىغا: ماڭا نېمە ئەگىشىۋالىسەن، يوقال! دېدى. زىبىرنىسا قەدەملىرىنى ئىلدام-ئىلدام ئېلىپ پەسلەپ دېڭىز بويىغا كەتتى ۋە كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ، دېڭىزغا قاراپ تۇردى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدىن بىردەم ئۇياققا ئۆتۈپ، بىر دەم بۇياققا ئۆتۈپ، يېنىغا كېلىپ توختاپ سۆركىلىشكە باشلىدى. نېمانداق بىزەڭ نېمىلەردۇ بۇ، — دەپ ئويلىدى زىبىرنىسا جىلە بولۇپ، — ئارام بەرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، بىرسى ئىككى بوتۇلكا

ئۇسسۇزلۇق ئىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— ئۇسسىغانسىز، ئىچىڭ.

— رەھمەت، ھازىر ئىچتىم.

— ئىچىڭ، ئۇشۇقلۇق قىلمايدۇ، — ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

— ئارام بېرەمسىلەر ـ يوق، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، — مەيلى يوق ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالساڭلار، نەپرەتكە قالامسىلەر؟ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر!

— سەكرەپ كەتمەڭ، بىز بىلەن بىردەملا بىللە بولسىڭىز، مەيلىڭىز چۈشۈپ قالىدۇ.

زىبىرنىسا بۈگۈنكى يالغۇز سەيلىدىن كەچتى ـ دە، ياتاققا قايتتى: تۇۋا، ئەجەب بىزەڭ يىگىتلەر ئىكەنا... دەندەپ قالغان ـ دە، ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ ئەگەشكەنلەر بولغان ـ دە، يالغۇز ئولتۇرغىنىمغا قاراپ مېنىمۇ شۇنداقلاردىنمىكىن، دەپ ئويلىغاندۇ... ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن مېھمانخانىغا كېلىپ قالدى. پەلەمپەيلەرنى ئالدىرىماي بېسىپ، سەككىزىنچى قەۋەتكە چىقتى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە سۇس گۈدۈڭلىگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى. راستىنلا ياتاق ئىچىدىن ئىڭىرىغاندەك ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ئاۋۇت قايتىپ كېلىپ، بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا كېرەك، دەپ ئويلىغان زىبىرنىسا ئىشىكنى چەكتى. ئاۋاز بېسىقتى، ئەمما ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇ يەنە چەكتى، ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى. ياتاققا ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ قىياس قىلغان زىبىرنىسا كۆتەكۈچىلەرنى چاقىراي، دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكنى ئاۋۇت ئاچقانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوڭايسىزلىنىش، ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— نېمانچىلا ئاچماي كېتىمسىز؟

— مەن ئاچاي، دەپ... كەلگىچە... سىز...



— كىكەچلەپلا كەتتىڭىزغۇ، — زىبەرنىسا ئۇنىڭ ئالاقزادىلىك بىلەن پىلدىرلاۋاتقان كۆزىگە قادىلىپ قارىدى. ئاۋۇت ئايالغا تىك قارىيالمايتتى. زىبەرنىسا ياتاقنىڭ ئىچىگە كىردى-دە، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. كارىۋاتتا چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆڭلىكى قاتلىنىپ پۇرلاشقان، مەڭزىلىرىگە قىزىل ئىزلار چۈشكەن بىر خەنزۇ قىزى ئولتۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا ئەندىشە، قورقۇشتىن بىرەر بەلگىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ھە، ئىش مۇنداقمىدى، — جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن زىبەرنىسانىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ كەتكەنىدى، — كۆرۈدىغان كوفتىڭىز مۇشۇكەن-دە!

ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرغان قىزنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. ئۇ يەنە بىرنى ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئاۋۇت ئىتتىك كېلىپ قولىنى تۇتۇۋالدى. قىز ھېچنېمە بولمىغاندەك، ئۆز ئىچىدە بىر نېمىلەرنى غۇدۇڭشۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ھوي، رەسۋالار! بۇزۇقلار!

زىبەرنىسا ئاۋۇتنىڭ قولىدىن بوشىنىپ، ئۇنىڭ كاچىتىغىمۇ بىرنى سالدى.

— مېنىڭدىن ئۇنىڭ نەرى ئارتۇقكەن!

كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەن ئاۋۇت يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— مېنى بۇ يەرگە دەپسەندە قىلغىلى ئەكەلگەنىدىڭىز-ھە، سىزمۇ مۇشۇنداق بۇزۇقمىدىڭىز، ئاشۇ كوچىدا قالغان رەسۋانى مەندىن ئارتۇق كۆردىڭىزما؟ سىزمۇ مۇشۇنچىلىك پەس ئادەممىدىڭىز!

— نېمە بولغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، — ئاۋۇت ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپمۇ قىلالمايتتى، تىترەيتتى، زىبەرنىسا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىشلەيتتى. بۇزۇقتىن بۇزۇققا سېلىپ تىللايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى، غەزەپ-نەپرەت پۈتۈن بەدەنلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھېلى ئېرىنىڭ ياقىسىدىن ئالسا، ھېلى قويۇۋېتىپ، ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى. ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— كوچىدا ئۇچراپ قېلىپ، ئەرلىك غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىۋىدى، قانداق قارا باستى، ياتاققا باشلاپ كەپتىمەن.

— يالغان! پۈتۈنلەي يالغان! سىز ئالدىن كېلىشىۋالغان ئىش بۇ، كوفتا كۆرۈپ كېلىمەن، دەپ مېنى يولغا سېلىۋېتىپ باشلاپ كەلگەنسىز.

— ئەزبىرايى خۇدا...

— بۇزۇق ئادەمدە ئىمان بولامدۇ. مېنى ئالدىنامدىكىن دەمسىز. خەپ، ئۆيگىمۇ بارارسىز، بۇزۇقلۇقىڭىزنى تۇققانلىرىڭىزغا، ئىنىلىرىڭىزغا يېيىۋەتمەيدىغان بولسام...

— بولدى قىلىڭ ئەمدى، توۋا قىلغان ئادەمنى خۇدامۇ كەچۈرۈۋېتىدىغۇ.

— سىزنى كەچۈرگىلى بولامدۇ، مەن يېنىڭىزدا تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئەسكىلىكلەر بۇ، مەن يوق چاغلاردا مۇنداق رەسۋاچىلىقلار كۆرمىڭ ئىكەن-دە...

— بىر بولۇپ قالدى، مېنى قارا باستى، يېڭىلمەس ئاللا...

— بۇرۇنقى ئايالىڭىزنىڭ سىزنى كۈنلىگىنى توغرا ئىكەن، شامال چىقمىسا، دەرەخ

لىكشمايدۇ. مەن سىزدەك ناپاك ئادەم بىلەن ئۆي تۇتالمايمەن. مىللەت ئايرىماي شۇن- داق قىلغىنىڭىزغا قارىغاندا، سىز ئۇچىغا چىققىنى ئىكەنسىز. بولدى، ئەمدى...

ئاۋۇت ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، زىبىرنىسادىن ئەنسىرەپمۇ قالدى. ئۇ راستىنلا ئاجرىشىپ كېتەرمۇ ياكى بېسىلىپ قالارمۇ؟ ئەگەر بۇمۇ تاشلاپ كەتسە، ئۇ ئۇچىنچى ئايالىدىنمۇ ئاجراشقان بولىدۇ. كىشىلەر نېمە دەيدۇ، سىڭىل ـ ئىنىلىرى قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ زىبىرنىسا ئۇنىڭ تۇغقانلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئالدىدا يۈز تاپقان ئەمەسمىدى، شۇنداق بولسا، بۇرۇنقى ئايالى كۆنچى ئىكەن، دېگەن گەپمۇ يالغان بولۇپ چىقمامدۇ...

ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن دالىيەندىن قايتتى. ئۆيدىن چىققاندا، شۇنداق- خۇشال ـ خورام چىقىشقانىدى، قايتىپ كەلگەندە ھويلىغا باشلىرىنى سېلىپ، بىرى غەزەپتە، بىرى ئەندىشىدە كىرىپ كېلىشتى. كۆڭۈللۈك سەيلە ـ ساياھەتكە ئاشقا چىم- ۋىن چۈشكەندەك، كۆڭۈلسىزلىك ئارىلاشقانلىقىدىن زىبىرنىسا قاتتىق ئەپسۇسلانغانىدى. ياخشى سۆز نېمىنى ئېرىتمەيدۇ دەيسىز، ئاۋۇتنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى، ئىچكەن قەسەملىرى، تەسىرلىك سۆزلىرى زىبىرنىسانى ئاخىرى ئېرىتتى: بوپتۇلا، ــ دەپ ئويد- لىدى ئۇ، ــ بىر خاتالاشتى، ئەمدى ئىككىنچى خاتالاشماس. شۇنچە يالۋۇردى، يېلىندى، بولدى قىلاي، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەندۇ... بۇنىڭدىن چىقسام ئىككىدىن چىقىمەن. بىلگىنى بىر نېمە دەر، بىلمىگىنى نېمە دەر، سىڭىل ـ ئىنىلىرىمۇ شۇنداق ياخشىغۇ، ئۆيۈمنى تۇتاي.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يارىشىپ قېلىشتى.

4

زىبىرنىسا چىرايلىق بىر قىز تۇغدى. ئاۋۇت قىزىنىڭ قىرقى توشقىچە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئىچكىرىدىگە كەتتى. زىبىرنىسا تۇغۇتىدا ياخشى كۈتۈلگەن- لىكى ئۈچۈن تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ھېچكىم ئۇنى ئوتتۇز بىرلەرگە كىرىپ قالغان ئايال دېمەيتتى، بەئەينى يىگىرمە بىر ـ يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى قىزلاردەك چىرايىدىن نازۇك، گۈزەللىكى، ھەرىكىتىدىن چاققان ـ تېتىكلىكى ۋە پۈتۈن كۆرۈنۈشىدىن بىجى- رىم، جىلۋىدارلىقى چاقناپ تۇراتتى. ئېرى كېتىپ ئىككى ئايدىن كېيىن بىر پارچە خەت كەلگەنىدى. خەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ گۋاڭجۇدا ناھايىتى ئالدىراش يۈرۈۋاتقانلىقى، قىزىنى سېغىنغانلىقىنى يازغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى ئاي ئۆتتى، قىزىمۇ ئالتە ئايلىق بولاي دەپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، خېتىمۇ يوق، قىزى يەتتىنچى ئايغا قەدەم قويغاندا، زىبىرنىساغا قىشلىق توقۇلما كۆڭلەك، قىزىغا ساپ يۇڭدىن ئىشلەنگەن پوپايكا ـ ئىشتان، مىڭ سوم پۇل كەلدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى يەتمەي تۇرۇپلا ئاۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئىككى بالا بىلەن ئاۋات، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئائىلە بولۇپ قالغانىدى. ئاۋۇت قىزىنى كۆتۈرۈپ، ئوينىتىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئون كۈن تۇردى ـ دە، يەنە كېتىپ قالدى.

زىبەرنىسا ئۆز تۇرمۇشى، بەختىدىن رازى ئىدى. يېمەك-ئىچمىكى تەل، كىيىم-كېچىكى تولۇق، ئۆيي جاھازلىرى رەڭدار ئىدى. دادىسىغا خالىغىنىچە قارىيالايتتى، بەردىڭ، يوقاتتىڭ دېگەن گەپلەرمۇ، ئۇنىڭ قەدىمىگە سەپسېلىپ، ئىشىدىن قۇسۇر تاپىدىغان ئادەملەرمۇ يوق. ئاۋۇتنىڭ ئىنىلىرىمۇ دېدىل، ئايىغى ئىتتىك باللار ئىدى. ھازىرغىچە زىبەرنىسانى رەنجىتىدىغان بىرەر ئىش ئۆتكۈزگىنى يوق. ۋاي ھەدە دەپ تۇراتتى. نېمە ئىش قىلسا، سوراپ قىلاتتى، بۇيرۇغان ئىشلىرىنى دەرھال ئورۇندايتتى. كىچىك ئىنىسى زىبەرنىسانىڭ دادىسىغا تاماقمۇ توشۇيتتى، تېخى بوۋاينىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپمۇ بېرەتتى. زىبەرنىسامۇ ئۇلارنىڭ ئاش-تامىقىنى ۋاقتىدا قىلىپ بېرىپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كىر قىلمايتتى، ئۇلارغا خۇددى ئۆز ھەدىسىدەك كۆيۈنۈپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتەتتى. ئاياللار مۇشۇنچىلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولسا، ئەلۋەتتە بەختىم ئېچىلدى، دەپ قارايدۇ-دە.

بىر كۈنى زىبەرنىسا بازارغا چىقتى، ئۇ يېمەك ماللار دۇكىنىدىن قاراچاي ئېلىۋاتقاندا، يان تەرەپتە بىرسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ ئۇياققا بۇرۇلۇپ قارىدى. بايقىغىنى توغرا چىققانىدى. يېشى ئوتتۇزلاردا بار، قارا قاشلىق، كۆزى ئىتتىك بىرسى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. زىبەرنىسانىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئۇرۇپ كەتتى-دە، دۇكاندىن تېزلا چىقىپ كەتتى. ئازراق مېڭىپ كەينىگە قارىغاندى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كۆردى-دە، ئۆزىنى جىملىدى. نېمىشقا كەينىمگە قارىغاندىمەن، ئۇ ئۈمىدلىنىپ قالغاندۇ. ئەمدى كەينىمگە چۈشۈۋېلىپ، ئاۋارە قىلارمۇ؟ راست دېگەندەك ئۇ زىبەرنىسانىڭ كەينىگە چۈشۈپ ماڭدى. ئەمما زىبەرنىسا كەينىگە قارىمىغاچقا، ئۇنىڭ قەيەرگىچە ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدى. ھەتتا ئۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىمۇ، قايرىلىپ قويماي قورۇسىغا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، زىبەرنىسا قاچان بازارغا چىقسا، ئۇنى كۆرىدىغان بولدى. يىراقتىن كۆرەتتى-دە، يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارىپمۇ قويماي، ئالدىدا بىرسى تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىگەندەك ئۆتۈپ كېتەتتى. زىبەرنىسا قەيەرگە بارسا، ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولاتتى. مېنىڭ مۇشۇ چىرايىمغۇ ئاشۇلارنى جەلب قىلىۋاتقان، — دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ، — سەت ئايال بولغان بولسام، ھېچكىمنىڭمۇ كۆزى چۈشمەس ئىدى ... توۋا، چىرايلىق بولۇش — ھەممە قىزلارنىڭ ئارزۇسى. بىراق شۇ چىرايىمنىڭ كۆڭۈلسىز ئىشلارنىمۇ كەلتۈرۈپ بېرىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن بىزارمۇ بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى زىبەرنىسا ھېلىقى كۆزى ئىتتىك، قارا قاشلىقنى ئاتايىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، قىزىنى كۆتۈرۈپ بازارغا چىقتى. ئۇنى كۆردى. ئۇ زىبەرنىساغا قاراپ تۇراتتى. يېقىن كەلگەندە، باللىرىنى ئىنىسى، سىڭلىسى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن كەينىگە قاراپ ئىتتىك بولساڭچۇ بالام، دەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ قارا قاشلىق ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي يەنە كەينىگە چۈشۈۋالدى. ئۇ زىبەرنىسانىڭ ئۆزىگە بىرەر قېتىم قاراپ قويمىغانلىقىنى، شۇنچە مەنىلىك ھەرىكەتلىرىگە

بىرەر مەنىلىك قاراش بىلەن جاۋاب قايتۇرمىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، باشقىچىرەك چارە قوللىنىشقا ئۆتمەكچى بولدى.

بازاردىن كۆكتات ئېلىپ ئۆيىگە يانغان زىبىرنىسانىڭ ئالدىغا ھېلىقى قارا قاشلىق توپتوغرا كەلدى:

— سىز ئاۋۇتنىڭ ئايالىغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ.

— ھەئە، بىزنى تونۇيدىكەنسىز-دە؟

— تونۇيمەن، لېكىن سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ.

زىبىرنىسا ئۇنىڭ سۆزىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

— سىزگە بىر ئىشنى ئېيتىپ قوياي: ئاۋۇت كىشى ئەقىدە قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ ئۈرۈمچىدە كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ، سىز بۇ يەردە ئۇنىڭ باللىرىنى بېقىپ جاپا تارتىپ يۈرۈۋاتىسىز...

— بوپتۇ، — دېدى زىبىرنىسا تەمكىن قىياپەتتە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا، — خاپا بولۇپ يۈرگەندىن، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ.

— سىز بەكمۇ ساددا ئىكەنسىز، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ دېسەم، مۇنداقلا خۇش قىلىپ يۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالماڭ، ئۇ «ئۇزۇن چاچ تۇنىسا» دېگەن ئايالغا يوشۇرۇنچە ئۆيلىنىۋالدى. ئۇنىڭغا شىخابادىن ئۆي تۇتۇپ بەردى. مەنىمۇ سودىگەر، ئۇنى ياخشى بىلىمەن.

— ئوغۇل بالىكەن، — دېدى زىبىرنىسا چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، — بىگىسى بار ئادەم شۇنداق قىلالايدۇ، — زىبىرنىسا شۇنداق دېدى-دە، ئۇنىڭ ئالدىدىن ھېچنېمە ئاڭلىمىغان، ھېچنېمە بولمىغان ئادەمدەك يۈرۈپ كەتتى.

— قالتىس بوش ئايال ئىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيسىز-دە. مەندەك ئادەم بولسام، ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ ئۆچۈمنى ئالاتتىم. ئېسىت، سىزگە، — ئۇ زىبىرنىسانىڭ كەينىدىن، ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، شۇنداق دەپ قالدى.

زىبىرنىسا ئۇنىڭ مەقسىتى شۇكەن-دە، دەپ ئويلىسىمۇ، ئون-ئون بەش قەدەم ماڭا-ماڭمايلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئاسمان يەرگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك بولدى ۋە ئاياغلىرىنىڭ بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۆيىگە كېلىپ، قىزىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىماستىن بىھوش ئادەمدەك ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى، نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ھالدا ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، سەل ئۆزىگە كەلدى. نەچچە ئايدىن بېرى ئاۋۇتنىڭ خەت يازمىغانلىقىنىڭ، جىمىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن-دە، دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — تۇۋا، خۇدايىم، نېمىشقا مېنىڭ بەختىم قارىدۇ، مەن ئۆمرۈمدە كىشىلەرگە ھېچ يامانلىق قىلمىغانتىمغۇ، ئەسكى ئىشلارغا يېقىن يولىمىغانتىمغۇ، بولمىسا ماڭا كۆز تەككەن، كەينىمگە چۈشكەن ئادەملەر ئازمۇ؟ بۇ سەمىمىي، ۋاپادارلىقىمنىڭ، ئېرىمگە خىيانەت قىلمىغانلىقىمنىڭ سازايىمۇ؟ ھالال، ساپ ياشىغان ئادەملەر ئازابقا، خاتىرجەمسىزلىككە قالسا، ئالا كۆڭۈل، ۋاپاسىز ئادەملەر راھەتتە، خاتىرجەملىكتە ئۆتسە، ھەقىقەت دېگەن قېنى؟ كىشىلەر

ياخشىلىقنىڭ شاراپىتىنى كۆرۈشى، يامانلىقنىڭ كاساپىتىنى تارتىشى كېرەك ئەمەسمۇ، — ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى، — بۇ دۇنيادا تەتۈر، رەزىل ئىشلار نېمانچىلا كۆپتۇر، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ نېمىشقا سورىقى يوق، نېمىشقا يول قويۇلىدۇ، ئۇنى توسۇيدىغانلار قېنى؟

— ھەدە، بالا يىغلاپ كەتتى، — ئۆيگە ئاۋۇتنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىنىسى كىردى. زىبىرنىسا شۇ چاغدىلا چۈش بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئۇكام.

— ئەكىلىڭ بالىنى ئويناتىپ كىرەي، — ئۇ بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. زىبىرنىسا ئۇچاققا ئوت ياقتى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشلۈكى ئىككى ئىنىسى كەلگىچە تاماق ئېتىپ تۇراتتى، ئەمدى تاماق ئۈلگۈرمەيدۇ. ئۇ سەي بولسىمۇ قورۇپ بېرەي، دەپ ئۇنىڭغا تۇتۇش قىلدى. شۇ ئارىلىقتا يەنە بىرمۇنچە خىياللارنىمۇ قىلىپ ئۈلگۈردى: ھېلىقى كۆزى ئىتتىك نەرسە مەن سودىگەر دەۋاتاتتى، بەلكى ئاۋۇت بىلەن بىرەر ئاداۋىتى بولسا، ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىشنىڭ كويىدا يۈرەمدىغاندۇ ياكى مېنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇۋاتامدىغاندۇ؟

زىبىرنىسا ئەلىمى ۋە ئازابىنى ئىچىگە ھېچ پاتقۇزالمىدى. چۈشتىن كېيىن ئۆز مەھەللىسىگە كېلىپ، ھوشۇرخان ئىسىملىك ئايالنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئايال بۇلارغا ئۇزۇن يىللىق قوشنا بولۇپ، يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ قالغان مۇڭداشقاق - دىلكەش ئايال ئىدى. زىبىرنىسا ئۆز ئۆيىدىكى چېغىدا بىكار بولسىلا مۇشۇ ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ چىقاتتى. ئۇمۇ بۇلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات كىرىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا شور پېشانىدۇرمەن، ھوشۇرخان ھەدە، — ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا يىغلاپ كەتتى، — قاراڭا ئاۋۇتنىڭ بۇزۇلغىنىنى، — ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى توختىماي قۇيۇلۇۋاتاتتى، چاچلىرى پېشانىسىگە يېپىلغانىدى.

— ھە، ئاۋۇتقا نېمە بوپتۇ بۇزۇلۇپ؟

زىبىرنىسا ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئاڭلىغانلىرىنى، ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى ئوي، پەرەزلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— مەنمۇ بىرەر ئاي بولدىمىكىن ئاڭلىغان قىزىم، لېكىن سىزگە دېمىگەن، بۇ ئىش ھەرقانچە خۇپىيانە بولسىمۇ، بەرىبىر ئاڭلىنىدۇ، دەپ ئويلىغۇدىم، ئاڭلاپسىز ... ھەي-ھەي پۇل دېگەن ئەجەب يامان نەرسە - دە، ھەرقانداق ئىرادىسى چىڭ ئادەمنىمۇ بۇزۇۋېتىدۇ، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇزۇلمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئاياغ مەھەللىدىكى داۋۇت توكۇنىڭ بالىسى ئاۋاكىنى بىلىمسىزغۇ، ئاشۇمۇ جىق پۇل تاپتى، باي بولدى، قاراڭا، سېلىپ كەتكەن ئىمارەتلىرىنى، بۇرۇنقى بايلاردىن ئاشۇرۇۋەتتى. مىچىتنىڭ دەرۋازا - پەشتاقلىرىنى ئون مىڭ سوم خەجلەپ شۇنداق ھەيۋەتلىك ياسىتىۋەتتى، كۆۋرۈك ياساشقا يىگىرمە مىڭ سوم بېرىپتۇدەك، مەكتەپكە يەنە نۇرغۇن پۇل بېرىپتۇ. ئاڭلىسام ھاراق ئىچمەيدىكەن، تاماكا چەكمەيدىكەن، كەيىپ ساپانىڭ ھېچقايسىسىدا

www.uyghurkitap.com

يوقكەن. بەش ۋاق نامىزىنى ئوقۇپ، گۇاڭجۇمۇ ـ گۇاڭجۇ قاتراپ يۈرۈپ سودىسىنى قىلىدىكەن. بۇ ئاۋۋتقا نېمە بولغاندۇ؟

ــ بولدى، ئاجرىشىمەن، مېنى خارلىغان ئادەم بىلەن ھەرگىز ئۆي تۇتمايمەن! ــ زىبىرنىسا بۇ سۆزنى ئەلەم ـ غەزەپ بىلەن ئېيتتى.

ــ مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كۆنسىڭىز، ــ دېدى ئۇ ئايال، ــ يوشۇرۇن ئىش ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا يېتىشتىن بۇرۇن ئاۋۋتقا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى قويدۇرۇۋېتەيلى. بۇرۇنقى ئەرلەرنىڭ نەچچە خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قوياتتى. شۇ چاغدىمۇ يەنە شۇ بايلار نەچچە خوتۇن ئالىدىغان، ھازىر يېڭى بايلار شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. سىزگە راسخوتنى تولۇق بېرىۋاتامدۇ؟

ــ ئۇنىڭدىغۇ گەپ يوق، ھوشۇرخان ھەدە، ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. يەي دېسەم ئېغىزىم، كىيەي دېسەم ئۇچام يوق. بىراق خارلىق يامانكەن، بۇ ئىشنى پەقەت كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن.

ھوشۇرخان تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ــ ئاجرىشىمەن دېسىڭىز، داۋا قىلسىڭىز، ھۆكۈمەت ئۇنى جازالايدۇ، سىز باي ئەردىن ئايرىلىسىز، ئۇنداق قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ راسخوتنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتسا، ئىنىسىنىڭ دۇكىنى بار، نېمە ئالسىڭىز ئالالايدىكەنسىز. ئۆزىمۇ ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئىككى ئەردىن چىقتىم دەپ يۈرەمسىز؟

ــ ئالغان خوتۇنى مېنىڭدىن قالتىس چىرايلىقمىدۇ ھوشۇرخان ھەدە؟ ئۇنى «ئۈزۈن چاچ تۇنىسا» دەيدىكەن.

ــ بۇزۇلغان ئادەم ئۇنىڭ چىرايىغا، پاسكىنا ـ پاكىزلىقىغا، مىجەز ـ خۇلقىغا قارايدۇ دەمسىز، ئالۋاستىمۇ پەرى كۆرۈنىدۇ.

زىبىرنىسا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىگە، ئۇنىڭ سىڭىل ـ ئىنىلىرىنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈپ ئۆتكەنلىكىگە، ئۇنىڭغا سەممىي ـ سادىق بولغانلىقىغا قاقشاپ ـ قاقشاپ يىغلايتتى. كۆڭلى بۇزۇلغان ھوشۇرخان ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، ياشلىرىنى ئېرتىپ، كۆڭلىنى ياسىدى، بەزلىدى، لېكىن ئۇ يىغىدىن توختىمىدى.

ــ بارىمەن، ئۈرۈمچىگە بارىمەن، ھەر ئىككىسىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىمەن، ــ دېدى زىبىرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي، ــ ئاۋۋتنى خوتۇن ئالغانغا، ھېلىقى بۇزۇقنى يوشۇرۇنچە تەگكەنگە تويغۇزىمەن! شۇنداق قىلمايدىغان بولسام...

ــ ئۇنداق قىلماڭ، قىزىم، سەۋرى قىلىڭ، ئېغىرلىق ــ راخمانلىق، يېنىكلىك شەيتانلىق، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر ئۇنىڭ، تېخى ئالدىڭىزغا كېلىپ تىۋىنىمۇ قىلار...

ــ ياق، ھوشۇرخان ھەدە، سىز بىلمەيسىز، ئۇ بۇرۇنمۇ ئەسكىلىك قىلغان، تىۋىنىمۇ قىلغان، قېنى تىۋىسى، تاسما يېگەن ئىت ئۆلگىچە خۇيىنى تاشلىمايدۇ، دېگەن گەپ راستكەن.

زىبىرنىسا قوشنىسىنىڭ ھاي دېگىنىگە ئۇنىماي ئاشۇ ئەلپازى بىلەن ئۆيىدىن

چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتى. ئاۋۇتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، غەزىپى ئۆرلەيتتى، ئىچىنى نېمىدۇر بىر نېمە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك بولاتتى، تولغىناتتى، ئاھ ئۇراتتى... ئاۋۇتنىمۇ، ئالغان خوتۇنىنىمۇ چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ شۇنداق ئازاب، ئەلەم، بۇرۇختۇمچىلىق بىلەن تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئەتىگەنلىكى ئاۋۇتنىڭ ئىنىلىرىغا چېيىنى بېرىپ بولۇپ ئۆزى چاينى قۇرۇق سومۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىر نېمىنى ئويلاپ قالدى: «ئۇ ئۇرۇمچىدە، ئىچكىرىلەردە كۆڭلىنى ئېچىپ، ئۆزىنى خۇش قىلىپ، يۈرىدىكەنۇ، مەن شۇنداق قىلالمامدىم، ھېلىقى ياسانچۇق، قارا قاشلىق يىگىتنى تېپىپ مەنمۇ كۆڭلۈمنى ئېچىپ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالالمامدىم؟ نېمىشقا شۇنداق قىلالمايدىكەنمەن، ئەلۋەتتە قىلالايمەن. كۆرۈپ قوي ئاۋۇت، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ قوي!»

زىبىرنىسا يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، ئۆزىگە يارىشىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، گىرىم قىلدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۆيدىن چىقتى. بىردە ئاستا، بىردە ئىتتىكلەپ كېتىپ باردۇ. ھېلىقى يىگىت بىلەن ئۇچراشماقچى، دېگەنلىرىگە كۆنمەكچى، باشلىغان يولىغا كىرمەكچى بولۇپ كېتىپ باردۇ. كوچىدىكى ئادەملەر كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى، ۋاڭ-چۇڭلار قۇلىقىغا كىرمەيتتى، شۇنچىلىك ياسىنىپ، مەقسەتلىك چىققان بولسىمۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيتتى. شۇنداق كېتىپ بارغىنىدا بىر خىيال بىلەن بىردىنلا توختاپ قالدى: ئاۋۇتقۇ ئۆزىنى بۇلغىدى، مەنمۇ ئۆزۈمنى بۇلغامدىم؟... پېتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالامدىم؟ ئاشۇ مەينەت، ئىپلاس يولغا كىرەمدىم؟... ياق، مەن ئۆزۈمنى بۇلغىمايمەن، ھەرگىز بۇلغىمايمەن، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ، ھەسرەتلىرىمنى يېنىكلىتىشنىڭ باشقىمۇ يوللىرى بارغۇ... ئۇرۇمچىگە بېرىپ، خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئىككىسىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتسەم، چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتسەم ئۆچۈم چىقىدىغۇ، شۇنداق قىلاي، بۇ يولۇمدىن ياناي... زىبىرنىسا كەينىگە ياندى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىگەنكى خىياللىرىدىن نومۇس قىلىپ ئۆكۈنۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئاۋۇتنىڭ ئىككى ئىنىسى ھەدىسىنىڭ چىرايىنىڭ بۆلەكچە بولۇپ قالغانلىقىدىن، بەزىدە كۆزلىرى ياش يۇقى ئىكەنلىكىدىن، ئاكىسى بۇ يەردە بولمىسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى قىياس قىلىشتى، لېكىن ئۇلار ھەدىسىنىڭ بىرەر نەرسىگە ئاچچىقلانغىنىنى، چىنىنى چىنىگە ئۇرغانلىقىنى كۆرمىدى.

زىبىرنىسا ئاخىر دېگىنىنى قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئۇرۇمچىگە يېتىپ باردى. ئىزدەپ-سوراپ، ئاۋۇتنىڭ يېڭى ئۆيىنى شىخابا مەھەللىسىدىن تاپتى. ئۇنىڭ ئۆيلەنگەنلىكى راست بولۇپ چىقتى. ئەمما ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككىنىدەك ئىككىسىنى تىللاپ، جېدەل چىقىرىپ، خەلقى-ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلمىدى. ئاۋۇتقا ئېسىلىمەن، تۇنىسا دېگىنىنىڭ چېچىنى يۈگەپ راسا ئۇرىمەن، دەپ ئويلىۋىدى، ئۇنداقمۇ قىلمىدى، پەقەت ئاۋۇتقا ئاجرىشىدىغانلىقىنىلا ئېيتتى، ئاۋۇت شۇنچە يالۋۇرۇپ-يېلىنغان،

www.uyghurkitap.com

تۇۋا قىلدىم دېسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كەتتى.

زىبىرنىسا ئاۋۇتقا تەگكەندە، ئەمدى ھەقىقىي بەختىمنى تاپتىم، دەپ ئويلىغانىدى، ياق، بۇ باي سودىگەر ئىېرىدىنمۇ ۋاپا كۆرمىدى، خارلىق ھېس قىلدى، خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭ بەختى ئىككى يىلغا يەتمەيلا خۇددى تورغاقتەك توزۇپ كەتتى. سوتتىن ئايرىپ بېرىلگەن جابدۇق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ دادىسىنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدى. قىزىنى ئاۋۇت ھەرقانچە تالاشسىمۇ بەرمىدى. سوتنىڭ ئۇنىڭغا كېسىپ قويغان پۇلىنىمۇ ئالمايمەن، دېدى.

5

ئۇ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بەش كۈندىن كېيىن دادىسى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. مانا ئۇنىڭ ياتقىنىغا ئون بەش كۈن بولدى. ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى، ئەكسىچە كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئالدىدا ئۇ ئىككى - ئۈچ ئاي ئېلىك - سېلىك يۈرگەن. شۇ چاغدىن تارتىپلا ئورۇقلاپ جۇدەشكە باشلىغانىدى. ئۇ كۈن بويى دېگەندەك گەپ قىلماي ياتاتتى. زىبىرنىسا لەڭمەنگە ئامراق بولسىمۇ، دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەر كۈنى خام قىيما قىلىپ سۇيۇقئاش، چۆچۈرە ئېتەتتى.

ئۇنىڭ دادىسىدىن ئەنسىرىشى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ ئىچىۋاتقان دورىلىرىنىڭ پايدىسى بولمايۋاتاتتى. دوختۇرلار: قېرىلىق يېتىپتۇ، كۆتۈرەلىسە، قۇۋۋەتلىك نەرسىلەرنى بېرىڭلار، دېگەن. بىراق بوۋاينىڭ سۇيۇقئاشتىن باشقىغا دىلى تارتمايتتى. شۇنىڭدەك تامىقى كۈندىن كۈنگە ئازلاپ كېتىپ باراتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ يۈزى ئۆلۈك ئادەمنىڭ يۈزىدەك تېگى - تېگىدىن سېرىق، جانسىزلىنىشقا باشلاپ، كۆزىنىڭ نۇرىمۇ ئۆچكەنىدى. ئىنچىكىلەپ ئۈزىراپ كەتكەن بارماقلىرى ئارىغا ئوخشاپ قالغانىدى، قولىنىڭ تومۇرلىرىمۇ بۆرتۈپ كۆكىرىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دادىسىدىن ئۈمىدى قالمىدى. ئۇنى غېرىبلىق باستى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپلا تۇراتتى. ھويلىغا چىقىپ، ئۇزاق - ئۇزاق يىغلىۋالاتتى.

بوۋاي ئاخىرى تاماقتىنمۇ قالدى. ئۇ ئارىلاپ قىزىغا تىكىلىپ نەزەر سالاتتى. ئۇنىڭ بۇ نەزىرىگە تۇرغۇنلىغان ئەندىشىلەر يوشۇرۇنغانىدى: بىر تال قىزىم مۇشۇ قورۇدا يالغۇز قالىدىغان بولدى، قانداق قىلار... بىرەر ئەرنىڭ ئىلكىدە بولسىچۇ كاشكى، باللىرى تېخى كىچىك، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلايتتى ئۇ. بوۋاي بۇ سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقارمىسىمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ نەزەر سېلىشىدىن زىبىرنىسا دادىسىنىڭ قانداق قايغۇلاردا ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ دۇنيانىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغان بوۋاي يەنە قىزىم باشقىچە ئويلاردا بولۇپ، ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ ئاجىز ھالدا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. زىبىرنىسا بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. بىر ئايدىن كېيىن بوۋاي دۇنيادىن ئۆتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ بىر كۆزى قىيا

ئوچۇق ھالدا جان ئۈزگەنىدى.

ئېغىر كۈنلەر مانا ئەمدى باشلاندى. دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىگە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئولتۇرمىدى. (ئەسلىدە يېقىن تۇغقانلىرىمۇ يوق ئىدى.) پەقەت قوشنىسى ھوشۇرخان ئىسىملىك ئايال يەتتىسىگىچە ئولتۇردى. نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ چىقىپ كەتتى. زىبىرنىسا كىچىك ئىككى بالىسى بىلەن دادىسى ئەنسىرىگىنىدەك قورۇدا يالغۇزدىن يالغۇز قالدى. تۆت تام ئۇنى يەپ تۇراتتى. كېچىلىرى ئىت ھاۋشىسىمۇ، قەيەردىندۇ شىپىرلىغان ئاۋاز كەلسىمۇ، زىبىرنىسا قورقۇپ كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقاتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى كېچە باشلانسا ئەنسىرەپ، تاڭ ئاتسا ئەنسىزلىكى تارقىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

— جېنىم ھوشۇرخان ھەدە، ئادەمنىڭ بېشىغا مۇشۇنداقمۇ ئېغىر كۈنلەر كېلەمدۇ، — دەيتتى ئۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، — كېچىلىرى ئۇخلىيالماي چىقىمەن، دادام يۆلىكىم، پاناھىم ئىدى...

— قورقماڭ قىزىم، ھاي دېسىڭىز يېنىڭىزدا بىز بار، نېمىدىن قورقاتتىڭىز، بۇ يەرلەر تىنچ.

— نېمە تەقدىر بۇ، بىزدەك ئاجىزلارغا مۇشۇنداق تەقدىر پۈتۈلسە توغرا بولامدۇ؟

— تەقدىر دېگەن شۇكەن قىزىم، بىرنى كۈلدۈرىدىكەن، بىرنى يىغلىتىدىكەن، يەنە بىرسىگە ئوڭ ئىكەن، يەنە بىرسىگە تەتۈر ئىكەن، ئۇنى تارتماي ئىلاجىمىز يوقكەن، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى دەڭ، ئالدىڭىزدا ئىككى بالىڭىز بار، تەنھا قالغانلار قانداق قىلىدۇ.

ھېلىمۇ ياخشى ئۇ تۇرمۇشتىن قىسىلىپ كەتكىنى يوق، ئاۋۇتنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن نەرسىلىرى بىلەن تۇرمۇشى قەدىر ئەھۋال كېتىپ باراتتى، شۇ كۈنلىرىگە شۈكرى قىلاتتى. ئەمما ياش تۇرۇپ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئېچىناتتى، ئازابلىناتتى. بەزىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپمۇ قالاتتى. ئۇ مەھەممەتنى سېغىنمايتتى، ئۇ يەردىن پۈتۈنلەي كۆڭلى قالغاچقا، بۇ تۇرمۇشتىكى بىر سەۋەنلىكىم دەپ قارايتتى-دە، ئۇ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئەمما ئاۋۇتنى تۇرۇپ-تۇرۇپ سېغىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتكەن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇھ تارتىپ قوياتتى. بىراق ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىگە ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايتتى. زىبىرنىسا دادىسىنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىپ بولۇپ، ھەسەنباي ئاتلىق يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بىر ئادەمگە تەگدى. بەزى قېرىپ قالغان ئادەملەرمۇ ھۆسنى-جامالى جايىدا ياش ئاياللارنى ئېلىشنى ئويلايدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ئالدىدىكى بالىلىرى، كېلىنلىرى كۆرۈنمىسە كېرەك. ھەسەنباي زىبىرنىسانى كوچىدا بىر كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ تۇللۇقىنى بىلىپ، كەينى-كەينىدىن ئەلچى كىرگۈزۈۋەردى. زىبىرنىسا تۇرمۇشتىن تېخى ئانچە قىسىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ... بوپتۇلا، مېنىڭ ئەمدى ئويغىنىدىغان ھەۋەسلىرىم، قوزغىلىپ تۇرىدىغان ياشلىق تەلەپلىرىم ئۆلدىغۇ، تەگسەم تېگەي، دۆلىتىنى كۆرەرمەن، دەپ رازىلىق بەرگەنىدى. ھەسەنباي: «دىلىنى قىلچە رەنجىتمەيمەن، بالىلىرىنى ئۆز بالامدەك كۆرىمەن» دەپ

قاتتىق ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، بۇ كەڭرى، چىرايلىق ھويلىغا كېلىن بولۇپ چۈشتى.

ھەسەنبايىنىڭ كېلىنلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىر دېمەتلىك بولۇپ، ئوغۇللىرى چوڭ ئىدى. بۇ كەڭ قورۇدا ئىشىك-دېرىزىلىرى جەنۇبقا قارىغان ئۈچ ئېغىزلىق ھەيۋەتلىك ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا باي ئۆزى ئولتۇراتتى. زىبىرنىسا مۇشۇ ئۆيگە كىردى. غەرب تەرەپتىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە چوڭ ئوغلى، شەرق تەرەپتىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە كىچىك ئوغلى تۇراتتى. باي يۈرەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، ئوقەت قىلىشتىن، شەھەرمۇ-شەھەر قاتراپ يۈرۈشتىن قول ئۈزۈپ، ئىككى ئوغلىنى سودىگەرچىلىككە سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ ئولتۇراتتى. ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بازار ئەھۋالىنى ئۇقۇش، قايسى مالنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقى، قايسى مالنىڭ ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشتىن نېرىغا ئۆتمەيتتى، كۆپ ۋاقىت ئۆيدە بولاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ يۈرەك ئاغرىقى پات-پات تۇتۇپ قېلىپ يېتىپ قالاتتى.

بايىنىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى زىبىرنىسانى دەسلەپتە، ۋاي ھەدە، ئۇنداق قىلايلىمۇ ھەدە، مۇنداق قىلايلىمۇ ھەدە، دەپ يۈردى. ئىككى بالىسىنىمۇ ياخشى سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىپ قوياتتى. زىبىرنىسامۇ ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىپ، بۇ قورۇدىكى خوجايىنلارنىڭ بىردەك خۇش خۇي يۈردى. بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاچچىق تىل-ئاھانەتنىڭ تاياقتىنمۇ يامان بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈلدىن چىقمايدىغانلىقىنى، ئازابنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەلەم بىلەن ھېس قىلدى. بىر قېتىم زىبىرنىسانىڭ ئوغلى بايىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئېچىلغان گۈلدىن بىرنى ئۈزۈپ قويۇۋىدى، ئۇ كىچىككىنە بالىنى: ماڭ ھارامدىن بولغان شۇم، داداڭ ماڭا گۈل تىكىشىپ بەرمىگەن، دەپ تىللىدى. بۇنى زىبىرنىسا ئاڭلاپ قالدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنچىلىك قاتتىق تەگدىكى، خۇددى بىرسى يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرغاندەك بىلىندى. ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ ئوغلى بايىنىڭ نەۋرىسى بىلەن ئويناۋېتىپ، ئۇنى ئىتتىرىپ يىقىتىپ قويدى، ئۇ قىقىراپ يىغلاپ كەتتى. شۇ چاغدا دادىسى: يوقال ھارامى، ھېلىتىن زومىگەرلىككە ئۆتتۈڭمۇ، دېدى. ئۇ: ئاپامغا ئېيتمەمەنغۇ تازا، دېۋىدى، ئۇ: ئېيت تەييارغا ھەييار بولغىلى كەلگەن ئاپاڭغا ئېيت، دېدى. بۇنىمۇ ئاڭلاپ قالغان زىبىرنىسا قاتتىق ئازابلاندى: دادامنىڭ دۇنياسىنى يەپ ئىچىۋاتىسەن، ئۇنىڭغا ئىگە بولماقچى بولۇۋاتىسەن، شۇنىڭغا كېلىشكەن خەقلەرسەن، دېگىنىدە ئۇ. تېخى دادىسىدىن بىرەرنى تۇغۇپ قالسام، تەشمەي تۇرۇپ قېنىمنى ئىچىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ بۇلار، دەپ ئويلىدى ئۇ. زىبىرنىسا لەڭمەنگە ئامراق بولغىنى ئۈچۈن ئىككى خىل سەي قورۇسا، بايىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا دارىتىملاپ، خوتۇنلىرىغا: «مال بايىنىڭ، جان خۇدانىڭ» غا ئۆتتۈڭغۇ، بىز مىڭ تەسلىكتە پۇل تېپىپ ھەلەك، سەنلەر چېچىپ، دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلدى. مۇنداق ئاچچىق تەنىلىك گەپلەر كېيىنكى ئىككى ئايدا كۆپ بولۇندى. شۇنىڭ بىلەن زىبىرنىسا بۇ قورۇدا يۈزىنى دەسسەپ يۈرگەندەك يۈرىدىغان بولدى. بۇ

ئىشلارنى ئېرىگە دەي دېسە، ئېرى ئۆزىگە سىلىق، ياخشى سۆزلۈك بولغىنى بىلەن بالىلىرىغا زەھەر سۆزلۈك. قاتتىق گەپ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئارىدا جېدەل چىقىپ كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالارمىكىن، ئۇنىڭ سەۋەبچىسى مەن بولۇپ قالارمەن، دەپ ئەنسىرەيدۇ، دېمەي دېسە، ئاھانەتلەر ئىچىگە پاتمايۋاتىدۇ. ئۇ ياتلىق بولۇپ بۇ ئائىلىگە كېلىپ قالغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلدى. بۇنىڭدىن چىقىپ كېتەي دېسە، ئۈچ ئەردىن چىققان بولىدۇ، خەلق-ئالەم ئالدىدا نومۇس، خەقلەر: بۇ يوتقان يىغدى ئايال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن.

زىبىرنىسا تەڭلىكتە قالدى، ئەلەمدە قالدى، ئازابتا قالدى. بىر كۈنى ھەسەنباينىڭ يۈرەك ئاغرىقى قوزغىلىپ، ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن يېتىپ قالدى. زىبىرنىسا پەرۋانە بولۇپ ئۇنى كۈتتى. باي بېشىدا ئولتۇرغان زىبىرنىساغا مۇنداق دېدى:

— ياخشى كۈنىمنىڭ يامىنى بولۇپ، ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، سىزگە تەس بولىدۇ، بالىلىرىم سىزنى پاتۇرمايدۇ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى زىبىرنىسا، — بىر ئوبدان تۇرۇپ نېمىشقا ئەسكى ئويلاردا بولىسىلا؟

— مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئاغرىقىم شۇنداق ئاغرىق، جېنىم چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىسىز، شۇڭا خەت توختام قىلىپ، مال-مۈلكىمنىڭ بىر قىسمىنى سىزگە تەئەللۇق قىلىپ قويىمەن، سوتنىڭ گۇۋاھلىق ئورۇنلىرىنىڭ تامغىلىرىنى باستۇرۇپ بېرىمەن.

ئاغزىدىن سائەت چىققانمىكىن، ھەسەنباينىڭ جېنى چىقىپ كەتكىنىنى يېنىدا ياتقان زىبىرنىسا تۇيماي قالدى. باي شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە جان ئۈزدى. خەت-توختام قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ھەسەنباينىڭ بالىلىرى دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىنى تۈگىتىپ ئەتىسىلا زىبىرنىسانى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى.

— يوقال، دادىمىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان جەددال قېرى!

ئەسلىدە ئۇلار زىبىرنىسانى قۇرۇق قوللا قوغلاپ چىقارغانىدى، زىبىرنىسامۇ دەۋا قىلمىغان. بىراق مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېت ۋە بىرنەچچە ئاقساقاللار بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، ئاز-تولا پۇل، تۇتقان ئۆيدىكى مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ بەردى. زىبىرنىسا ھەسەنباي بىلەن تۆت ئاي ئۆي تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسكى قورۇسىغا يەنە قايتىپ كەلدى.

## 6

ئاۋۇت ھازىرغىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ زىبىرنىسادىن نېمە سەۋەب بىلەن ئايرىلغانلىقىنى ئۇققان سىڭىل-ئىنىلىرى ھازىرغىچە ئاكىسىنىڭ ئالدىدا زىبىرنىسانىڭ ياخشى گېپىنى قىلالايتتى.

زىبىرنىسا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۇت ئۇنى بىر-ئىككى

قېتىم كوچىدا كۆرۈپ قالدى. ئاۋۇت ھەرقانچە قىلىپمۇ زىبىرنىسانى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. زىبىرنىساغا بىرنېمە دەي دېسە، دەشنەم يەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما زىبىرنىسا بىلەن يارىشىۋېلىش ئۈمىدى ئۇنى تىنىچ قويمايۋاتاتتى. ھېلى ئۇنى ئۆيىگە بېرىشقا ئۈندىسە، ھېلى كوچىدا تورۇۋېلىپ، گەپ قىلىپ بېقىشقا دالالەت قىلىپ تۇراتتى.

بىر قېتىم ئۇ زىبىرنىسانى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالدى.

— ياخشىمۇسىز، زىبىرنىسا، — ئۇ زىبىرنىسانى ئەگىپ يۈرگەن دەسلەپكى چاغلاردىكىدەك يۈرەكسىزلىنىپ ئۇنىڭغا ئارانلا قارىدى.

— ئۆزىڭىز ياخشى تۇرامسىز، ئىنىلىرىڭىز چۇ؟

— ھەممىمىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز. ئىنىلىرىم ھەدەمنى ئەكىلىپ بەر، دەپ زارلاپ كېتىپ بارىدۇ. سىز مېنى تونۇمايدىغاندەك كوچىلاردا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىمسىز...

— ئىنىلىرىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. سىزنى راستىنلا تونۇمايمەن، تونۇمىغان ئادەمگە نېمىشقا قارايتتىم؟

ئاۋۇت ئوڭايسىزلاندى. زىبىرنىسا تۆت ئەتراپىغا ئەنسىرەش نەزىرى بىلەن قاراپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاڭا، گېپىمنى دەپ بولاي، يارىشۋالايلى دەپ بېشىمنى ئېگىپ كەلدىم. مەنمۇ ئادەم بولدۇم، ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى تەسكەن، راست ئۇ چاغلاردا...

زىبىرنىسا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئاۋارە بولماڭ!

— ئۇنداق قىلماڭ، قىز تويىمدەك كاتتا توي قىلىپ بېرەي.

زىبىرنىسا ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— «ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— ئارىمىزدا بالا بار ئەمەسمۇ، بالىنى يېتىم قىلمايلى؟

— مەنمۇ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان.

— ئۇنداق قىلماڭ، زىبىرنىسا، «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ» دېگەنمۇ گەپ بارغۇ...

— بولدى، ئەمدى مۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

ئاۋۇت يېلىنغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھاۋايى ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرەكلىرىمگە داغ چۈشتى، پۇشايمان قىلدىم، ئۇنداق كوچىغا ھەرگىز كىرمەسمەن، دەپ قەسەم قىلدىم.

— مېنىڭ يۈرىكىمگە داغ چۈشمەپتۇ - دە ... بولدى، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ. سۇنغان چىنە قاداق تۇتۇشى مۇمكىن، لېكىن سۇنغان كۆڭۈل قاداق تۇتمايدۇ!

زىبىرنىسا شۇنداق دېدى - دە، بورۇلۇپلا تېز يۈرۈپ كەتتى. ئاۋۇت يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك قاراپ قالغان ئادەمدەك زىبىرنىساغا ئۈمىدسىزلىنىپ قاراپ قالدى.

زىبىرنىسانى نۇرغۇن گادىرماش، باش - ئۇچىغا چىققىلى بولمايدىغان ئوي - خىياللار

ئېزەتتى ۋە چوڭقۇر ئازابقا سالاتتى. مېنى كىم، نېمە ئازابلاۋاتىدۇ؟ ئۇنى كىم ماڭا ئاتا قىلدى، مېنى مۇشۇنداق يالغۇز، جورىسىز ئۆتۈشكە كىم، نېمە مەجبۇرلىدى، نېمىشقا؟ مۇنۇ ئىككى بالا دادىسى هايات تۇرۇپ يەنە نېمىشقا يېتىملىك ئازابىنى تارتىدۇ؟ — زىبىرنىسا بۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيتتى، — مەن ساپ، هالال، پاكىز ياشىدىم، هېچكىمگە يامانلىق، ئالا كۆڭۈللۈك قىلمىدىم، ئۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدىم، بۇنىڭ بەدىلىگە غەمسىز، ئازابسىز ياشىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما ئازاب، هەسرەت - نادامەت مېنىڭ داۋاملىق هەمراهىم بولۇپ قالدىغۇ؟ توۋا دەيمەن، ساۋاقداشىم رەنا ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن، بىرسى بىلەن ئويناپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئېرى قويۇۋەتكەن، ئۆيلەنمىگەن بىرسىگە تېگىپتۇ، ئەمما شۇ قىلىقىنى تاشلىماي، ئۇچراشقان ئادەملەر بىلەن ئويناپ يۈرگۈدەك، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا كىرىپ، ياش باللار بىلەن تانسا ئويناپ، هاراق ئىچىپ يۈرەرمىش، ئېرى گەپ قىلمىغۇدەك. ئۇ شۇنداق غەمسىز، خۇشال، ئازابسىز ئىكەن، بۇ نېمە تەقدىر؟ ئۆزىنى بۇلغىمىغان، هالال، پاكىز ياشىغان ئادەم غەمگە، ئازابقا مۇپتىلا بولۇۋاتسا، بۇ قانداق تەقدىر؟ ئاه، تەقدىر، ئاه، تەقدىر، كارامەتلىرىڭدىن ئايلىناي. ئۈچ قېتىم تۇرمۇشقا چىقتىم، مېنى بىرسى زورلىغىنى يوق، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن چىقتىم، شۇنداق هەيۋەتلىك، ئۆي جاهازلىرى تولۇق، يېمەك - ئىچمىكى مول، كىيىم - كېچەكلىرى ئېسىل، زىبۇ - زىننەتلىرى يېتىپ ئاشقۇدەك ئۆيلەرگە چۈشتۈم. لېكىن بۇلار ماڭا ئۆمۈرلۈك بولمىدى. ئەمدى بىلدىم: ئەسلىدە بەختىم قارا ئىكەن.

زىبىرنىسا خىياللاردىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ هويلىغا چىقتى. ئوغلى بىلەن يېڭىدىن مېڭىشقا باشلىغان قىزى تويىدىن ئۆي ياساپ ئويناۋاتاتتى. توۋا، ئادەملەر كىچىكىدىنلا ئۆينىڭ غېمىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى بۇلار نەدىن بىلىشسۇن... خۇدا، مەنغۇ تۈگەشتىم، مۇشۇ باللىرىمنىڭ بەختىنى بېرەرسەن، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە هويلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا، ئۆيلىرىگە سەپسېلىپ قارىدى: هويلىنى ئوت - چۆپ، قوراي بېسىپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ گىرۋەكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، دېرىزىلەرنىڭ ئاستىلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كىشىگە ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا نېمە تاقالسا هەم ئۇنى نېمە ئازابلىسا، ئۇ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ. زىبىرنىسانىڭ ئېسىگە هەسەنبايىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىنى تىللىغىنى پات - پات كېلىپ قالاتتى: يوقال، دادىمىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان جەددال قېرى!

توۋا، دادىمىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان، دەيدا. مەن قانداق قىلىپ ئايلاندۇرۇۋالىمەن؟... تولا كىشى قويۇپ، بوسۇغامنى تېشىۋېتەي دېيىشىدىغۇ. ئادەمگە مۇنداقمۇ يالا چاپلايدىكەن. جەددال قېرى دېگىنىچۇ؟ قېرىپ كېتىپتىمەن - دە. كىشىلەرنىڭ كۆزىگە شۇنداق سەت، يىرگىنىشلىك كۆرۈنىدىكەنمەن - دە...

زىبىرنىسانىڭ تۇل ياشاۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. يېتىپ يېگەنگە تاغدەك دۇنيا بولسىمۇ توشمايدۇ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىمۇ سېتىلىپ بولاي دېدى. تۇرمۇش غېمى ئۇنى كىشىلەرنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، نان - پانلىرىنى يېقىپ، باللىرىنى

بېقىشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى قامداش تەسكە چۈشەتتى. مەھەللە ئاساسىي قاتلام كادىرى ئۇنىڭغا كوچا سۈپۈرىدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتىپتۇدى، ئۇ شۇ يەرگە باردى. شۇ ئىشقا مەسئۇل كىشى زىبىرنىسانىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە سەپسېلىپ بىر قاراپ چىقىپ:

— بولىدۇ سىڭلىم، بارلىقى بار، ئايلىقىڭىزغا توقسەن سوم بېرىمىز. سىزنىڭ ھاجىتىڭىزدىن مەن چىقاي، سىزمۇ مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىقىسىز، ماقۇل دېسىڭىز بۈگۈن كەچتىن باشلاپ ئىشقا كېلىڭ، ياخشى ئىشلىسىڭىز مۇكاپىتىڭىز بار، سىزگە ئاشۇرۇپىمۇ بېرىۋېتەلەيمەن، — دېدى كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

زىبىرنىسا ئۇ يەرگە ئىككىلىنىپ ئاياغ باسمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ قۇرۇلۇشتا كۈنلۈك ئىشلىدى. تۆمۈر قول ھارۋىسىدا خىش توشۇدى، چېلەكتە سېمونت لاي كۆتۈردى، لاي ئەتتى، قىلمىغان ئىشى قالمىدى. قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، شۇنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلدى. كەچتە ئۆيىگە كېلىپ ئۆزىنى كاڭغا تاشلىۋېتەتتى، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى سىقىراپ ئاغرىيتتى، بالىلىرىغا بەزىدە تاماقمۇ ئېتىپ بېرەلمەيتتى. بولدىلا، ئەتىدىن باشلاپ بارماي، ئۆلمەسمەن، دەپ ئويلايتتى - يۇ، بىراق ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممىدىن بۇرۇن بېرىۋالاتتى. شۇنداق قىيىنىلىپ يۈرۈپ ئىككى ئاي ئىشلىدى. جۇدەپ ئورۇقلىدى، پېشانىسىگە، ئېغىزىنىڭ ئەتراپى، ئېڭەكلىرىگە ئۇششاق قورۇقلار چۈشتى، كۆزى ئولتۇرۇشتى، ھېچكىم ئۇنى ئوتتۇز ئۈچ ياشلىق ئايال دېمەيتتى، بەئەينى قىرىق بەش - ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاياللارغا ئوخشاپ قالغانىدى، كۆزلىرىدىن غەمگۇزار، مېھرىبان ئانىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى زىبىرنىسا سايدا كەچكىچە قۇم تاسقاپ كېلىپ قاتتىق ھاردۇق يەتكەچكە، تاپىسىدا ھالسىراپ كەتكەن ئادەمدەك تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز قوش ئىشىكلىك دەرۋازىسى ئۇرۇلدى. ئۇ دەسلەپ كىمنىڭ دەرۋازىسى ئۇرۇلغانلىقىنى سېزەلمەي، ئېرەن قىلمىدى. كېيىن يەنە ئۇرۇلۇۋىدى، چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى - دە، بىر قىسما بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. دەرۋازا ئالدىدا ئاۋۇت تۇراتتى. ھېلىقى بىر چاغدا كوچىدا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆزلەردىن كېيىن، زىبىرنىسا ئۇنى كېلىدۇ دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدى.

— نېمە دەپ كەلدىڭىز؟ — زىبىرنىسانىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — خەقلەر كۆرسە نېمە دەيدۇ؟ كېتىڭ، تېز كېتىڭ!

— بالىنى سېغىندىم...

— سىز بالا سېغىنىدىغان ئادەممۇ! — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— خاپا بولماڭ، قىزىمنى كۆرۈۋالاي.

— قىزىڭىزنى كۆرگىڭىز كەلسە، كوچىدا كۆرۈڭ، ئەتە بازارغا ئەچىقىمەن.

— ھازىر كۆرسەممۇ ئوخشاشقۇ؟

— كېتىڭ دەيمەن، مەھەللىدە سەت، بولمىسا ۋارقىرىۋېتىمەن، سىزگىمۇ نومۇس كېرەكتۇ؟

زىبەرنىسا دەرۋازىنى قاتتىق ياپتى. ئاۋۇت ئىلاجىسىز كېتىپ قالدى.

ئۇ قەدەم باسقان تۇرمۇش كوچىسىدا خىيالىغىمۇ كەلمىگەن قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ؟ بۇ تەرىپى ئۆزىگە قاراڭغۇ. كىشىلەر ئەلۋەتتە تۇرمۇش كوچىسىغا ياخشى كۈن كۆرىمەن، دەپ كىرىدۇ. لېكىن قانداق قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئالدىن بىلەلىگەن ئەمەس. قىلغان قىياسلىرىنىڭ توغرا چىقماسلىقى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئەھۋال. يۈرىكىنى ياندۇرغان ئارزۇ-ئارمان، تىلەك-تەلەپلىرى ئەمدى تامامەن ئۆچكەنىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، بوپتۇ دەڭ، قىزىم، قاراڭا بولۇپ كەتكىنىڭىزنى، — دەيتتى زىبەرنىساغا دائىم كۆيۈنۈپ، ھالىغا يېتىپ تۇرىدىغان قوشنىسى ھوشۇرخان، — كەمبەغەل ئادەمكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئارتۇقچە ئارزۇ-ھەۋىسىمۇ بولمايدۇ، قۇۋلۇق-شۇملۇقنىمۇ بىلمەيدۇ، ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ، ئۆمرى خوتۇنسىز، بالىسىز ئۆتكەن ئادەم سىزگىمۇ، بالىلىرىڭىزغىمۇ كۆيۈنىدۇ، مائاشى بار ئىكەن، بوپتۇ دەڭ، قىزىم.

نۇرغۇن دە-تالاش، كۆيۈنۈپ بەرگەن مەسلىھەتلەردىن كېيىن، زىبەرنىسا بوپتۇ، دېدى. ئەرلىك بولۇش ئۈچۈنلا، ئەندىشىلىك يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇش، ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش غېمى ئۈچۈنلا سىدىقجان دېگەن ئادەمگە تېگىشكە رازى بولدى.

سىدىقجان بىر ئىدارىدە دەرۋازىۋەنلىك قىلىدىغان، يېشى ئەللىككە بارغان، چىرايى قارامتۇل، بىر كۆزىدە ئېقى بار سەت ئادەم ئىدى. تويدىن كېيىن ئۇ زىبەرنىسالارنىڭ قورۇسىغا كۈيئوغۇل بولۇپ كىردى. زىبەرنىسانىڭ ئۆتمىنچى قېتىملىق تۇرمۇشى مانا مۇشۇنداق ئادەم بىلەن باشلاندى-دە، ئۇنىڭ ئۇ يەردە-بۇ يەردە ئىشلىشى شۇنىڭ بىلەن توختىدى.

— قورۇنى تۈزەشتۈرەيلى، زىبەرنىسا، — دېدى ئۇ بىر كۈنى، — ئۆيلەرنى يېڭىلايلى، ئەر كىشى بولمىغاندىكىن شۇنداق ۋەيرانە بولۇپ كەتكەندۇ، قورۇنى ئادەم باردەك تۈسكە كىرگۈزەيلى.

بۇ توققۇزىنچى ئاي مەزگىلى ئىدى. سىدىقجان يىغىپ قويغان ياغاچلىرىنى ئەكەلدى. ئۇزۇندىن بېرى يىغىپ يۈرگەن پۇلىغا خىش ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدى. قىشچە تەييارلىق قىلىپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ياسىتىپ قويدى. قىش ئۆتۈپ بەشىنچى ئاي كېلىشى بىلەن قورۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئۆي ئاددىي بولسىمۇ، ئاستى خىشلىق قىلىنىپ كۆتۈرۈپ سېلىندى، بىر تەرىپىگە چايخانا سالدى. كونا ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ بىرسى ئامبار، بىرسى كۆمۈرخانا قىلىندى. تام شورلىرى ئېتىلدى، تاملار سۇۋالدى ۋە ئۆيلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئاقارتىلدى. شۇ يىلى كۈزلۈكى ئېرىقلار تارتىلىپ، يېڭى سورتلۇق مېۋە كۆچەتلىرى تىكىلدى. شۇنىڭ بىلەن قورۇ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك يېپ-يېڭى تۈسكە كىردى.

ئۇلارنىڭ ئۆي تۇتۇۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا زىبەرنىسانىڭ كۆڭلى رەنجىگۈدەك، دىلى ئازار يېگۈدەك بىرەر ئىش ئۆتۈلگىنى يوق ھەم ئۆزىمۇ

www.uyghurkitap.com

خاتىرجەم بولۇپ قالدى، موھتاجلىقمۇ تارتمىدى. ئەمما بۇ ئېرىگە نېمىشقىدۇر مۇھەببىتى قوزغالمىدى. سىدىقجان ھەر كۈنى دېگۈدەك بالىلارغا بازاردىن ئىككى - ئۈچ تال ئالما ياكى نەشپۈت ئالغاچ كېلەتتى.

— يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن قورۇنىڭ مېۋىلىرى، سىلەرنى تويغۇزۇپ ئاشىدۇ، — دەيتتى ئۇ بالىلارغا.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دەيتتى زىبەرنىسامۇ ئېرىگە، — يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، بالىلارنى تەمەگەر قىلىپ قويىمىز.

— كىچىك بالىلارنىڭ تاۋى ئۆسۈپ بارسا، ئۆزلىرىمۇ ئەركىن بولىدۇ.

سىدىقجان كىنوغا ھەۋەسمەن ئىدى، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى بالىلارنى ئېلىپ كىنوغا باراتتى، زىبەرنىسا بارغىلى ئۇنىمايتتى.

— ئاز كۈندىن كېيىن، تېلېۋىزور ئېلىپ بېرىمەن، كىنونى ئۆيدە كۆرۈسىلەر، — دەيتتى ئۇ.

— ئوھوي ... خەقلەرنىڭ ئۆيىگە ئەمدى كىرمەيدىكەنمىز، قانداق ياخشى، — ئوغلى چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئىككى بالا سىدىقجانغا شۇنداق ئامراق ئىدى، ئاتا مېھرىنى تۇنجى كۆرگەن بالىلار ئۇنىڭغا يېپىشىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى زىبەرنىسا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. سىدىقجان ئىشتىن كېلىشتىن بۇرۇن، سۈيۈقئاش بولسىمۇ ئېتەي، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تاماققا تەييارلىق قىلدى. سۈيۈقئاشنىڭ سۈيىنى قاينىتىپ، ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىدى. سىدىقجان كورا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— نېمىگىمىز ئۇ؟

— سىزنىڭ ئامراق تامىقىڭىز — ئاشپۇزۇلدىن لەگمەن ئېلىپ كەلدىم.

— مەنمۇ تاماق ئېتىۋېدىم ...



— ئەتىگەن ئاغرىپ قېلىمۇدىكىنمىز، تايىنلىق، تاماق ئېتەلمىدىڭىز، دەپ ئەنسىرىمەيمەن.

ئۇلار لەگمەننى بۆلۈپ يەپ، كەينىدىن سۈيۇقئاش ئىچىشتى. تاماقتىن كېيىن، باللار دادىسىنى ئات قىلىپ مىنىپ ئويناشقا باشلىدى. سىدىقجان تۆت پۇتلىنىپ ئۆمىلەپ، ئۆي ئىچىنى پىرقىراۋاتاتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ئولتۇرغان باللار: چۇ، جانىۋار، چاپە - چاپ، دېيىشىپ، كۈلۈپ، قىن - قىنىغا سىغماي قېلىشقانىدى. زىبىرنىسا بىر چەتتە ئۇلارغا كۈلۈپ قاراپ ئولتۇراتتى. سىدىقجان ئۆي ئىچىنى بىرنەچچە ئايلانغاندىن كېيىن، زىبىرنىسا:

— بولدى ئەمدى، داداڭلار ھېرىپ كەتتى، — دېدى.

— دادىمىز ئەمەس، ئېتىمىز، دېگىنە.

باللار سىدىقجاننىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ:

— ئەمىسە، سېنى مىنىمىز، — دېدى ئاپىسىغا.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى سىدىقجان، — ئاپاڭلار ئاغرىق تۇرسا...

بۇ كۆڭۈللۈك ئائىلىگە، كۆڭۈللۈك ئائىلە ئويۇنىغا، باللىرىنىڭ خۇشخۇي ھالىتى — كۈلكىسىگە، سىدىقجاننىڭ مۇلايىملىق، سەمىمىيلىك، كۆيۈمچانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، زىبىرنىسا بىردىنلا ھاياجانلىنىپ قالدى - دە، تۈۋى قىلغاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئېرىگە ئىسسىق مېھرى، قايناق مۇھەببىتى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

ئەتىسى قوشنا ئايال زىبىرنىساغا:

— قانداقراق بولۇپ قالدىڭىز، بۈگۈن چىرايىڭىز ئالايىتەنلا ئېچىلىپ كېتىپتىغۇ؟ — دېۋىدى، زىبىرنىسا:

— نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاشقا ئەقلىم قىسقا كەپتىكەن، ھوشۇرخان ھەدە، بۇ قېتىمقى تۇرمۇشۇم ھەشەمەتلىك ئەمەس، ئەمما ئۆزۈم شۇنداق خاتىرجەممەن، غەمسىزمەن... ئەمدى بىلدىم: بەخت — خاتىرجەملىك ئىكەن. «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەنلەر ئەجەب تېپىپ دەپتىكەن، — دېدى.

— شۇنداق بولىدۇ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا، باياشات تۇرمۇشتىنمۇ لەززەت تاپالمايسىز، كۆڭۈل خاتىرجەم بولسا، نامرات تۇرمۇشتىنمۇ لەززەت تاپالايسىز، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، راست شۇنداقكەن!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

nurkitap.com

مۇھەممەتجان سادىق

# لىرىكىلار

## كەچكۈزدە ئېچىلغان گۈل

ئۆچتىمىكىن باھارى شاماللارغا،
يازدا ئۈگدەپ ئۆتتىمىكىن تىنجىقتىن،
ئۇيغىنىپتۇ كەچكۈزدە
قارىغىنە، ھال چېچەك.
ئاھ، قالغانىدۇ شۇ كۈنگە
ئەگىشىپ ئېزىتقۇ تۇيغۇلارغا.
ئەيىبلەرمۇ
نومۇس،
كېلىچەك؟!
مۇبارەك كەچكۈزدە ئېچىلغان چېچەك!
ئالتۇن رەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن
گۈزەل جاناندا
باھار جامالى!
قونىمۇ بېشىڭغا پات ئارىدا قار
تۇرىسەن بىر ئىزگۈ
بەخت، ھاياجاندا،
تىنىقلىك
باھار شامىلى...

## ئادەم ۋە تەقدىر

1

يۈردى تالاي يىل
تەقدىر ھاپاش ئېتىپ
ئاشۇ بىچارە قامىتى شەمشادىنى.
ئۇ، مەھكەم ھالىتىدە
بالىسىنى ئوينىتاتتاندەك
ئوينىتالارمۇ
كۆتۈرۈپ ھاياتىنى؟!

2

بۈگۈن ئۇ، گۇس-گۇس دەسسەپ
يۈرىدۇ ئۆز پۇتىدا،
چىرايىغا يۈگۈرۈپتۇ قان.
تۇرىدۇ ئالقىنىدا
خۇش پۇراق گۈلدەك
ئەتىسى
ئەتىكى جاھان...

## تۆگە

1

لوككىسىغا ئارتىلغان
گىلەم خۇرجۇن،
بىر بېشىدا ئاي،
بىر بېشىدا كۈن...
كەلمەكتە، ئايىغىدا قوملۇق چۆللەر،
قايتىدۇ قىزىل يۇلغۇن چېچەكىدىن
توي ئويناپ
جاراڭلىغان ئۈن...

2
يەنە شۇ سامان يولى،
يىپەك يولى،
ئۈستىدە تۆمۈر قۇشلار،
كۆكسىدە ئوت ھارۋىلار،
ماشىنىلار،
قىزىل يۇلغۇن چېچىكىدە
يەنە توي ...
ياتىدۇ قېرىغان نار تۆگە
يول بويىدا —
چىمەنلىكتە.
جىمجىت كۆشەپ،
كۆزلىرىدە چاقنايدۇ ئوي...

## كۆمۈر

قارىدىن قارا ئاھ، ئاشۇ كۆمۈر،
ئالەمدە بىراق، ئەڭ گۈزەل ئۆمۈر!
كۆردۈكمۇ ئۇنىڭ يالقۇن ـ ئوتىدا
بولدى ئالتۇنگۈل ھەتتاكى تۆمۈر!...

## بىزدە پەسىللەر

گۈلباھار
ئىزھارى قايناق سۆيگۈنىڭ.
ئۈستىگە بىر قۇر ھۆسن خەت
يېزىلغان ئېغىزدىن چىققان.
گويا ئۇ، ساماۋى بىر شېرىن لەززەت،
ئارزۇلار چىشىدا چايىنغان
مېغىزدىن چىققان ...
ياز پەسلى
سىنىقى مۇھەببەتنىڭ،
ھەي، ئاشۇ نەۋقىران
پەژغىرىم تومۇزدا كۆيەلەمدىكىن؟!
پەرھادى باشلىسا چۆللەرگە زۇمرەت،
بۇلاق بېشىدا
چېچىنى ئويىنغان جانان
شېرىنىدەك سۆيەلەمدىكىن؟!
كۈز كەلدى!
ئالتۇن كۈز كەلدى!
ھاي ـ ھاي ... يولەندىن
شىلدىرلار ئالتۇن يوپۇرماق ...
ئالتۇن كۆشۈكىگە كىرمەكتە خۇشال
مەردلىك ۋە ۋاپا،
بىر شاختا يېتىلگەن
ياراشقان قوشماق ...
ئاھ چېچەك،
كۆمۈش چېچەك!
چۈشمەكتە ئۈچۈپ سامادىن،
بىلسەڭ بۇ، توي ئويىنغان مۇھەببەتنىڭ
شېرىن ئايلىرى!
ئۆتىدۇ مانا شۇنداق
بىزدە پەسىللەر،
بارمۇ يا، ئېيتقىنە ئەزىز كىتابخان،
سۆزۈمنىڭ يالغان جايلىرى؟!

## كەچكۈزنىڭ كۈز ياشلىرى

كەچكۈز...
كەچكۈز يىغلىماقتا،
ياتىدۇ ياشقا چىلىنىپ
ئالتۇن يوپۇرماقلار ...
ئاھ، بۇ ھەسرەتنىڭ كۆز يېشىمىدۇ،
ياكى شادلىقنىڭ؟!
كۆچكەن كېچىلەرگە ناخشا ـ قوشاقلار...
بىلمىدىم، كەچكۈز يۈرىكىدىكى
قاتقان تەرلەر ئېرىگەنمىدۇ،
ئېرىگەن مۇھەببەت
باھارنىڭ شەربىتىمىدۇ؟
گۈل ـ چېچەكلەر ئۈنچە ـ شەبنەمگە،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زېمىن سۆيگۈگە موھتاج،
مەشرەپتىن ئۇچقان ناخشىلار
ھەي، ئۇنىڭ تەرىپىمىدۇ؟!
يىغلايدىغۇ تويى بولغان قىز،
تەگسىمۇ كۆڭلىدىكى نەۋقىرانغا،
يېشىنى
قەلبىدىكى ئېرىگەن خۇشاللىقىنىڭ
سۈيى ئەمەس دېيەلەمسەن؟!
ياش بولۇپ
قاپقارا كۆزلىرىدىن چۈشۈۋاتقان
كۆيگەن مۇھەببەتنىڭ
تويى ئەمەس دېيەلەمسەن؟!
سۆيۈملۈك كىتابخان.
جاۋابىنى
كېلىدىغان باھاردىن سورا!
قىزىلگۈلدەك تون كىيىپ
بەختلىك سەنەم
كەلگەندە يار ـ يار ئىچىدە
ئارغامچا تارتىپ
ئالدىنى تورا!

## شىۋاق

كۆرۈمسىز
ئاددىي گىياھ بەرگىدە
يانار ئوت —
شەپەق جىلۋىسى.
كۆزۈمدە كۆكۈش رەڭ شىۋاق،
كۆزۈمدە دۇمچەك بىر قەبرە —
ئاھ، سۆيگۈ ـ ھۆرمىتىمنىڭ
قۇتلۇق قىبلىسى.
ئەللىي ئېيتىۋاتقان
مۇھەببەت پەرىشتەسىدەك.
سەھەر شامىلىدا
شىۋىرلار شىۋاق ...

چىرايى نۇرانە ئانام
شىۋاق سۈپۈرگىدە
سۈپۈرمەكتە يەر.
يەرگە باققان كۆزلىرى چىراغ ...

## ھايات ۋە بوۋاي

— قېرىدىپسەن!
— قېرىدىم ...
— كۈن ۋە تۈن كۆزۈۋىدىمۇ گۆر؟!
— كۆزۈمدە پەقەت سەن،
پەقەت گۈل ـ چېچەك.
جىلۋىلىنىگەن نۇر ...

## شائىر

ئاستى نەۋرىسىنىڭ بويىنىغا
يۇلتۇزلاردىن مارجان شائىر.
بەردى ئاينى
ئويىنىغىن! دەپ قولىغا ھەم.
بىر ...
ئىككى ...
ئۈچ ...
پوكولداپ قاڭقىيدۇ كۈمۈش پومزەك.
قىزچاق يۈزى غۇنچە،
غۇنچىدە شەبنەم ...
قۇرلارغا كۆچمەكتە يۈرەك،
سەندەلدە
يالقۇنلايدۇ ئوتلۇق قۇياش
ئىسسىتىپ ئۆي ئىچىنى.
تالادا ئويناپدۇ شىۋىرغان
ناخشا ئېيتىپ،
ئايلاندۇرۇپ توي ـ بەزمىگە
قارلىق كېچىنى ...
قالدى ئاھ، شائىرغا
يۇلتۇزسىز كېچە،

ئايسىز ئاسمان،
قۇياشسىز كۈندۈز ...
نە ئۇنىڭ ھۆسنىدە كۆلكە،
روھىدا توي،
يانغان قىزىتمىسى،
بېسىلغان تۇيغۇلار،

تۈگىگەن قەلبىدىكى سۆز ...
بىراق، كەتمەس بىر ئوي
زىڭىلدىغان بېشىدىن:
كېلەرمۇ گۈل،
كېلەرمۇ تاش
بۇ ئالەمنىڭ ئىچى - تېشىدىن؟!

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

# ئىككى شېئىر

## قارىغاي ۋە قاپاق تېرەك

قار تۆكۈلدى ئۇچقۇنداپ يېشىل ئورمان كۆكسىگە،
ئارچىلارنى ئاقساقال بوۋاي قىلىپ دەمدىلا.
تەبەسسۇم قىپ قونغاندا قار قارىغاي ئۈستىگە،
نەۋقىراندەك بىر يېنىك كۈلدى ئېرەڭ قىلمايلا.

سۇندى قاپاق تېرەكنىڭ قاردىن قورقۇپ پور شېخى،
لاتقا - چاۋا بولۇر ئۇ ئەگىز سۈيى ئاققاندا.
قارىغايلار قار يالاپ ئۆسەر ھامان بىخ ئۇرۇپ،
ئۇ يارالغان يەلكىدە كۆكنى تىرەپ تۇرغانغا.

ئورماندىمۇ شۇ ھىكمەت خۇددى ئىنسانلار سىياق،
ئوخشىمىغان پەسىللەر سىنار ئەقىل - ئىدراكنى.
لاۋا بولۇپ كۆيسىمۇ قىرلاردا ھەتتا قىياق،
ھەممە گۈللەردىن بۇرۇن ئۇ بېزەر تەبىئەتنى.

تۈمەن قىياق ۋۇجۇدى يەڭگىل قاپاق تېرەكتىن،
ئۆلچەپ بولماس قىياقنى مېتىر تۇتۇپ، گەز تۇتۇپ.
ئىنسانلارمۇ ئىز قويۇپ كېتەر ئۆلگە - ئىبرەتتىن،
مەيلى بۇرۇن يا كېيىن كەتكەندىمۇ يەر يۇتۇپ.

چېلىقىقنى كۆزلەرگە قىياق ئەمەس، بۇ تېرەك،
چېلىشچىدىن يۈز چەندان گەۋدە كېرىپ، ھۇشقۇرۇپ.
ئاقتۇرغانغا چېلىقماس ئۇندىن نۇقۇتچە يۈرەك،
كۆيگەن قىياق قىرلارنى توشقۇزىدۇ جۇش ئۇرۇپ.

## چۈش ۋە تىلسىمات

چۈشەكىگەن كۆڭلىرىم ئېسىمىدىن چىقماي،
يېڭى بىر چۈشەكەش ئىچىدە غەرق ئۆزۈم.
كۆندۈزلۈك قۇياشمۇ ماڭا تۈنلۈك ئاي،
تۇرمۇشنى چۈشەكەپ كۆرگەچكە ئۆزۈم.

ھېسلىرىم كۆز تۈنىدىكى ئىزغىرىن شامال،
لەيلىگەن خازاندەك كۆز يېشىم گويا.
كۆرۈنەر تىكەنلەر مىسلى مەجنۇنتال،
قەھۋەمگە تاشلانغان قەنت بۇ تاش دۇنيا!

چۈشەكەش ئىچىدە مەن مەغرۇر شەمشاد،
شۇۋىرغان ئىلكىدە بولساممۇ قوراي.
چۈشلەردىن كائىنات ياسارمەن، ھەيھات،
ئارقامدىن ئەگەشىپ ماڭغان چېغى ئاي...

بىر ئارمان ئۆمرۈمدىن مىراس بولۇپ قالار،
بولارمۇ چۈش سىياق شېرىن چىن ھايات.
مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ كېلىپ مىڭ باھار،
يېشىلمەي قالارمۇ بۇ بىر تىلسىمات؟

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

## مەن قانمىغان ئارمانلار

### گۈل

قىرغاقلارغا شولا تۆكۈپ تاڭ،
قان دەرياسى ياسايدۇ گۈللەر.
ياپراقلاردا چاقنايدۇ شەبنەم،
ئالتۇن چايقار ساناقسىز كۆللەر.

زەپمۇ گۈزەل ئاشۇ مەنزىرە،
خىيالىمدا ساڭا ئوخشاش، جانان.
ئىزلىرىڭدا گۈللەر ئۈنىدۇ،
سەن بولغاچقا گۈللەر قەدىردان.

### سېنى قايتا ياراتسا تەڭرى

پەرىشتىلەر قىلدى تەئەججۈپ
ھال مەڭزىڭگە سۆيسەم ئېچىرقاپ.
گۈزەللىككە تويۇنغان ئالەم
ئەمدى سەندىن قالدى يېتىرقاپ.

قويغىنە، شۇ تەنتەكلىكىڭنى،
غۇرۇر ئۈچۈن يوللار بار كەڭرى.
چىرايىڭغا يەتكۈزمەي نۇقسان
سېنى قايتا ياراتسا تەڭرى.

### ئانامغا

گۈللەرگە تولدۇرۇپ قۇچاقلىرىمنى،
پەرىلەر باغلاردا كۈلدۇرسە سەھەر.
بېشىمدا زەر تاجىنى چاقنىتىپ قۇياش،
چېكەمدە يۇلتۇزدەك پارلىسا گۆھەر؛

بەختىمدىن تۆرەلگەن شېرىن چۈشلەردىن،
ئىزدەيمەن غۇلاچلاپ بۈيۈك جىسمىڭنى.
دېڭىزلار كۆكسىنى تىترىتىپ ھەيۋەت،
توۋلايمەن ياڭراق ئۈن بىلەن ئىسمىڭنى.

شاھلىقنى بەرگەندە ھاياتىم بەھرىم،
مەغرۇرلۇق قۇشلىرى قونسا بېشىمغا.

بارسەن ئالدىڭغا زاكامنى تىلەپ،
بوۋاقلىق يېشىمنى قوشۇپ يېشىمغا.

كونىرىماس ئۇقۇمسەن، يىقىلماس مۇنار،
پەرىلەر ۋەسلىمۇ ۋەسلىڭگە چاكار.
شاھلارنىڭ شاھىسەن ئەي ئۇلۇغ ئانا،
ھەر لەۋزىڭ شۇ ھېسنى قىلىدۇ ئىقرار.

## بەختىمىز بىلەن كىرگىن چۈشۈمگە

گۈزەل ھېسلار يوللايدۇ ئانا،
مېھرىڭ ھەر تۈن ئۇيقۇ پەسلىمگە.
تاتلىق چۈشلەر كۆرسەمكەن دەيمەن،
يېتىمىز بىر پەس سېنىڭ ۋەسلىڭگە.

سەن كېلىسەن سالقىن باغلاردىن،
چېكىنگەندەك ئون بەش يېشىڭغا.
يارىشىپتۇ چىرايلىق دۇنيا
سۇمبۇل چاچلىق ئەزىز بېشىڭغا.

ئون سەككىز ياش پەسلى دادامنىڭ،
يوللىرىڭغا تۆرگان تەلمۈرۈپ.
بېغىشلايدۇ «جېنىم جورام»نى
گۈل ھۆسنۈڭگە باققانچە كۈلۈپ.

بۈگۈن ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمدە،
زېمىمۇ غەمكىن كۆرۈندىڭ ماڭا.
بەش ۋاق ناماز قازا بولمىغان،
قانداق گۇناھ ئارتىلدى ساڭا؟

مەن تولغانسام تۆكۈپ دەريا ياش
دېدى بىر كۈچ: كۆيدى مېھرىڭدە.
كۆيمە ئانا، كۆيمەك مېنىڭدۇر،
بەختىمىز بىلەن كىرگىن چۈشۈمگە.

## ھەسسەڭ بار سېنىڭمۇ ئاپئاق چېچىڭدا

يىللارنى قارغىدىم، توقۇدۇم قوشاق،
ئاق چاچلار بېشىمغا قونغاندا تال ـ تال.
سەن سالغان كەچمىشلەر قويغاندا سوراق،
دىلبەر تۈن، ئورمانلار يوللىدى خىيال.

بىلمەيسەن، قانچە تۈن يالغۇز ئۆيۈمدە
دارىغان شامالدىن تەۋرەنسە پەردەم،
ئىسمىڭنى ماۋزۇ قىپ پۈتكەن كۆيۈمگە،
بىر غالجىر تەشنالىق بولغان مۇجەسسەم.

مەن سېنى ئىنتىزار كۈتتۈم ئامرىقىم،
مىڭ تۈرلۈك قىسمەت بار ھەر تال يېشىمدا.
پۈرلەشتى يۈزلىرىم يىرىم ۋە يىرىم،
ھەسسەڭ بار سېنىڭمۇ ئاپئاق چېچىڭدا.

## مەن تاللىغان ئاشۇ ئىسمىڭنى ...

(قىزىمغا بېغىشلايمەن)

بىز قوغلىشىپ ماكاپ بەرگىنى
دەريا بويى يېشىل قىرغاقتا.
ئاناڭ بىلەن قىلغاندا سەيلى
قوت بەرگەنتىڭ، تەۋرەپ قورساقتا.

قويغاندىم شۇندا بېشىمنى
سۆيگۈ دولقۇن ئاتقان كۆكرەككە.
تىڭشاپ ئۇندىن تىنىقلىرىڭنى،
مەن تەۋرەنگەن قۇتلۇق تىلەكتە.

قىز بولسا ـ چۇ؟ .
ئوغۇل بولسا ـ چۇ؟ ...
دېگەن تۈيغۇ تۇرسا سوراقلاپ،
چىقتى قۇياش چېچىپ زەر چاچقۇ،
گۈلباغلارغا تاڭلارنى چىللاپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

تاللىۋالدىم شۇندا ئىسمىڭنى
زەر قۇياشلىق قىزىل تاڭلاردىن.

قورشىدىم دەپ چاقىردىم سېنى
ۋەسلىڭ بەرگەن گۈزەل ئاڭلاردىن.

### قالسۇن

كېتەي دىلبەر بوسۇغاڭدىن، ساڭا ئاشنالىقىم قالسۇن،
مەگەر كۆڭلۈمنى قىلغىن رەت قاشاڭ تەشنالىقىم قالسۇن.
تاماشا قىل دېرىزەڭدىن، تالاپ تايغانلىرىڭ كەلسە،
قاراپ دەم ـ دەم كېتەي يىغلاپ، ئىشقىمى رەسۋالىقىم قالسۇن.
خالايىقلار كۆرۈپ يولدا ياقا چىشلەشسە ھالىمغا،
باراي قوغلاپ كۈلۈشلەرنى، ساراڭ ـ سەۋدالىقىم قالسۇن.
چۆكۈپ خۇرشىد چىقىپ ئاي، كۆك چېچەك رەڭگىنى ئالغاندا،
مازارلاردا تۈنەي دەۋرىش بولۇپ، تەنھالىقىم قالسۇن.
چۈشۈمدە ھۆرى ـ غىلمانلار قولۇمنى تۇتسا سۆيمەككە،
ئۆلەيكى، سۆيگۈچە سەنچۈن ئىجىل ئەرۋاھلىرىم قالسۇن.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

## گۈزەل سەھرا كارۋانلارغا يول بەردى

### مەڭگۈ ئۆچمەس تىلەكلەر

گۈل بەرگەندە تامغان سۇزۇك زۇمرەت بىز،
كۆزىمىزدە يالتىرايدۇ تاڭ نۇرى.
جىسمىمىزدە ھېچ تۈگىمەس قۇۋۋەت بار،
بىز ۋەتەننىڭ تاڭشۇرۇلغان تۇلپىرى.

كۆكتە ئۇچقان لاچىنلاردەك پەرۋاز قىپ،
چوققىلاردىن چوققىلارغا ئاتىمىز.
ئالدىمىزدا گۈزەل ئىقبال جىلۋىسى،
ئىقبال ئۈچۈن مەڭگۈ قانات قاقىمىز.

يۈكسەكلىككە تىرمىشىمىز ھەر مىنۇت،
يەلكىمىزدە ئەجداد يۈكى ئېسىقلىق.
قۇياش بىلەن سىردىشىمىز، قۇياشتەك
يۈرىكىمىز ئەۋلادلارغا ئېسىقلىق.

نۇر قۇيۇمىز نۇرغا تەشنا دىللارغا،
دولقۇنلايدۇ يۈرەكلەردە يۈرەكلەر.
يالقۇن چېچىپ ئۆتەر چوقۇم ھاياتقا،
مەڭگۈ ئۆچمەس بىزنىڭ ئوتلۇق تىلەكلەر.

### سۆيگۈ

سۆيگۈ — دېڭىز، يەلكەنلەرنى ئويناتقان،
سۆيگۈ — زەمزەم، چاڭقاشلارنى ياشناتقان،
سۆيگۈ — قىلىچ، دەستىلىرى ئۆپپىرىماس،
يۈرەكلەرنى پارە قىلغان، قاقشاتقان.

سۆيگۈ — ئاياز، بورانلىرى دەھشەتلىك،
ئاجىزلارغا نەشتەر بولۇپ سانجىلار.
سۆيگۈ — يىراق ئۇپۇقنىكى سەراپ ئۇ،
سۆيگۈ ئىزدەپ نابۇت بولدى قانچىلار.

سۆيگۈ يۈكسەك پەيغەمبەردىن، ئىلاھتىن،
ھەممە ئۆلەر، لېكىن سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ.
يەلتىزى بار ئۇنىڭ پۈتكۈل جاھاندا،
ئۇ گۈزەللىك تۇپرىقىدا كۆكلەيدۇ.

## كارۋان

ئۇپۇقتىن ئۇپۇققا تۇتاشقان قۇم چۆل،
باغرىدا سىزىدۇ ئاتەشلىك سابا.
قامقاقلار قايىنۇقۇپ ئۇچار ھەر تامان،
چىرقىراپ يۈرۈيدۇ بۇرۇختۇم لاۋا.

ئاڭلىنار يىراقتا كارۋان ناخشىسى،
ۋە ئاڭا تەڭكەشتۇر كولدۇرما كۈيى.
بارخانلار كۆكسىدە قالدى سانسىز ئىز،
ھەر ئىزدا دولقۇنلار تەشنالىق سۈيى.

يۇلغۇنلار تەۋرىنەر يېنىك ۋە يېنىك،
ئىنتىزار دىللارغا بولۇپ پاياندار.
مەنزىللەر خۇمارى قىينايدۇ ھەردەم،
مۇزلىماس تىلەكلەر بولسىمۇ ئاياز.

كېلىدۇ كارۋانلار، كېلىدۇ جۇشقۇن،
كىرپىكلەر تېلىدا ھالقا - ھالقا ياش.
يۈرىدۇ مەنزىلگە، يۈرىدۇ تەمكىن،
ئۈمىدۋار كۆزلەردە چايقىلار قۇياش.

## گۈزەل سەھرا

سادda كۆزلەر، سادda قاراشلار،
ئۇندا مېھىر، سۆيگۈلەر ئايان.
خىلۋەتلەردە ئۇماق ماراشلار،
دىل ئەمرىنى قىلىدۇ بايان.

ئېھ، سەھرانىڭ زۇمرەت كۆكىدە
شۇنچە يارقىن پارلايدۇ قۇياش.
گۈلگۈن ھايات، شادلىق ئىلكىدە
بەرگلەردىن ئاقمايدۇ كۆز ياش.

نېمە ئىشكىن سەھرا قىزلىرى
ساڭا بېقىپ يەللىق قارايدۇ.
قامىتىگە باقساڭ ئەيمىنىپ،
كۆزلىرىدىن كۈلكە تارايدۇ.

بوۋايلارغا يولۇقساڭ ئەگەر،
بۇ دۇنياغا قايتا كېلىسەن.
ئاچچىق - تاتلىق رىۋايەتلەردىن
ئەجدادىڭنى ئاندىن بىلىسەن.

ئېتىز - قىرلار، گۈزەل يايلاقلار
خۇشاللىقنىڭ ئەركىن سەھنىسى.
نەگە بارساڭ ناخشا، ساز، چاقچاق،
سەنئەتكاردۇر بۇندا ھەممىسى.

سەھرالاردا باشلىنار ئىكەن
ھەر كۆنلۈكى يېڭى بىر ئۆمۈر.
شۇڭا دەيمەن ئاۋارە بولماي،
گۈزەللىكنى سەھرادىلا كۆر.

## ئېھ، دىلدارىم سېنىڭ ئۈن ياش چاغلىرىڭ...

ئېھ، ئەجەبمۇ ساددا، ئۇماق قىز ئىدىڭ،
سۆيمەلەردە نۇر تالىشىپ سۆيگۈدەك،
ياكى تاڭلار رۇجىكىدىن مارىلاپ،
بالىلىقنى بىر سەندىنلا كۆرگۈدەك.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

بەكمۇ پاكىز، بەكمۇ ئۇلۇغ روھ ئىدىڭ،
سۆزلىرىڭدىن تۆرىلەتتى مىڭ ھايات.
لەۋلىرىڭدىن تارامىسا كۈلكىلەر،
ئىقبالىڭغا قىقىلاتتى پەر - قانات.

ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ ھارمايتتىڭ،
بار بەختىنى تەقدىر ساڭا بەرگەندەك.
قۇشلار بىلەن سۆزلىشەتتىڭ، كۈلەتتىڭ،
گويا قۇشلار تىللىرىنى بىلگەندەك.

ئەپسۇس، ئەپسۇس، كەتتى قىسمەت ئالمىشىپ،
سەبىيلىكىڭ قېتىپ قالدى يىراقتا.
ۋۇجۇدۇڭدا تەۋرەپ سۆيگۈ يەلكىنى،
ئازابلىدى سېنى ئىشقىي پىراقتا.

بەلكىم ئاشۇ مەن تەلمۈرگەن كۆزۈڭگە
قادالغاندۇ قانچە سىرلىق قاراشلار.
قەدەملىرىڭ تاشلاپ كەتكەن ئىزلاردا
يۈيۈنغاندۇ قانچە دەردلىك كۆز ياشلار.

تەقدىر ئاخىر كەلدى سېنى يىمىلەپ،
ۋۇجۇدۇمغا شەيتان سۈپەت بۆلۈندۈڭ.
شۇنچە ئاددىي، شۇنچە ئوماق قىز ئىدىڭ،
بۈگۈن ماڭا ئىلاھ سىياق كۆرۈندۈڭ.

يۈرىكىمگە ئۈنسىز ئازاب چېكىدۇ
مۇھەببەتكە تولغان ھايات باغلىرىڭ.
تاك قالىمەن، ئەسلىمەمدىن تىرىلسە،
ئىھ، دىلدارىم سېنىڭ ئون ياش چاغلىرىڭ.

**داۋۇتجان سەئىدىن**

# شېئىرلار

## پاك ئۆتەرمەن

پاك ئۆتەرمەن دۇنيادىن، پاك ئۆتەرمەن،
ئاق قەغەزدەك غۇبارسىز تىلىكىم بار.
پاك ئۆتەرمەن دۇنيادىن، پاك ئۆتەرمەن،
پاكلىق بىلەن سۇزۇلغان پېيلىكىم بار.

پاكلىق سۈتتەك قۇيۇلغان تاك نۇرىدۇر،
يېپيېشىلمۇ چاك - توزان داغ قىلالماس.
لاچىن ھامان لاچىندۇر، ھۆپۈپ ئاڭا
كۆيە سۈركەپ قۇزغۇن، سار - زاغ قىلالماس.

پاك ئۆتەرمەن دۇنيادىن، پاك ئۆتەرمەن،
يۇقماي چېكىت بەتلەرگە، ئاق ئۆتەرمەن،
بار پەرىشتەم، جىن - شەيتان چاك سالالماس،
پىلىسىراتتىن ھەر قاچان مىڭ ئۆتەرمەن.

## ئۇخلىمۇالغىن قېنىپ بىر تاتلىق

ئۇخلا، ئۇخلا باغرىمدا جانان،
ئۇخلا غەمسىز سەبىي بوۋاقتەك.
قۇچىقىمغا ئالسۇن شېرىن چۈش،
ئاي چۆمۈلگەن سۇزۇك بۇلاقتەك.

خاس ھۇجرىمىز — ئاددىي كېپەك ئۆي،
ئىككىمىزگە بولدى باشپاناھ.
يېلىدىرلىتىپ ياقتۇق بىر چىراغ،
ئانام كەبى بىزگە خەيرىخاھ.

زىلۋا قەددىڭ ئىدى بەك ئاجىز،
قامچا گۈلدەك نازۇك ۋە لىۋەن.
بىر گۈزەللىك ماڭا تەڭداشسىز،
تېپىشىمىز ئۆزگىلەر ئۈۋەن.

بىز تېرىغان سۆيگۈ ئۇرۇقى
قان تەرىگىنى ئالدى سۈمۈرۈپ.
قىسماق ئۈچۈن چېكەتكە گۈللەر،
ئۆرتەنسەمۇ تۇردۇڭ سەن كۈلۈپ.

كۆيدۈڭ، پىشتىڭ، ئۇپرىدىڭ خوپ سەن،
كۆپ بەدەللەر تۆلەپ مەن ئۈچۈن.
نېچۈن بىلمەي ئەقدەڭنى مەن،
يۈرىكىڭنى ئاتمساڭ پۈتۈن.

ئۇخلا، ئۇخلا، باغرىمدا جانان،
بولسۇن ساڭا ۋۇجۇدۇم قورغان.
چارچاشلىرىڭ يۇيۇلسۇن تامام،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ئويغان!

**چېكەتكە**

نەلەردىدۇ نالە قىلغاندەك،
تۈن قوينىدا سايرايدۇ چىر - چىر.
غايىب بولار يورۇسا ئۇپۇق،
بار ئۇنىڭدا زادى قانداق سىر؟

ئارامبەخش ياز ئاخشىمىنىڭ
جىمجىتلىقىنى بۇزار تۈن بويى.
يىغلامدۇ ئۇ ھىجران دەشتىدە
يا قوقۇمدۇ مۇھەببەت كۈيى؟

ئاھ، بىچارە، مىسكىن جانۋارنىڭ
ماكانىمۇ داڭگال ئارىسى؟
ئىزدەپ - ئىزدەپ تاپالمىدىم ھېچ،
قۇلىقىمدا ئۇنىڭ نالىسى.

ئۇ ئۇخلىماي ياڭرىتار ناخشا،
ئۇنى پۈتۈپ تالمامدىغاندۇر؟
چۈشى ئىلكىدە تولغىنىپ چېچەك،
نالىلەرنى ئاڭلامدىغاندۇر؟

رىسالەت ئەسەيدۇللا

# ئىككى شېئىر

## قايدىسەن

سەن ئۇچۇپ نەلەرگە كەتتىڭ ئامرىقىم
نېمىشقا شۇ ئوتنى ياققانتىڭ بۇرۇن؟
نىئاراب، كويلارغا سالمىدىڭ مېنى
بەرمەستىن دەقىقە باغرىڭدىن ئورۇن.

گاھ مېنى كەل دېدىڭ، كەلسەم ئۆزۈڭ يوق،
سەندىكى سۆيگۈمۇ ياكى توزاقمۇ؟
شۇ مېنى كۆيدۈرگەن ئوتلۇق كۆزلىرىڭ
جاۋاب بەر، جەننەتمۇ ياكى دوزاخمۇ؟

مەن تېخى نادان بىر مەسۇم قىز ئىدىم
ياقتۇرۇپ سۆيگەندە قەلبىمدىن سېنى.
نېمىشقا سۆيگۈمنى قىلىپ دەپسەندە
تۈگمەس ئازابقا سالىسەن مېنى.

باشتىكى چىن سۆيگۈ يۈرەكتە مەڭگۈ،
دېڭىزدەك تىنجىماس دولقۇنلار ئۇرۇپ.
بىلگىنكى، پەس ئارزۇ - ھەۋەس ئۇ بىر چۈش،
ئۆتكۈنچى يامغۇردەك كېتىدۇ قۇرۇپ.

ھەۋەسنى سۆيگۈ دەپ بولۇپ مەھلىيا،
جانانىم دېسەڭسەن بىرلا كۆرگەننى.
ئاخىرى ۋىجدانىڭ سورايدۇ سەندىن
قايدا، دەپ سەن ئۈچۈن مەڭگۈ كۆيگەننى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قىلما تەقەززا

كۆزلىرىڭ خۇددى بىر ماگنىت كەبى
تارتتىمۇ كۆزۈمنى، قاراتتى ساڭا.
چېھرىڭگە تىكىلىپ باققاندا ھەربىر،
ئاجايىپ تۇيغۇلار سالدىڭ سەن ماڭا.

گاھ كۈلۈپ باقىسەن، گاھى تەلمۈرۈپ،
ۋۇجۇدۇم تىترەكتە كېتەر شۈركىنىپ.

شۇ سىرلىق كۆزلىرىڭ قىلغاچ دەر گۇمان
تۇرىمەن يېگانە تۇيغا چۆمۈلۈپ.

كۆزلىرىڭ ئەپقاچتى تۈندە ئۇيقۇمنى
بۇ خەستە يۈرەككە سالغاچقا ئازاب.
كۆزۈڭدە شەرھلەپ قىلماي تەقەززا
ئېيتساڭچۇ سۆزۈڭنى تۇرماستىن قاراپ.

تۇيغۇنجان ئابدۇۋېلى

# قۇياش ئىكەن ئەسلى ئادەملەر...

## ئادەم قۇياش

تولغانغانچە يېتىرقاش ئىچىرە،
سايىلارغا تىكتىم كۆزۈمنى.
خىرەلىككە بەرمىدىم چىداش،
يۈرەكلىرىم قاتتى بولۇپ تاش
يوقاتقانچە ھېسسۇ ـ سېزىمنى.

قۇياش تىلەپ تەگرىدىن مىڭ رەت،
بوسۇغىمىسدا ياتتىم جەننەتنىڭ.
ئۆتۈنۈشلەر ھەل بولماي تۈگەل،

بۇنىڭ ئۇچۇن تۆلىدىم بەدەل،
قۇلىغىدا ئويناپ مېھنەتنىڭ.

ۋەھىمىلەرنى كۆتتۈم تالاي تۈن
ئۇيقۇسىزلىق ئەدىگەن دەملەر.
كۆڭلۈم مېنىڭ يورۇدى بىردىن،
يېڭى تاڭ ئەۋجىدە زېمىن،
قۇياش ئىكەن ئەسلى ئادەملەر...

## سۆيىمۇەر قىزچاق ...

... گە بېغىشلاپ

كۈلكە تەرگىن زىنناقا، ئاچچىقلانما ھەرگىزمۇ،
جىرىڭلىغان كۈلكىلەر سەۋدايىڭنى تارقىتار.

جەننەتتەكى ھۆر قىزلار تەسىرلىنىپ سېنىڭدىن،
ھېسلىرىنى پارچىلاپ كەڭلىكلەرگە چاچىرىتار.

مەيلى سېنى بەزلىسۇن ئالدىنگدىكى ئادەملەر،
سۆيۈنچەڭنى بىردۆر يۇرىكىڭدىن سۆيگەنگە.
ساڭا كۆلۈپ قارايدۇ تۆندە يانغان يۇلتۇزلار،
بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ پەرۋانىدەك كۆيگەنگە.

سۆيمەي تۇرۇپ سۆيۈنگەن ئۆز بەختىنى تاپالماس،
ئۇندا ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئەلەملىرى لەپىلدەر.
مەن يۇرۇيمەن كەچكۈزنىڭ جىمجىت سارغۇچ باغرىدا،
شىۋىرلايدۇ ئالدىمدا قىزغىن، يېشىل شەپىلەر.

## ئۆمۈر ناخشىسى

ئۆمرۈمدە ناخشىلار قالدى بىر تالاي،
بەزىسى يېقىملىق، بەزىسى قوپال.
تولۇلمدىم بولسۇنكى مەيلى قانداق جاي،
توساقلار تۆزلەندى، يېڭىلدى دوقال.

ئون توققۇز باھارنى ئۆتكۈزدۈم باشتىن،
ئون توققۇز ياز ۋە كۈز، قىش ئۆتتى ھەمدە.
ھېسابسىز نۇر ئەمدىم ئايدىن، قۇياشتىن،
ئاجايىپ تۇيغۇلار جۇش ئۇردى تەندە.

ئادىمى خىسلەتكە قويدۇم ئىشتىياق،
يىرگەندىم ناداندىن ياغدۇرۇپ نەپرەت.
ياخشىلىق كۆرگەندە كۆيلىدىم ئۇزاق،
يامانغا ھەر قاچان قىلدىم شەپقەت.

يوللىرىم كۆمۈلدى نۇرغا، توزانغا،
سۆيۈنۈپ تىنۇندىم نۇرلارغا قاراپ.
نۇرلارنىڭ يۈزىنى توسقان مانانلار
سۇرۇلدى ئاخىرى، كېتىشتى تاراپ.

ئىڭگە لەپ ھاياتىم باشلاندى شۇنداق،
تويۇندى كۆزلىرىم سۇبھى نۇرىغا.
ئىسىم قويۇلدى، (بىلمەيمەن. قانداق؟)
يېزىلدى بىر جان دەپ ئارخىپ① قۇرىغا.

دۇنياغا كەلگەندە تەمتىلەپ مېڭىپ،
قىزىقتىم نۇرلارغا، قىزىقتىم تاڭغا.
بىلگەنچە ئىنتىلدىم، ئەقىدەم چىڭىپ،
مۇھەببەت باغلىدىم يېڭىچە ئاڭغا.

ئۇ يامان بۇ يامان، ئاۋۇسىمۇ ھەم
شۈكرىلەر قىلمىساڭ بولسەن غاپىل.
ياشايسەن ئۆمرۈڭدىن نەچچە ھەسسە كەم،
دېيىشتى جاھالەت پىرلىرى جاھىل.

ئۆزىنىڭ قولىدا ھەركىم قىسمىتى،
تايمايمەن يولۇمدىن ئىزدەپ يورۇقلۇق.
ھىيلىلەر، مىكىرلەر كار قىلمايدۇ بەس،
كۆرۈنەر كېلەچەك كۆزۈمگە نۇرلۇق.

---

① ئائىلە نوپۇسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

uyghurkitap.com

تەھقىقكى، ئالەمدە ھەممىدىن قىيىن
ئەمەللەر قىلماقلىق شېرىن سۆزلەرگە.
ھاياتنىڭ قىممىتى بىلسەڭ بۇ ئەمەس،
ھەقىقەت يالتىراپ تۇرغان كۆزلەردە.

كىم دەيدۇ كەچمىشنى قىل دىلدىن ساقىت،
ئۇ ھامان چۈش كەبى قالدۇ ئەستە.
ئىلاھقا تىمۇنغان كەبى بىر زاھىت
تۈيغۇلار ھەدىيە قىلار بىر پەستە.

ھەر كىمدە بىر تاللاش بولغاندەك چوقۇم،
مېنىڭمۇ تاللىغان يولۇم بار داغدام.
بەك ئاددىي بوپ قالار بەلكى بۇ ئۇقۇم،
ھېسلىرىم جانلىنار كۆتۈرگەندە جام.

چۆكۈنەم ئۇيلاردىن خالى مەن تۇگەل،
ئۇ مەندىن ئالدۇ قارغىش ۋە نەپرەت.
تۆلەيمەن تۆلىسەم ئاڭا زور بەدەل،
ياندۇ قەلبىمدە گۈلخان مۇھەببەت.

ناۋادا ھېرىقسام سەپەر ئۈستىدە،
ساڭا كۈچ بېرىدۇ بۇ ئانا تۇپراق.
مەن تۆككەن تەرلەرنىڭ مېۋىسى ئەنە
ئۇ ئەبەد ئۆمرۈمدىن سولماس بىر ياپراق.

بۇ مېنىڭ ئېيتقىنىم ئۆمۈر ناخشىسى،
ئېيتىمەن ئۆمرۈمگە قويۇلغىچە چەك.
ۋىجدانىم ئۆمرۈمنىڭ بەلكى ساقچىسى،
ئۇ بىلەن نۇرانە، پارلاق كېلىچەك.

ئۆمەرجان مۇھەممەت

# ئىككى شېئىر

## ئاشۇ ياشلىرىڭ ...

ئەجەب قىلدىڭ، ئاھ! ئەجەب قىلدىڭ،
ئۇچراشمىساق بوپتىكەن باشتا.
بىلمەپتىمەن بۇنچىلا «خىسلەت»
بارلىقنى تۆكۈلگەن ياشتا.

كۆزلىرىڭدىن ئاققان شۇ ياشنى
كۆيگەن يۈرەك سۈيى دەپتىمەن.
ماڭا تەشنا شۇ پاك قەلبىڭ
مۇھەببەتلىك كۈيى دەپتىمەن...

ئاھ! سېھىرلىك ئاشۇ ياشلىرىڭ
قىلدى تالاي دەردكە مۇپتىلا.
زارلىمايمەن سېنىڭدىن زىنھار،
سەنلا بەخت تاپساڭ بوپتىلا.

## كۆڭۈل قۇشى ...

سېلىپ قويۇپ مېنى ئىشقىي ـ پىراقا،
قىسمەت تەتۈر كېلىپ، كەتتىڭ يىراققا.
ئىنتىلدۇ پاك ھېسلىرىم سەن تامان
پەرۋانىلەر ئىنتىلگەندەك چىراغقا.

كېچىلىرى چۈشۈمدە سەن، كۈندۈزى
كۆڭلۈم قۇشى سېنى ئىزدەپ ئۇچىدۇ.
كەلمىسەڭمۇ ئەۋەتكىنە بىر جاۋاب،
مېنىڭ كۆڭلۈم قاچان ۋىسال قۇچىدۇ...؟

مۇھەممەت ئىمىن

# تورغاي



(ھېكايە)

داۋۇت بوۋاينىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشتى. بالا - چاقىلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي زادىلا ئۇنىمىدى.

— خۇدادىن كەلگەن ئەجەلنى ھېچقانداق ئىنسان توسۇپ قالالمايدۇ،— دېدى ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى ئىسلىشىپ كەتكەن تورۇسقا تىككىنىچە،— بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىسقىم تۈگىمىگەن بولسا ساقىيىپ كېتەرمەن، ناۋادا رىسقىم تۈگىگەن بولسا ئەلھەكمۇلىللا دېمەي ئامال يوق.

بالا - چاقىلىرى يالۋۇردى، يىغلىدى، قاقشىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋايغا قىلچە كار قىلمىدى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى بوۋايمۇ ھېس قىلىدى بولغاي، بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆزىنى ھويلىدىكى پېشايۋان ئاستىغا ئېلىپ چىقىشنى بۇيرىدى.

پېشايۋان سالقىن ئىدى. زەڭگەر ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى بوۋاينىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قۇشلارنىڭ پەي - قاناتلىرى يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا سۇس يالتىرايتتى. بوۋاينىڭ قۇلىقىغا يېنىك كىتىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بوۋاي ئۈستىگە قارا ياپقۇچ يېپىقلىق تۇرغان قەپەسكە نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئىلى تورغىيى قاراڭغۇ قەپەس ئىچىدە مۇڭلۇق سايراشقا باشلىدى. بوۋاي ساق بولغان بولسا قەپەس ياپقۇچىنى تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭلا ئېلىۋەتكەن بولاتتى.

بوۋاي تورغاينىڭ سايرىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا پادا باققان چاغلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئەمدىلا ئونبەش - ئونئالتە ياشلارغا كىرگەن، بۇرۇتىمۇ تېخى خەت تارتىشقا ئۈلگۈرمىگەن بالا ئىدى. تاڭ غۇۋا يورۇشىغىلا ئۇ مەھەللىنىڭ بىر قوتان

www.uyghurkitap.com

قويىمىنى ھەيدەپ جاڭگالغا قاراپ يول ئالاتتى. قوزا ـ قويلارنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ مەرەشلىرى، ئاسمان قەرىدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن جاڭگال تورغايلىرىنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى. مەھەللىدىن چىقىش بىلەنلا پوتىسىغا قىستۇرۇلغان نېيىنى سۇغۇرۇپ ئالاتتى ـ دە، قوزا ـ قويلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن توزۇپ تۇرغان ئاچچىق چاڭ ـ توزاننىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇرۇشىغا قارىماي زوق بىلەن چېلىشقا باشلايتتى. پادىنى ئوتلاققا قويۇۋەتكەندىن كېيىنكى ئىشلار بولسا تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى. قوشنا مەھەللىلىك نۇرىمانگۈلنىڭ سەككىز ـ توققۇز قويى ۋە ئىككى ـ ئۈچ كالىسىنى تېزرەك ھەيدەپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. نۇرىمانگۈل داۋۇتتىن بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىتچىراق كېلەتتى. داۋۇت ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا قىن قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئالدىغا يۈگۈرۈپ باراتتى. ئۇنىڭ قويلىرىنى ئۆزىنىڭ پادىسىغا قوشۇۋېتەتتى، كاللىرىنى بولسا قومۇشلۇققا ھەيدەپ قوياتتى. ئاندىن ئۇلار بىر يەردە ئولتۇرۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە بوۋا ـ موماسىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاڭلىۋالغان چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىشەتتى ياكى ناخشا ئېيتىشاتتى، بەزىدە داۋۇت ئۇنىڭغا نەي چېلىپ بېرەتتى. قىز سول قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقان ھالدا مۇڭلۇق نەي ساداسىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا داۋۇت نەي چېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، نۇرىمانگۈلنىڭ قىردىق تال قىلىپ ئۆششاق ئۆرۈلگەن مەجنۇنتالدەك چىرايلىق چاچلىرىغا، تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرىگە، گىلاستەك قىپقىزىل لەۋلىرىگە، ئەتلەس كۆڭلىكىنى سەل ـ پەل كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىگە تويماي قارايتتى. نۇرىمانگۈل ئۇنىڭ نەي چېلىشتىن توختاپ ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالاتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ سەل قارىداپ قالغان چىرايى ئىزا تارتىش تۈپەيلىدىن شاپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى. داۋۇت ھەر قانچە يالۋۇرسىمۇ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرگىلى ئۇنىمايتتى. داۋۇت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى، ناماقۇللۇق بىلدۈرەتتى، قىزىقچىلىق قىلىپ باقاتتى. ھېچقايسىسى كار قىلمىغاندىن كېيىن دادىللىق بىلەن قىزغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىنى غىدىقلايتتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرىمانگۈل پىخىلداپ كۈلۈۋېتەتتى، ئارقىدىن يەنە قاپىقىنى تۈرۈپ، ئاغزىنى ئۇشلاپ: ھۇ، قېلىن، ئۆلمەيدىغان!... دەپ ئاچچىقلىغان بولاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئاردا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئەپ بولۇپ قالاتتى.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بىر كۈنى ئۇلار چىمەنلىكتە يانمۇ يان ئولتۇردى، شۇ كۈنى نېمە ئۈچۈندۇر داۋۇتنىڭمۇ، نۇرىمانگۈلنىڭمۇ گەپلىرى ھېچ قولاشمىدى. نۇرىمانگۈل تارتىنغان ھالدا يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويۇۋىدى، داۋۇتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى ـ دە، نۇرىمانگۈلنىڭ قىزىرىپ پىشقان توغاچتەك مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈۋالدى. ھاياجاندىن يۈرىكى تېپچەكلەپ قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

ـــ ھۇ، قېلىن، ئەسكى!

نۇرىمانگۈل ئۇيالغىنىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئارقىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلىدى، ئۇزۇنغىچە يىغلىدى.

داۋۇت قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. قىرىشقاندەك دەل شۇ چاغدا بىر تورغاي ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە لەرزان ئايلىنىپ، مۇڭلۇق سايراشقا باشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، داۋۇتقا تورغاي ئۇنى قەستەن زاڭلىق قىلىپ سايراۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. داۋۇت ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن چالما ئاتتى. كېيىن تايىقىنى ئېتەيمۇ باقتى. لېكىن تورغاي بۇلارغا پەرۋا قىلمايمۇ قويماي سايراۋەردى. نۇرىمانگۇل بۇنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— نېمە قىلىسىز ئۇنى قوغلاپ، داۋۇتكا؟ بىر چىرايلىق سايراۋاتىمدۇ، سايرىغىلى قويۇڭا، بىردەم ئاڭلايلى، — دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان داۋۇتنى تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەك يانمۇ يان ئولتۇردى. تورغاي ھېلىغىچە سايراۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ سايرىشى داۋۇتقا بەكمۇ مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاڭلاندى. ئۇ ئىختىيارسىز بوز تورغاينى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئىلگىرى بازارغا بارغىنىدا تاغىسىنىڭ دۇكىنىدىمۇ، باشقا دۇكاندارلارنىڭ دۇكىنى ئالدىغا ئېسىلغان قەپەسلەردىمۇ مۇشۇنداق مۇڭلۇق سايراپ تۇرغان تورغايلارنى كۆرگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭمۇ بىر تورغاينى تۇتۇپ قەپەستە باققۇسى كەلدى. داۋۇتنىڭ قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغان خۇيى بار ئىدى. ئۇ بىرەر ئايدەك ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر بوز تورغاينى قىسماق قۇرۇپ تۇتۇۋالدى ۋە چىۋىقتا ئۆزى ياساۋالغان قەپەسكە سولاپ، دان تاشلاپ بەردى، سۇ قۇيۇپ بەردى. لېكىن بوز تورغاي بۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى، قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۆزىنى ھەدەپ قەپەس شادىلىرىغا ئۇراتتى، قەپەس شادىلىرىنى ئاجىز، ئىنچىكە پۇتلىرى بىلەن توختىماي تاتىلايتتى، كىچىككىنە تۇمشۇقى بىلەن كۆچەپ چوقۇيتتى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن نۇرىمانگۇل چىداپ تۇرالمىدى.

— قويۇۋېتىڭ ئۇنى، داۋۇتكا! — دېدى نۇرىمانگۇل ياش لىغىلداپ قالغان كۆزلىرىنى داۋۇتقا تىكىپ يىغلامسىرىغان ھالدا، — بىچارىنى قىيناپ نېمە قىلىسىز؟ ئەركىن - ئازادە يايرىسۇن، بۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلماڭ!

— سىزنى دەپ مېنىڭ تەسلىكتە تۇتتۇم بۇنى! — دېدى داۋۇت ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — بۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەپ يۈرۈپ تاپانلىرىم يېغىر بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئاران تۇتقاندا نېمىشقا قويۇۋەتكۈدەكمەن؟

— بەرىبىر كۆنمەيدۇ، ئۆلۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن قويۇۋەتكىنىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ!

— مەن دېگەن ئوغۇل بالا جۇمۇ! — دېدى داۋۇت مەيدىسىگە ئۇرۇپ كۆرەڭلىگەن ھالدا، — قاراپ تۇرۇڭ، ئۇنى ئاخىرى كۆندۈرىمەن، ئۇ تېخىمۇ مۇڭلۇق سايرايدىغان بولىدۇ، ئىككىمىز ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايمىز.

بوز تورغاي كۆنمىدى، قەپەس شادىلىرىغا ئۆزىنى ئۇرىۋەردى، بارا - بارا ھالسىزلىنىپ، قەپەسكە چېچىپ قويۇلغان دان ئۈستىگە يىقىلدى. داۋۇت قەپەسنى ئېچىپ، تورغاينى قولىغا ئېلىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن قان تېمىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، نۇرىمانگۇل يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىپ يىغلىۋەتتى.

— بەكمۇ تاش يۈرەك ئادەم ئىكەنسىز، داۋۇتكا! — دېدى قىز گويا يېقىن

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ئۆلۈپ كەتكەندەك ئىسەدەپ يىغلاۋېتىپ، — ئەمدى سىزگە قارىمايمەن، ئەمدى سىز بىلەن بىللە ئوينىمايمەن!

نۇرىمانگۈل داۋۇت يەرگە تاشلىۋەتكەن ئۆلۈك تورغاينى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ـ دە، قول ياغلىقىغا ئوراپ، ھويلىدا ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر ئوتتۇرىسىدىكى نەم توپىغا كۆمۈپ قويدى. ئاندىن ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي، ئۆزىنىڭ قوي ـ كالىلىرىنى ئايرىۋېلىپ ھەيدىگىنىچە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى جاڭگالغا كېتىپ قالدى. داۋۇت ئۇنى بىر قانچە قېتىم ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ، قىز ئۇنىڭغا قارىماي قويدى، قوي ـ كالىلىرىنى داۋۇت بىلەن بىللە بېقىشقىمۇ ئۇنىمىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، داۋۇت تورغايغا قەۋەتلا ئۆچ بولۇپ قالدى. سېنى قەپەس ئىچىدە سايرىتالمايدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم قىلدى داۋۇت. ئۇ دېگىنىنى قىلدى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئون نەچچە تورغاي تۇتتى، لېكىن ھېچقايسىسىنى كۆندۈرەلمىدى. ھەممىسىلا ھېلىقى تورغايدەك باش ئەگمەي ئۆلدى، داۋۇت ئەقىل تېپىپ، تورغاي ئۇۋىسىدىن ئۇنىڭ ئۇچۇم بولۇشقا ئاز قالغان باللىرىنى قولغا چۈشۈردى. راست دېگەندەك شۇنىڭ ئىچىدىن بىرسى قەپەسكە كۆنۈپمۇ قالدى. بىراق ئۇ سايراشنى بىلمەمدۇ ياكى گاچا چىقىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر قېتىممۇ سايراپ بەرمىدى. باشقىلار ئۇنى زاڭلىق قىلدى.

— ۋاي ئەخمەق بالا! — دېدى بىرەيلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — جاڭگال تورغىيىنى قەپەسكە سولاپ باققان نەدە بار؟ پۇلۇڭ بولسا ئىلى تورغىيىدىن ئېلىپ باق.

داۋۇتنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ سايراشنى بىلمەيدىغان بۇنداق تورغاينى قەپەستىن چىقىرىۋېتىپ يەرگە ئۇردى. تورغاي بىرنەچچە قېتىم پالاقلاپ قويۇپ جان ئۈزدى. ئەتراپتىكىلەر بېشىنى چايقىشىپ تارقاپ كېتىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ «تورغاي كۆندۈرۈش» نىيىتىدىن يېنىپمۇ قېلىۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن دادىسى ئۇنى ناھىيە بازىدا •دۇكان ئاچقان تاغىسىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى.

تاغىسىنىڭ دۇكىنىدىكى ئىلى تورغىيى ھېلىقى جاڭگال تورغايلىرىدەك ئۆزىنى قەپەس شادىلىرىغا ئۇرۇپ يۈرمەي، كىچىككىنە قۇتىغا تۇمشۇقىنى تىقىپ بىخارامان دان يەيتتى ۋە سۇ ئىچەتتى. قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئالدىرىماي پەي ـ قاناتلىرىنى تۇمشۇقى بىلەن تاراپ قويۇپ، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن سايراشقا باشلايتتى. داۋۇت مانا مۇشۇنداق چاغلاردا ئىختىيارسىز نۇرىمانگۈلنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئارىدىن بەش ـ ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاغىسى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان بالا ـ چاقىلىرى بولمىغاچقا داۋۇت دۇكاننىڭ بىردىنبىر ۋارىسى بولۇپ قالدى. ئۇ چاي ـ پاي، قەنت ـ گېزەك، تاماكا، سەرەڭگە، سوپۇن قاتارلىق نەرسىلەر سېتىلىدىغان بۇ دۇكاننى خېلى ئوبدان باشقۇردى، ھەر بىر تىيىن ئۈستىدە تىمىسك تۇرۇپ سودىلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بېيىدى. تاغىسىدىن قالغان قېرى تورغاينى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىپ، بۇ ناھىيە بازىرىدا داڭقى چىققان بىر ئىلى تورغىيىنى ئۈستۈن باھادا سېتىۋالدى، كىشىلەر دۇكان ئالدىغا توپلىشىپ، تورغاينىڭ سايرىشىنى ماختىشاتتى. بۇ تورغاي ھەقىقەتەن ئوبدان سايرايتتى. ئۇ داۋۇتقا بىرەر يىلغىچە سايراپ بەرگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى. شۇندىن

مەمتىمىن باقى



# مىراس

(ھېكايە)

— بۇنداق غورىبەتچىلىكتىن تويىدۇم، باشقىلار ئۈچ ۋاقلىقىغا ئاق ئاش، گۆش يەپ كېكىرىپ يۈرىدۇ، بىز بولساق قۇناق ئېشىغىمۇ تويمايۋاتىمىز، بۇنداق ئاشنى ئىت ئىچسۇن!

ياسىن ئالدىدىكى ئوماچ ئۇسسۇلىغان قاچىسىنى زەردە بىلەن ئىشىك تەرەپكە تاشلىۋەتتى.

— ئاكا، قاق ناشتىدا نېمىشقا سەپرالىق قىلىسەن؟ رىسقى - نېسىۋىمىز مۇشۇنچىلىك بولغاندىكىن، بىزگە نېمە ئىلاج بار؟ قۇناق ئېشى بولسىمۇ، خۇدايىم بەرگەن نېمەت بۇ. بولدى، ئاچچىقىڭغا ھاي بېرىپ، ئېشىڭنى ئىچىۋال!

كىچىك ئوغۇل توختى يەنە بىر قاچىغا ئوماچ ئۇسۇپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كاڭ لېۋىدە ئولتۇردى. ئۆي ئىچىدىكى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق باستى.

يارداڭلىق بويىغا جايلاشقان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. تام - تورۇسلار ئىسلىشىپ قارىيىپ كەتكەن، تورۇستىن قۇمۇش پۆپەكلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. تاملارغا قېقىلغان ئۇزۇن قوزۇقلارغا جۇۋا، كونا چاپان، ئارغامچا - توقۇناقلار ئېسىپ قويۇلغانىدى. كاڭ ئۈستىدىكى يىرتىق قارا كىگىزلەرنىمۇ بىر قەۋەت توپا باسقانىدى. ماكچىيىپ كەتكەن ساندۇق ئۈستىگە قالايمىقان تىزىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپە ۋە تەكىيىلەر ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. پەقەت بۇسۇغا تۈۋىدە قاتار قويۇلغان ئۈچ كەتمەنلا ھەم يوغان، ھەم يېڭى بولۇپ، بىسى پارقىراپ تۇراتتى.

سەكسەن ياشتىن ئاشقان قاسىماخۇن

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

ئاشقمۇ قارىماي خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، يۈزىنى تىلىم - تىلىم قورۇقلار باسقان بولسىمۇ، لېكىن خېلىملا تېمەن كۆرۈنەتتى.

قاسىماخۇن قاتتىق خورسىندى. ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسى بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. قاسىماخۇن ئوغۇللىرىنى ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىستۇرماسلىق ئۈچۈن ئون نەچچە يىل بويتاقلىق ئازابىنى تارتتى. ئۇنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا ئوغۇللىرىنى تېخىچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشقا قادىر بولالمايۋاتاتتى.

بۇ مەھەللە تەكلىماكان بويىدىكى شورلۇق ئېچىگە جايلاشقانىدى. بىر زامانلاردا بۇ يەر باغۇ - بوستانلىق يۇرت ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا مەھەللىنى نەس باستى. مەھەللىنىڭ باش تەرىپىگە ئىنتايىن چوڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلدى. دەسلەپكى يىللىرى سۇ ئامبىرى جانغا ئەسقاتقاندەك بولۇپ، دېھقانلارنى خۇش قىلغانىدى. كېيىنرەك يەر ئاستى سۈيى ئۆرلەپ، زەي ۋە شور يامراشقا باشلىدى. باراقسان بولۇپ ئۆسكەن ئۇجمە، ئۆرۈك، تېرەكلەر بىر - بىرلەپ قۇرۇپ كەتتى. ئېتىزلارنى بىر قەۋەت ئاپئاق شور بېسىپ، چاچقان ئۇرۇقىنى يىغقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ، زەي ۋە شور ئاپىتى بۇ مەھەللىدە ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. يىلىمۇ يىل چوڭقۇرلىشىپ چېپىلغان زەيكەشلەر كارغا يارىماي قالدى. ياز بويى قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان باغلار نابۇت بولۇپ، تاقىر شورلۇققا ئايلاندى. ئۆيلەر ئەتىياز كىرە - كىرمەيلا غۇلاپ چۈشەتتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت مەھەللىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، دېھقانلارنى باشقا يەرەپكە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. ئاپەت دەستىدىن نامراتلاشقان دېھقانلار شور ۋە زەيىنى قارغاپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەھەللىسىدىن كۆچۈپ كەتتى.

ياسىنىنىڭ كەتكۈسى بار ئىدى. بىراق قاسىماخۇن ئوغۇللىرىنىڭ تەلپىگە زادىلا قوشۇلمىدى، ئۇ كۆچۈپ كېتىش توغرىسىدا گەپ ئېچىلسىلا:

— بالام، يېشىم سەكسەندىن ئېشىپ، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. كۈنلىرنىڭ بىرىدە كۆزۈم يۇمۇلسا، رەھمەتلىك ئاناڭنىڭ يېنىدا ياتاي دەيمەن. ئاشۇ رەھمەتلىكنىڭ تۇپراق بېشىنى يالغۇز تاشلاپ نەگىمۇ بارارمەن؟ كونىلارنىڭ بەندە ئۆلمەس، رىسقى تۈگىمەس دېگەن گېپى بار. بىر مەزگىل چىداپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن كۆچۈپ كەتسەڭلەر، مەن سىلەردىن ئىككى دۇنيا رازى، — دەيتتى. چۆل خەلقىدە ئاتا رازى، ئانا رازى، خۇدا رازى، دېگەن ئەقىدە بار. ئىككى ئوغۇل جاپا تارتسىمۇ دادىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، مەھەللىدە تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدى.

شۇ تاپتا ياسىنىنىڭ ئاچچىقى بېسىلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ قايناپ سۆزلەۋاتاتتى.

— دادا، نەچچە يىلنىڭياغى سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقماي ياشاپ كەلدۇق، مانا ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاكا - ئۇكا ھېچقايسىمىزنىڭ ھورۇنلۇق قىلغان يېرىمىز يوق. بۇلتۇر ئالغان ھوسۇلىمىز يېگىلىمۇ يەتمىدى. قىشتىن بېرى ئاكا - ئىنى ئىككىمىز چوچۇكبۇيا كولاپ ساتتۇق، لېكىن تاپقان پۇلىمىز گالدىن ئاشمىدى.

ئۈنۈگۈن كادىرلار كېلىپ، ئەمدى چۈچۈكبۇيا كولاشقا رۇخسەت يوق، خىلاپلىق قىلساڭلار جەرىمانە ئالىمىز، دېدى. پۇل تاپقىلى بولىدىغان بۇ يولمۇ ئېتىلىپ قالدى. ئەمدى ئامال تاپىماي ئولتۇرۇۋەرسەك بۇ شورلۇقتا كەسلەنچۈك، پاقىدىن باشقا بىر نېمە يوق - تە، ھەي... بالدۇر كۆچۈپ كەتكەنلەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى. مانا قادىرئاخۇن ئاكاملار ئارا تامغا كۆچۈپ بېرىپ، ئىككى يىل بولمايلا قالتىس بېيىپ كېتىپتۇ. بىر تراكتورمۇ سېتىۋاپتۇ. بولمىسا ئۇ ئادەمنىڭمۇ بىزدەك ئىككى ئوغلى بار. ئەمگەككە كەلگەندە ئۇلاردىن قېپقالغۇدەك يېرىمىز يوق. كۆردۈڭمۇ، بىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قالماي كۆچۈپ كەتكەن بولساق مۇنداق قىينىلىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. ھەي، دادا. بىزغۇ ياش، تاش يېسەكمۇ سىڭىپ كېتىدۇ، لېكىن ساڭا ئېچىم ئاغرىيدۇ. قېرىغان ۋاقتىڭدا سېنى ئاق ئاش، گۆش بىلەن باقالمىساق، بىزنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ بۈگۈن گەپنى ئۈزۈۋەت، مەن بۇ مەھەللىدە ئەمدى تۇرمايمەن.

دادا ساقىلىنى تۇتاملاپ، داستىخانغا تىكىلگىنىچە ئۈنچۈقماي ئولتۇراتتى. كۆپكۆك قان تومۇرلىرى بۆرتۈپ تۇرغان ئۇرۇق قوللىرى يەڭگىل تىترەيتتى.

— بالام، — دېدى قاسىماخۇن مېھرى بىلەن ياسىنغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — گېپىڭ توغرا، بۇ يەردە يالغۇز تۇرۇۋەرسەكمۇ ياخشى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ماقۇل، ئەمدى مەنمۇ سېنىڭ گېپىڭگە كىرمىسەم بولمىدى. بىزمۇ ئارا تامغا كۆچەيلى. ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىپ ئاپاڭنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرارمەن.

— يائاللا، دادا، بەكمۇ ياخشى گەپ قىلدىڭ، ئەمدى ئارقىمىغا سوزماي ئەتىلا كۆچۈپ كېتەيلى، مەن بۈگۈن ئاراتامغا بېرىپ كەنت كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي.

قاسىماخۇن چوڭ ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ياق، سەن ئۆيدە قال، سەن بارساڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن. ئۆزۈم باراي.

قادىرئاخۇن ئېگىز بويلۇق، بومبا ساقال، ئىلمەك بۇرۇن ئادەم ئىدى. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، بىر يىپەك خۇرجۇننى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قادىرئاخۇن، تېنچ - ئامان تۇرۇۋاتاملا؟

قادىرئاخۇن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى، قاسىماخۇننى كۆرۈپ ئىس رەڭگىدىكى چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى خۇرجۇننى سۇپىغا تاشلىۋېتىپ، ئالدىراپ سالام قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قاسىماخۇن، ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇرۇۋاتامىلا؟

ئىككى بوۋاي قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ، ساقال سىيپاشتى.

— ھە، قاسىماخۇن، بىزنىڭ مەھەللىگە قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ... ئۆيگە كىرسىلى، ئۆيگە.

— بولدى... ئۆيگە كىرمەيلى. مۇشۇ يەردە ئاپتاپ سىنغاچ بىر دەم ئولتۇراي. بىزمۇ ئاراتامغا كۆچۈپ كېلىشكە تەمشىلىۋاتىمىز. ۋۇي، بۇ خۇرجۇن ئۆز ۋاقـ

www.uyghurkitap.com

تىدىكىدەكلا يېڭى تۇرۇپتۇغۇ. مانا بىز قېرىپ كەتتۇق. خۇرجۇن بولسا ھېچنېمە بولماپتۇ. ھەي...

قاسىماخۇن سۆزلەۋېتىپ، سۇپا ئۈستىدىكى خۇرجۇننى قولىغا ئالدى - دە، ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. قادىرئاخۇننىڭ نېمىشقىدۇر چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ئىككى بوۋاي سۇپا لېۋىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشتى. قاسىماخۇن خۇرجۇننى تېخىچە ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈۋاتاتتى. قادىرئاخۇن يانچۇقىدىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، بىر چېكىم ناسۋالنى تىلىنىڭ ئاستىغا باستى.

— ئۆز ۋاقتىدا بىللە كۆچۈپ كېتەيلى دېسەك ئۇنىماي تۇرۇۋالدىلا، ھازىر كۆچۈپ كەلسىلىمۇ كېچىكمەيلا، قەيەردىن ماكان تۇتۇشنى ئويلاۋاتىلا؟

— قادىرئاخۇن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ۋەج - دۇنيانىڭ گېپىنى قىلسام، قاچقۇن ئەسكەرلەر بولاپ كەتتى، دېمىگەنىدىلە؟ ئەجەب بۇ خۇرجۇن ئۆزلىرىدە قاپتۇغۇ، گەپلىرى يالغانمىكەن جۇمۇ، — دېدى قاسىماخۇن قادىرئاخۇنغا چەكچىيىپ قاراپ.

— قاسىماخۇن، بۇ ئەتراپتىكى يەرلەر ياخشى ئەمەسكەن، بىز دەسلەپ كەلگەندە تېگى - تەكتىنى ئۇقالماي مۇشۇنداق ئەسكى يەرگە ماكانلىشىپ قاپتىمىز. كەنت كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن يەر ئالسىلا، ئۇ يەرلەرنىڭ سۈيى يېقىن، يەرلىرى چەلان توپىلىق. باغ - ۋاران قىلسىلا ئىككى - ئۈچ يىلغا بارماي مېۋىسىگە ئېغىز تەگكۈزەلەيلا.

قاسىماخۇن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، قادىرئاخۇننى جەينىكى بىلەن يەڭگىل تۇرتتى.

— قادىرئاخۇن، گەپنى شاخلىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، گوللايدىغانغا مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئەمدى ماۋۇ خۇرجۇننىڭ ئىچىدىكى ئېرىغ مالنىڭ گېپىنى قىلايلى. بۇنى ئۆز زامانىسىدا ئىككىمىز بىللە تېپىۋالغان. كېيىن سىلى تېنىۋالدىلا. ئەمدى خۇرجۇن چىقىپ قالدى، تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر دېگەن گەپ بار. شۇڭا ماڭا تېگىشلىك مالنى چىرايلىق ئالدىمغا قويسىلا، مەن ئاز بەردى، يەنە ئالىمەن دەپ دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن. خۇرجۇننى كۆرمىگەن بولسام مەيلىدى، ئەمدى سىلىدىن ھەققىمنى ئالغىنىم ئالغان!

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىلا قاسىماخۇن، — دېدى قادىرئاخۇن ئاغزىدىكى ناسۋالنى شارتتىدە تۈكۈرۈۋېتىپ، — بۇ خۇرجۇننى ئۆتكەن بازار كۈنى نەق قىرىق كوي ساناپ بېرىپ ئالدىم. سىلىنىڭ ئىشەنمەيدىغان دېگەنلىرىدىن پەرۋايىم پەلەك، سىلى ئېغىزغا ئالغان خۇرجۇننى شۇ ۋاقىتتا قاچقۇن ئەسكەرلەر بولاپ كەتكىنى راست. ئىشەنمىسىلە نان دەسسەپ، قەسەم قىلىپ بېرەي.

— قادىرئاخۇن، بىز مۇسۇلمان بەندە، قەسەمنىڭ گېپىنى ئېغىزغا ئالمىسىلا. بۇ دەل بىز تېپىۋالغان خۇرجۇننىڭ ئۆزى شۇ. مەن ئىزمىسىنى يېشەلمىگەندە سىلە پىچاق بىلەن كەسكەن جاي مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ؟ بازاردىن ئالدىم دېگەن گەپلىرى قىپقىزىل يالغان. سىلىنىڭ ناسىر زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ - چىققانلىرىنى نەچچە قېتىم كۆرگەنمەن، ئۆز ۋاقتىدا سىلىنى ھېچكىم بولاپ كەتمىگەنلىكى بۈگۈن

ئۇپئۇچۇق بولدى. چىرايلىق پۈتۈشىمدۇق ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بارامدۇق؟ مېنىڭمۇ ئاشۇ مال - دۇنيانى ھۆكۈمەتكىلا ئۆتكۈزۈۋەتكۈم بار.

— قاسىماخۇن، مەندىن ئالتۇن - كۈمۈش ئالىمەن دەپ چۆچۈرىنى خام سانىمىسىلا، — دەپ ھۆرپەيدى قادىر ئاخۇن، — گېپىم گەپ، ھۆكۈمەتكە بېرىدىغان ھېچنېمە يوق. مەندىن ئالىمەن دېسە، مانا ئىسسىق جان بار.

قاسىماخۇن ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— مېنىڭ ھەققىم سىلىدە قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن. نېمىلا بولسا، ئىككىمىز چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ قالايلى. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

قاسىماخۇن سۆزىنى تۈگىتىپلا ھاسىسىنى تۈكۈلدىتىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

قادىر ئاخۇن شۇ تاپتا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاقشان قوزۇقتەك جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. بۈگۈن ئەقلىم گەجگەمگە ئۆتۈپ قالغاندەك ئىش قىلغىنىمنى قارىمامدىغان، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ساندۇقتا بىر ئوبدان تۇرغان خۇرجۇننى نېمىشقىمۇ ئاپتاپقا سالغاندىمەن؟! ھەي ... كېپىمنى تىمىزدىن ئاشمىغۇر بۇ ئۇششۇقنىڭ خۇرجۇننى كۆرۈپ قالغىنى بەك يامان بولدى. ئەمدى بۇ پېشكەلچىلىكتىن قانداق قۇتۇلارمەن؟

1933 - يىلىنىڭ كەچكۈز مەزگىلى، تەكلىماكان چۆلگە تۇتىشىپ كېتىدىغان بۇ يۇرت ئۇرۇش يېغىلىقى ئىچىدە قالدى. زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەيتتى، مىلتىق - پىلىموتلار قوماچ قورۇغاندەك پاراسلايتتى. شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن گەنسۇدىن كەلگەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قاتتىق تۇتۇشۇپ قالغانىدى. پۇقرالار ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قاچاق ئەسكەرلەر يول بويى پۇقرالارنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش تەلەپ قىلاتتى، خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلاتتى، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى بۇلايتتى. ياش يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇش قاينىمى ئىچىگە ھەيدەيتتى. شۇ كۈنلەردە قادىر ئاخۇن بىلەن قاسىماخۇن ئۆزلىرى يىللىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان باينىڭ ئۆيىدىن قاچتى، ئالاھەزەل بىر ھەپتە ئۆتكەندە تارىم دەرياسى بويىدىكى توغراقلىققا يېتىپ باردى. كىم بىلسۇن، بۇ يەرگىمۇ يېغىلىقنىڭ قەدىمى يەتكەنىدى. قاچقۇن ئەسكەرلەر ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولاتتى - دە، توغرا كەلگەن ئادەمنى نەيزىلەپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلايتتى. ئىككىيلەن قويۇق چاتقاللىقلار ئارىسىدا قېچىپ يۈرۈپ، جىق مۇشكۈلچىلىكلەرگە ئۇچرىدى.

ئىككىيلەنگە بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا توغراقلىق ئىچىدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئات ئۇچراپ قالدى. ئاتنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرى تولۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە غانجۇغىلانغان بىر يىپەك خۇرجۇنمۇ بار ئىدى. ئۇلار دەماللىققا ئاتقا يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي يېرىم كۈنگىچە چاتقاللىقتا مۆكۈنۈپ ياتتى. ئاخىرى تەۋەككۈل دەپ ئاتنىڭ ئۆلۈكىگە يېقىنلاشتى. خۇرجۇن بەكمۇ ئېغىر

ئىدى. ئۇلار خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرىنى يەشتى. خۇرجۇندا يەيدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا لىق قاچىلانغان ئالتۇن - كۆمۈش، يامبۇلارنى كۆرگەندە، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك پارقىراپ كەتتى.

ئۇلار خۇرجۇننى بىر توپ يالغۇز توغراق تۈۋىدىكى قۇم دۆۋىسىگە كۆمدى ۋە جاھان تىنچىغاندا ئېچىۋېلىپ تەڭ بۆلۈشمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆلگەن ئاتنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئاتنى سويۇپ، گۆشىنى كۆتۈرەلىگىنىچە كېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قۇم دۆۋىسى يېنىغا قايتىپ كېلىشتى، ئوت قالاپ كاۋاپ پىشۇرۇپ، قورساقلىرىنى تويغۇزدى، ئۇلار ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە كاۋاپ يەپ يۈرۈشتى، بىراق ھەر كۈنى ئات گۆشى يەۋېرىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەگدى. ئاخىرى يېقىنراق بىرەر مەھەللىگە بارماقچى بولۇشتى.

ئىككىيلەن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بەش-ئالتە تۈتۈنلۈك كىچىك بىر مەھەللىگە يېتىپ كېلىشتى. ئەڭ چەتتىكى ھويلىغا كىرىپ، ئۇسسۇزلۇق سورىدى. ئۆي ئىگىسى كىيىم - كېچەكلىرى ئىت تالىۋەتكەندەك جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، ئاچلىقتىن مەڭىز سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئىككى مۇساپىرغا ئىچ ئاغرىتىپ، قېتىق ۋە نان ئەپچىقىپ بەردى. ئۇلار داستىخاندىكى نەرسىلەرنى يەپ بولاي دېگەندە، مەھەللە ئىچىدە مىلتىق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. كىملەردۇر ئالتىپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى، ھەر-قايسى ھويلىلاردىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى، ئىتلار قاۋاپ، توخۇلار قاقىلدىشىپ، مەھەللە پاتىپاراقچىلىقتا چۆمدى.

— بولۇڭلار قېچىڭلار، قېچىڭلار ... يەنە بۇلاڭچىلار كەپتۇ، — دېدى ئۆي ئىگىسى كوچىغا قاراپ بېقىپ، — قېنى ناقىلىقتا مۆكۈڭلار. يائاللا، بۇ بۇلاڭچىلار بىزنى ئارامخۇدا كۈن ئالغىلى قويمايدىغان بولدى...

قادىرئاخۇن بىلەن قاسىماخۇن پاكار ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قوناقلىقتا قاراپ قاچتى، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆلۈم تەھلىكىسى ئۇلارنى ھەدەپ قېچىشقا زورلايتتى. ئىككىيلەن قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. قاسىماخۇن خام قوناق يەپ جان باقتى، ئۈچ كۈندىن كېيىن، تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆزلىرى خۇرجۇننى كۆمگەن قۇم دۆۋىسىگە كەلدى. ئۇ خۇرجۇن كۆمۈلگەن جاينى كولاپ باقتى. خۇرجۇن يوقالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، قادىرئاخۇننىڭ يالىڭاياق ئىزلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. نېمىلا بولمىسۇن، خۇرجۇننى قادىرئاخۇن ئەپكەتكەن چېغى!

ئۇ توغراقلىق ئىچىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە تاسادىپىي قادىرئاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ۋاي، ئاداش، مېنى خۇدا ئۇردى. مەن سىلىنى تاپالماي خۇرجۇننى كولاپ ئېلىپ، يۈدۈپ كېتىپ بارسام... ئاتلىق ئىككى بۇلاڭچى ئۇچراپ قالدى. قاچقانىدىم، قوغلاپ يېتىشىۋالدى، ئاخىرى خۇرجۇننى تاشلاپ بېرىپ، جېنىمنى ساقلاپ قالدىم... ھەي، ئاشۇ مال - دۇنيانى خۇدا بىزگە نېسىپ قىلمىغانىكەن

ئەمەسمۇ، ئەمدى قانداق قىلارمىز...

قادىر ئاخۇن گەپ قىلىۋاتقاندا، نېمىشقىدۇر قاسىماخۇننىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىيالمىدى.

— گېپىڭلار راست بولسا، بوپتۇ ئاداش. ئەسلىدىغۇ ئۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىزگە ھالال ئەمەستى. ناۋادا بۇلاڭچىلار بۇلاپ كەتمىگەن بولسا، ئۆزۈمگە تەگكىنىنى يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە قىلىۋېتەرمەن دەپ ئويلىغۇدىم. ئۆزىمىزنىڭ پېشانە تەرى بىلەن تاپقان نەرسە بولمىغاندىكىن ئۇنچە بەك ئىچ ئاغرىتىپ كەتكۈلۈك ئەمەس. ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرسىلا، ئىشلەپ جاننى باقارمىز.

ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. قاسىماخۇن بالىلىق بولۇپ، قەددى يادەك ئېگىلگەن بوۋايغا ئايلاندى.

يېزىلاردا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ھەممە ئادەم يەڭ شىمايلاپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قادىر ئاخۇن ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە مەھەللىدە پەيدا بولدى. يىللار ئۇنىمۇ مۈكچەيتىپ قويغانىدى. قىرىق يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئىككى دوست كۆرۈشكەندە ئۆزلىرىنى قايتىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك ھېس قىلىشتى. ئۆز ئارا تەن ساقلىقتىن تارتىپ بېشىدىن ئۆتكەن ھەرخىل ئىشلارغىچە سۆزلەشتى. ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلانغان خۇرجۇن تېپىۋالغان سەرگۈزەشتىمۇ تىلغا ئېلىندى. مۇشۇ ھەقتە سۆز ئېچىلغاندا قادىر ئاخۇن نېمىشقىدۇر گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇناتتى. ياشلىق يىللىرىدىكى ئەسلىمىلەر سەھىپىسىنى ۋاراقلاۋاتقان قاسىماخۇن ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىۋالالمىدى. قادىر ئاخۇن بولسا ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچى، ماناس، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىنى ھېكايە قىلىپ قاسىماخۇننىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

بىراق قاسىماخۇن ئاشۇ يېغىلىق كۈنلەردە تاسادىپىي تېپىۋالغان بايلىقنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

بۈگۈن ھېلىقى يىپەك خۇرجۇننى تاسادىپىي ھالدا قادىر ئاخۇننىڭ قولىدا كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىكارغىلا ئۈن-تىنسىز غايىب بولۇپ كەتمىگەن ئىكەن-دە! ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا نىيىتىنى بۇزۇپ، بۇ بايلىقنى يالغۇز ئۆزى ئىگىلىۋېلىش كويىغا چۈشكەن ئىكەن-دە! ھەي، قارا نىيەت بەندە، ئەمدى يۈز-خاتىرە قىلىپ ئولتۇرغىدەك ئىمكان قالمىدى. بۇ ئەسلىدىلا ھارام بايلىق ئىدى. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك. ھۆكۈمەت ئۇنى نېمىگىلا ئىشلەتسە مەيلى.

قاسىماخۇن ئارا تامغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. ياش سوتچى مولائەمەت بوۋاينىڭ ئەرز-شىكايىتىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ بوۋاي قېرىپ ئەقلىدىن ئازغانمۇ قانداق؟

سوتچى مولائەمەت تەمكىنلىك بىلەن قاسىماخۇندىن بىرمۇنچە گەپلەرنى ئاسماقچىلاپ سورىدى. بوۋاينىڭ سۆزلىرى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتكە خېلىلا يېقىن ئىدى.

— بالام، ئۆزلىرى مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتىلا، — دېدى قاسىماخۇن كۆزلىرىنى قىسىپ، — مەن سارەڭ-دەلدۈش

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، مېنى مەھەللىدىكى كادىرلار، قوشنىلار ھەممىسى بىلىدۇ. قادىرئاخۇن ئىككىمىز راستىنلا بىر خۇرجۇن ئالتۇن - كۈمۈش تېپىۋالغان. ئىشەنمىسىلە كونا بازاردىكى ناسىر زەرگەردىن سوراپباقسىلا. قادىرئاخۇن تېخى ئالدىنقى جۈمە كۈنى ئاشۇ زەرگەرگە ئالتۇن ساتتى. بۇنى مەن ناسىر زەرگەرنىڭ دۇكىنى يېنىدىكى ساتىراشخانىدا ساقال ئالدۇرۇۋېتىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھۆكۈمەت ئاشۇ بايلىقنى قادىرئاخۇندىن ئېلىۋېلىپ، دېھقانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە مەن مىڭ مەرتەم رازى. بالام، بۇنىڭغا بىخەستەلىك قىلمىسىلا. مەن يەنە كېلىمەن. قاچانكى بۇ ئىش بېسىلىپ قالسا، مەن سىلىدىن چوڭراق كادىرنى ئىزدەپ تاپىمەن. ئەمىسە، بۇ ئىش ئۆزلىرىگە ئامانەت.

سوتچى موللائەمەت مەھكىمە باشلىقلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئارا تامغا كېلىپ قادىرئاخۇن بىلەن سۆزلەشتى.

قادىرئاخۇن خۇرجۇن ئاشكارىلىنىپ قالغان كۈندىن باشلاپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى.

موللا ئەمەت ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان يىپەك خۇرجۇن توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا ئىنجىقلاپ ياتقان قادىرئاخۇن يىلان چېقىۋالغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دېدىلە؟ مەندە ئالتۇن - كۈمۈش بارمىكەن؟ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ بۇ ئاشۇ قاسىم دېگەن ئۇششۇقنىڭ تاپقان گېپىمدۇ؟ ھۆكۈمەت كادىرى دېگەن قاسىمدەك ساراڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، كىشىنى قارىلىسا قانداق بولىدۇ؟ ئىككىمىزنىڭ بىر خۇرجۇن ئالتۇن - كۈمۈش تېپىۋالغانلىقىمىز راست. لېكىن ئۇنى شۇ ۋاقىتتىلا قاچقۇن ئەسكەرلەر بۇلاپ كەتكەن. مەيدەمگە مىلتىقنى تەڭلەپ ئاتىمەن، دەپ تۇرسا، بەرمەي مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار؟ ھەممە ئادەمگە جان تاتلىق. خۇرجۇننىڭ گېپىمۇ... مەندە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر خۇرجۇن بار، ئۇنى مەن بازاردا پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قالغان ئادەمدىن قىرىق تىيىنغا بېرىپ سېتىۋالغانمەن. راست، مەندە ھېچنېمە يوق. لازىم بولسا، مانا مۇشۇ قېرى جېنىم بار. مېنى سولاپ قويسالارمۇ قورقمايمەن.

سوتچى موللائەمەت ئارا تامدىكى كادىرلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. گەرچە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز ۋاقتىدا ئىككىيلەننىڭ ئالتۇن - كۈمۈش تېپىۋالغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن قادىرئاخۇننىڭ ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدىكەن.

سوتچى موللائەمەت قادىر ئاخۇننىڭ ئوغۇللىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، سىياسەت ۋە قانۇن ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، بايلىق ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن بالىلارنىڭ بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋەرسىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئىككى ئوغۇل ئالتۇن - كۈمۈش ماجىراسىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ بولۇشتى. سوتچى موللائەمەت ناسىر زەرگەر بىلەن خېلى كۆپ ھەپىلەشتى. زەرگەر دەسلەپتە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئەمدى ... ئەمدى راستىنى ئېيتمىسام بولمىدى، قادىرئاخۇن بىلەن ئارىمىزدا ئانچە چوڭ ئىشمۇ يوق. بۇ ئادەمنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئازراق ئېرىغ مېلى بارئىكەن .... — دېدى ناسىر زەرگەر دۇدۇقلاپ.

— قانچىلىك؟!

— مەن ... مەن بۇ ئادەمدىن ئىككى قېتىمدا سەككىز مىسقال ئۈچ فۇڭ ئالتۇننى ئەل نەرخىدە سېتىۋالدىم. باشقىسىنى ئۇقمايمەن.

— يەنىچۇ؟ قادىرئاخۇننىڭ يەنە باشقا ئالتۇنى يوقمىكەن؟ ئۇ يەتتە مىڭ كويغا تىراكتور ئالغاندا، سىلىگە قانچىلىك ئالتۇن ساتتى؟ دەل شۇ چاغدا سىلە قادىرئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپتىكەنلىغۇ؟

— ياق، ياق، مەن ... مەن بارى-يوق سەككىز مىسقال ئۈچ فۇڭ ئالتۇننىلا سېتىۋالدىم. باشقىلىرىدىن خەۋىرىم يوق ... مەن ...

سوتچى موللا ئەھەت ئۇنى ئوبدان ئويلىنىپ تولۇق، راستچىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىپ ئۆيىگە قايتۇردى.

بەلكىم بۇ دېلو داۋاملىق ئىشلەنسە ئېقى ئاققا، كۆكى كۆككە ئايرىلىپ، ھارام بايلىق ئاشكارىلانغانمۇ بولاتتى. بىراق، قادىرئاخۇننىڭ تويۇقسىز ۋاپات بولۇشى ئىشنى قاق بېلىدىن ئۈزۈپ قويدى.

نادىر بىلەن سادىر بازاردىن قايتىپ كەلگەندە، قادىر ئاخۇن يوتقانغا پۈركىنىپ، ئىڭراپ ياتاتتى. ئوغۇللار دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ، سەكپارە بولۇپ كېتىشتى. بوۋاي بىر دەم قىزىسا، يەنە بىردەمدىلا پۇت - قولى مۇزلاپ، چىشلىرى كاسىلداپ، بەزگەكتەك تىترەپ بىئارام بولاتتى. نادىر دادىسىنى ناھىيە بازىرىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولۇۋىدى، قادىرئاخۇن زادىلا ئۇنىمىدى. تاڭغا يېقىن قادىرئاخۇن ئۆزىگە ئەزرائىلنىڭ قارا چاڭگىلى سوزۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بۇ چاغدا سادىر بىر چەتتە كىيىمى بىلەنلا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، نادىر بولسا دادىسىنىڭ بېشىدا مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

— بالام ... نا ... نادىراخۇن ... — دەپ ئىڭرىدى قادىرئاخۇن تىلىنى ئاران مىدىرلىتىپ.

— ھە، دادا، نېمە دەيلا؟ ئۇسسۇلۇق بېرەيمۇ؟

نادىر پىلىلداپ تۇرغان جىن چىراغنىڭ پىلىكىنى ئۇزۇن چىقىرىپ قويۇپ، دادىسىنىڭ بېشىغا ئېڭىشتى.

— بالام ... ئىنىڭنى ئويغات ... رىسقىم ... تو...گىگەن ئوخشايدۇ ... زادى ... بولالمايۋاتىمەن ... ئىككىڭلارغا تاپشۇرىدىغان ئامانىتىم ... بار ...

نادىر ئىرغىپ تۇرۇپ، تۈگۈلۈپ ياتقان سادىرنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. ئاكا - ئۇكا قورقۇنچ، ئەندىشە ئىچىدە دادىسىغا يېقىنلاشتى.

— نادىر ... مانا ئاچقۇچ ... ساندۇقنى ئاچ ... خۇرجۇننى ئېلىپ چىق ...

نادىر ئالاقزادىلىك ئىچىدە دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ، تۆر تام تەرەپكە قويۇلغان كونا ساندۇقنى ئاچتى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ، دادىسىنىڭ باش تەرىپىگە قويدى.

— مانا ... باللىرىم ... بۇنى مەن ... سىلەرگە ... ئاتاپ ساقلىغانىدىم. ھەممىسىنى ساناپ ... ئايرىپ قويدۇم. چوڭ تۈگۈن نادىرنىڭ، كىچىك تۈگۈن سادىرنىڭ ... ئۇنىڭدا ئالتۇن جىققراق ... نادىر ... سېنى ئىككى قېتىم ئۆيلىدىم ... ئىنىڭنى ئۆيلەپ قويغىلى ئۈلگۈرەلمىدىم ... شۇڭا ئۇكاڭ جىققراق ئالسۇن...

www.uyghurkitap.com

بىر ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭلار... قاسىم ئۇششۇقتىن ھەزەر ئەيلەڭلار... بۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى... شۇ ئۇششۇق بىلىدۇ... ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمەڭلار... ئۆيلەنسەڭلار... خوتۇنۇڭلارغا دەپ يۈرمەڭلار... خوتۇن كىشى سىرتقا يېيىۋەتسە... بالاغا قالىسىلەر... ھېچكىمگە... ھېچ...

تاڭ يورۇغاندا قادىر ئاخۇننىڭ نەپەسى توختاپ قالدى.

شۇ كۈنى مەھەللە جامائەتى يىغىلىپ، قادىر ئاخۇننى دەپنە قىلىشتى. مېيىت نامىزىغا قاسىماخۇنمۇ قاتناشقانىدى. يەرلىككە يەتتە كەتمەن تۇپا سېلىنىپ، جامائەت دۇئا-تەكبىر قىلىپ بولغاندا، نادىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جامائەت، مېنىڭ دادام قانداق ئادەم ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— رەھمەتلىك بەك ياخشى ئادەم ئىدى!

— ئىمانى كۈچلۈك، دۇرۇس مۇسۇلمان ئىدى!

جامائەت ئىچىدىن بىر قانچەيلەن گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتۈشتى. بىردىنلا قاسىماخۇن بوۋايلارغا خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— جامائەت، يالغان گەپ قىلغان كىشىنى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ، رەھمەتلىك بۇ دۇنيادىن قەرزىنى ئادا قىلماي كەتتى. ئۆزى كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، ھارامنى ھالالدىن ئايرىمايدىغان ئادەم ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھەققىمدىن ۋاز كەچتىم. خۇدا ئۇنى گۆردە تىنچ ياتقىلى نېسىپ قىلسۇن! ئامىن!

— ھەي ئۇششۇق ئوغرى، مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادامنى نېمىشقا ھاقارەت قىلىسەن؟ ھۇ... سېنىڭ شۇنداق دېگەن ئاغزىڭغا! ئۆزۈڭ قانداق ئادەم!

نادىر دىۋەيلەپ كېلىپ قاسىماخۇنغا ئېتىلدى. بۇ چاغدا ياسىن ئاللىقاچان يېڭىنى شىمايلاپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى.

— ھاي، ھاي! سەت بولىدۇ، ئۆلگەن ئادەمنى تىنىچ ياتقىلى قويۇڭلار! ئۇرۇشماڭلار!

مەھەللىدىكى چوڭلار ئارىغا كىرىپ، بىر-بىرىنى يەۋەتكۈدەك دەرىجىدە ھۆرپىيىشىپ تۇرغان ئىككى يىگىتنى ئاجرىتىۋەتتى. دەپنە مۇراسىمى غەشلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

كۈن ئولتۇرۇشتىن سەل بۇرۇن چىقىشقا باشلىغان شامال قاراڭغۇ چۈشكەندە دەھشەتلىك بورانغا ئايلاندى. بۇ يۇرتتا ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە مۇشۇنداق بوران چىقاتتى. يەر جاھان بوراننىڭ ئىلكىدە قاتتىق تاسقىلىۋاتقان چاغدا قادىر ئاخۇندىن قالغان ئۆي ئىچىدىمۇ يەنە بىر خىل بوران چىقىۋاتاتتى.

— ھەي، سادىر، سەپرايىمنى ئۆرلەتمە، — دەيتتى نادىر قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمىسەڭ بۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى ھۆكۈمەتكىلا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا ماڭىمۇ، ساڭىمۇ يوق بولىدۇ.

— مەن ئۇنداق گەپلىرىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن، — دەيتتى سادىر ئاكىسىغا دىۋەيلەپ تۇرۇپ، — دادام كىچىك تۇغقۇنچەكنى ماڭا بەرگەن، نېمىشقا ئۇنىڭدىن بەش زىخچىنى ئېلىۋالىسەن؟ ياخشىلىقچە بەرمىسەڭ قولۇمدىكى پىچاق سېنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. قارنىڭنى يېرىۋېتىپ ھۆكۈمەتكە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن. مېنى ئاتامدۇ، چاپامدۇ، ئۇ چاغدا پەرۋايىم پەلەك.

— ھەي قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن؟ دادامنىڭ نەزىرىگە كەتكەن نەرسە ئازمۇ؟

— مېنى بىزەك قىلىمەن دەپ خام-خىيال قىلما، نەزىر-چىراغ دېگەنگە بەش

زىخچە ئالتۇننىڭ پۇلى كېتەمدۇ؟ ئاۋۋال تۈگۈنچەكنى ماڭا بەر. خۇشۇم تۇتسا نەزىرگە كەتكەن چىقىمغا لايىق بىر نەرسە بېرەمەن. بولمىسا سېنىڭ مەندە بىر سىنتلىق ئېلىشىڭ يوق. تراكتورمۇ مېنىڭكى، دادام سېنى ئىككى قېتىم ئۆيلەپ ئاز پۇل خەجلىمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ سېنىڭ بۇزۇپ-چاچقان نەرسىلىرىڭ ئاز ئەمەس. مېنى بىلمەيدۇ دېمە!

ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرغاندا يەنە ئىككى جۈپ كۆز تۈڭلۈكنىڭ گىرۋىكىدە يېتىۋېلىپ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. ئۆگزىدىكىلەر ياسىن بىلەن توختى بولۇپ، ئۇلار قاتتىق بوران چىقىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆگزىگە چىقىۋالغانىدى.

ياسىن ئىنىسى توختىنى يەڭگىل نوقۇپ قويۇپ، ئۆگزىدىن پەسكە چۈشۈشكە تەمشەلدى. توختىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆمىلەپ نېرى كەتتى. بۇ چاغدا بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ قاتتىق گۈركىرەشكە باشلىغانىدى.

قادىر ئاخۇننىڭ قوشنىسى باۋۇدۇن بۈگۈن ۋاقچە ئويغاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئېغىلدا ئاچلىقتىن مەرىشىپ تۇرغان قويلىرىنى باغقا قويۇۋەتتى. بۇ چاغدا بوران ئاللىقاچان توختىغانىدى. باغدا ئوتلاۋاتقان قوي-ئۆچكىلەر بىردىنلا ھۈركۈپ، دۈكۈرلىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. باۋۇدۇن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، باغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى. ۋاي تۇۋا! ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇ قوشنىسىنىڭ ئارقا تېمىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمىدى، ئىككى پۇتى مىخلاپ قويغاندەك مىدىرسىدىر قىلالمىدى. قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا تېمى ئادەم بىمالال ئېڭىشىپ كىرگىدەك چوڭلۇقتا تېشىلگەن بولۇپ، كامارنىڭ ئالدىدا تۆت ئادەمنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى تۇراتتى.

باۋۇدۇن ئەس-ھوشىنى يىغدى-دە:

— ئادەم ئۆلدى! ئادەم ئۆلدى! — دەپ ۋارقىراپ باغدىن قېچىپ چىقتى.

ئۇزاق ئۆتمەي باغ ئىچى ئادەم بىلەن تولدى. كەنت كادىرلىرى يېزىلىق پەيچۇسوغا دېلونى مەلۇم قىلغىلى ئاتلىق ئادەم ماڭدۇردى.

خەلق ساقچىلىرى ئارا تامغا چۈش مەھەلدە يېتىپ كەلدى. نەق مەيدان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. قادىر ئاخۇننىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدىكى يوتقان-كۆرپىلەر قان بىلەن بويالغان بولۇپ، مىلىچلاپ كەتكەنىدى. كامار ئاغزىدا بولسا نادىر بىلەن ياسىن ئىككىسى قورساقلىرى يېرىپ تاشلانغان ھەم بىر-بىرىنى كانىيىدىن بوغۇشقان ھالدا جان بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچەي-قېرىنلىرى چۇۋۇلۇپ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سادىر بىلەن توختى بولسا ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنىڭ كۆكرىكىگە چوڭقۇر پاتۇرۇلغان پىچاق دەستىسىنى مەھكەم سىقىمداپ ياتاتتى. ئەتراپىدا چېچىلىپ تۇرغان ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەر سۇس پارقىراپ، سوغۇق نۇر چاچاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئاھ، بىرجۈپ كۆز

(نەسىر)

ئىنسان قەلبىدىكى ھارارەت بىلەن جۇتنى، يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنى، نەپىسلىك بىلەن خۇنۈكلۈكنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوڭايلا سېزىۋالغىلى بولىدىكەن.

بىر دوستۇم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا سەنئەت ئۆمىكىدىكى بىر قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم. بۇ كۆزلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك ئىشقى-مۇھەببەت يالقۇنى لاۋۇلداۋاتاتتى. بۇ دوستۇمنىڭ قىزلارنى كۆرسە، تىلى كالۋالىشىپ قالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭغا قىزغا خەت يېزىش تەكلىپىنى بەردىم. دوستۇمنىڭ «مەن سىزنىڭ شادلىقىڭىز، بەختىڭىز ۋە ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن گۈزەل ياشلىق باھارىمنى بېغىشلاشقا تەييارمەن» دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاياغلاشقان خېتى قىزنىڭ قولىغا ئالللىقاچان تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن قىز ئۇنىڭغا تا ھازىرغىچە جاۋاب بەرمەيۋاتاتتى. بۇ ھال دوستۇمنىڭ يۈرەك-باغرىنى تېخىمۇ پۇچىلىغىلى تۇردى. ئۇ بەزىدە ئەندىشە بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئاجىز نۇرلىرى پىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، تەگسىز خىياللارغا پېتىپ، ئۇزاق-ئۇزاقلارغىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ھەتتا بەزى كۈنلىرى مەست بولۇۋېلىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزارغىچە يىغلايتتى... ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار توي قىلىشتى. توي كۈنى دوستۇم بىلەن ئۇنىڭ ساھىبجامال نىگارىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سۆيگۈ، ئىشەنچ، شادلىق ۋە ۋاپادارلىق نۇرلىرىنى كۆرۈپ، ھاياتنىڭ شېرىن شەربىتىگە قانغاندەك ھوزۇرلاندىم، لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دوستۇمنىڭ كۆزلىرىدە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ھېلىقى سۆيگۈ گۈلخانى بىردىنلا ئۆچۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭ ئورنىنى سوغ تۈتەك قاپلىۋالدى. گۈزەل قىزنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرىدىنمۇ بۇرۇنقىدەك ئۈمىد ۋە شادلىق نۇرلىرى ئەمەس، بەلكى غەم-قايغۇ بىلەن ھەسرەت-نادامەتنىڭ ئاچچىق تامچىلىرى تۆكۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاڭلىسام، دوستۇم ئۇنى ئورۇنسىز كۈنلەپ، سەنئەت ئۆمىكىدىن چىقىرىۋالماقچى بولۇۋېتىپتۇ. دىل رىشتى سەنئەتكە چىڭ باغلانغان بۇ بىگۇناھ ئۇيغۇر قىزى بۇ ئېغىر ھاقارەت بىلەن ئورۇنسىز تەلەپنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن! چۈشەندىمكى، ئەسلىدە دوستۇم ئۆزىنىڭ قەلب بۇلىقىغا ئۆز قولى بىلەن تاشلىغان بىر سىقىم لاي ئۇنىڭ روشەن كۆزلىرىنىمۇ خىرەلەشتۈرۈپ قويغانىكەن. ئوتتۇن بىلەن كۆمۈر

كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، يورۇقلۇق بىلەن ئىسسىقلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئىنساننىڭ بىر جۈپ كۆزىدە لاۋۇلدىغان مۇھەببەت ئوتىنىڭ مۇنچىۋالا تېز ئۆچۈپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. يالقۇنى ئوتتۇن بىلەن كۆمۈردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇنداق كۆزلەردىن تەبىئەت بىر جۈپ كۆز ئاتا قىلمىغان كىشىلەردىكى گۈزەل ئەخلاقى ـ پەزىلەت بىلەن يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت تۈمەنمىڭ ھەسسە قىممەتلىك ئەمەسمۇ! چۈنكى ئۇلارنىڭ سەزگۈر، پاك قەلبى دۇنيادىكى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈكنى، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىكنى ئىككى كۆزى پارقىراپ تۇرىدىغان بەزى كىشىلەردىنمۇ ئېنىقراق پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىر جۈپ كۆزنى نادانلىق بىلەن ئەقىلسىزلىقنىڭ قويۇق تۇمانلىرى توسۇۋېلىپ، يولدىن ئاداشقان ئىنسانغا بىلىم، پەزىلەت ۋە ئەقىل بىلەن قاناتلانغان قارىغۇ ئادەم ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئورۇنسىز گۇمان بىگۇناھ يۈرەككە سانجىلغان خەنجەرگە، مۇھەببەت گۈلىنى توزۇتىدىغان جۇدۇنغا، ئىشەنچ چىرىغىنى ئۆچۈرىدىغان قۇيۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئادەم دوزاخ ئازابىنى چېكىدۇ.

بىگۇناھ چوكاننىڭ ئاشۇنداق قاتتىق ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر جۈپ كۆزنى نادانلىق بىلەن گۇمانخورلۇقنىڭ قېلىن پەردىلىرى توسۇۋالغان دوستۇمنى ئەيىبلىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى ھازىر يىراقنى كۆرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ياندىكى گۆھەر بىلەن تاشنىمۇ ئايرىيالمايدىغان، ئالتۇن بىلەن قۇمنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋالغان ھېلىقى قېلىن پەردىگە قول ئۇزاتتىم، لېكىن ئۇ ماڭا سوغۇق ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىقتەك قاداپ: «ئاداش، مېنى ئۇنچىۋالا كالۋا چاغلىمىغىن، جۇمۇ! خوتۇن كىشى دېگەننىڭ تەقدىرى ئەرنىڭ قولىدا بولمامدۇ؟! ئەخلاقى بۇزۇلمىغان سەنئەتچىنى كۆرگەنمىدىڭ؟! بىلىپ قوي، ئۇنى سەنئەت ئۆمىكىدىن چىقىرىۋالمايدىغان بولسام، ئوغۇل بالا بولماي قالاي!» دېدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، كاللامدا خىلمۇ ـ خىل سوئاللار تۇغۇلدى: بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئىنتىلگەن گۈزەل نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قەدرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغاندۇ؟! گۇمانخورلۇق كېسىلى ئىنساننىڭ ئەقلىنىمۇ بۇلغىۋېتەمدىغاندۇ؟!

بۇ ياش ئەر ـ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى ئېچىنىشلىق ئۆزگىرىشلەر ماڭا ھاياتنىڭ مۇنۇ سىرلىرىنى يېشىپ بەردى: خورلۇق ياۋاش ئادەمنى قەھرىلىك، خۇش چاقچاق ئادەمنى دەردمەن، شېرىن تۇرمۇشنى تەمسىز ھەم ئازابلىق قىلىپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئىنسان ئۇنىڭ ئىلكىدە ياشاشنى خالىمايدۇ، لېكىن دۇنيادا خورلۇقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ توغرا يولىنى تاپالايدىغانلارمۇ، تاپالمايدىغانلارمۇ بار.

خورلانغان چوكاننىڭ بىر چاغلاردا يورۇق دۇنياغا ئۈمىد بىلەن باققان بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزى تاغ يېنىدا شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدىغان دەريانىڭ سۈزۈك تامچىلىرى ئارىسىدا مەڭگۈلۈككە يۇمۇلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى

www.uyghurkitap.com

دوستۇمنىڭ قەلبىدىكى ئۆچۈپ قالغان ئوتلارنى قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چەكسىز ئېغىر ھەسرەت بىلەن پۇشايماننىڭ قايناق تامچىلىرى توختىماي ئاقىدىغان بىر جۈپ بۇلاققا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتى ئادەمنىڭ كۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىنىمۇ ئېچىشتۇراتتى. دەريا بويىدا مۈكۈلۈپ تەنھا ئولتۇرغان دوستۇمنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى مېنى چوڭقۇر خىياللار قايىنىمىغا سۆرەيتتى. بۇ قاينام مېنىڭ قەلب خەزىنەمگە تەپەككۇرنىڭ مۇنۇ جەۋھەرلىرىنى قاچىلاشقا باشلىدى: ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە ئۆركەشلەپ ئاقسا، بەزىدە تىپتىنچ ئاقىدۇ، بەزىدە سۈزۈك ئاقسا، بەزىدە لاي ئارىلاش ئاقىدۇ. ئورۇنسىز گۇمان ھايات ئېقىنىنى بۇلغاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. ھايات ۋاقتىدا بىر-بىرسىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن، بىر-بىرسىگە گۇمانخورلۇق نەشتىرىنى سانجىپ ئۆتكەن ياشلار ھەسرەت بىلەن پۇشايماننىڭ چاڭگىلىدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ چاڭگالغا چۈشكەنلەرنىڭ كۆزىدىن شادلىق نۇرى ئۆچىدۇ. قەلبىدىن ئۈمىد يۇلتۇزى كۆچىدۇ.

گۇمانخورلۇق ئاپىتىنىڭ دەھشەتلىك زەبىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاجىز چوكاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى مېنىڭ كۆزلىرىمنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى. نىگارىمنىڭ مېھىر-شەپقەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئاھۇ كۆزىگە تويماي قارايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئەشۇ ئۆتكۈر نۇرلار قەلبىم باغلىرىنى گۈزەللىككە پۈركەپ، خۇش پۇراققا تولدۇرغان ئىدى. لېكىن مەن بەزىدە نادانلىق بىلەن ئەقىلسىزلىقنىڭ بورانلىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىنى قايغۇ تۇمانلىرىنىڭ ئاستىغا ئالاتتىم.

ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى تۈزۈكرەك كۆرمىگەن جاپاكەش نىگارىم، سېنىڭ كۆزلىرىڭدە بۇلاقنىڭ سۈزۈكلۈكى، قۇياشنىڭ تەپتى، يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشى، مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى بار ئەمەسمۇ؟! شۇڭلاشقا سېنىڭ كۆزلىرىڭنى مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىنىڭ قويۇق تۇمانلىرىمۇ، پىتنە-پاساتلارنىڭ تۈتەك پەردىلىرىمۇ، زوراۋانلار تارقاتقان مەنىۋى چاڭ-توزانلارمۇ، ھايات سەپىرىدىكى سۈرلۈك غارلار بىلەن قاراڭغۇ لەخمىلەرمۇ غۇۋالاشتۇرالمىدى، لېكىن كۆزلىرىڭدىن جاللاتلارنىڭ تاياق-توقماقلىرى چىقىرالمايدىغان ياشنى يېقىن كىشىلىرىڭنىڭ تۆھمىتى بىلەن ۋاپاسىزلىقى چىقاردى. شۇڭلاشقا مەن ئوغلۇمنىڭ خاتىرىسىگە مۇنداق جۈملىلەرنى يېزىپ قويدۇم: «بالام، دۈشمەننىڭ قانلىق قىلىچىدىن دوستۇڭنىڭ يوشۇرۇن سۈيىقەستى خەتەرلىك. ۋاپاسىز دوستنىڭ لېۋىدىكى ساختا كۈلكىدىن دۈشمەننىڭ كۆزىدىكى سوغۇق ئۇچقۇن قەدىرلىك.» دوستۇم، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدە نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ دەيسەن؟! چۈنكى ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان چەكلىك ھاياتىدىمۇ ئۆزىگە خاس تۆت پەسلى، كېچە-كۈندۈزى، ئىسسىق سوغۇقى، يورۇق ھەم قاراڭغۇسى، ئوچۇق ھەم بوران-چاپقۇنلۇق پەيتلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئاتا-ئانامنىڭ، ئۇستازلىرىمنىڭ، ۋاپادار دوستلىرىمنىڭ، نىگارىمنىڭ، پەرزەنتلىرىمنىڭ ۋە باشقا ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرى ھاياتىمنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلۇق، زۇلمەتلىك تۈنلىرىنى تولۇن ئايدەك، سان-ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك،

ئەجدادلار ياندۇرغان مەشئەلدەك يورۇتقانلىقىنى، ۋۇجۇدۇمنى گۈلخان كەبى يىلىتقانلىقىنى بىلەمسەن؟! ئەگەر بۇ دۇنيادا ئاشۇنداق كۆزلەر بولمىغان بولسا، قەلبىمدىكى گۈزەللىك گۈلىستانى بۈگۈنكىدەك ياشنىيالارمىدى؟!

رەھىمسىز ئەجەل مېھرىبان كىشىلىرىمنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئاللىقاچان مەڭگۈلۈك يۇمدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەشۇ كۆزلەر ئوچۇق ۋاقتىدا چاچقان يىلىلىق نۇرلار قەلبىمگە تا ھازىرغىچە تۆكۈلۈپ، گۈزەللىك بىخلىرىنى يېتىلدۈرمەكتە. يېڭىدىن تۆرەلگەن بۇ بىخلار مېنى زېمىن ئۈستىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئىنسانپەرۋەرلىك ئورۇقىنى داۋاملىق چېچىشقا دەۋەت قىلماقتا.

دوستۇم، بىزنىڭ كۆزلىرىمىزمۇ ھامان بىر كۈنى مەڭگۈ يۇمۇلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئەۋلادلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا گۈزەللىك ئورۇقى چېچىشقا ئالدىرايمەن. ئۆسمۈر باللار دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان يۇمران مايسىلارغا ئوخشايدۇ. يېتەرلىك پەرۋىشكە ھەم مۇھاپىزەتكە ئېرىشەلمىگەن مايسىلار ۋاقىتسىز سارغىيىپ ياكى چەيلىنىپ كېتىدۇ. پەرزەنتىنىڭ بەخت گۈلى توزۇسا ئىككى كۆزىدىن ياش ئاقمايدىغان، يۈرەك - باغرى قانغا تولمايدىغان ئاتا - ئانىلارمۇ بارمىدۇ؟!

مەن بىر قېتىم بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئىنسانىيەت دۇنياسىغا غايە مەشئىلىنى ئەمەس، بەلكى قاتىللىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن بۇ ياشنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى تەۋرەپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئىچىدىن كىمنىدۇر بىرسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم. توغرا، ئۇ بىرسىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن پەرزەنت ئوتىدا ئۆمۈر بويى پۇچىلىنىپ ئۆتكەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئىزدەۋاتاتتى. شۇئان توپ ئارىسىدىن ھەسرەتلىك بىر سادا كۆتۈرۈلدى. بۇ سادا ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ لەرزىگە سالماي قالمايتتى. بۇ سادا كىشىلىك دۇنياسىغا ئەمدىلا قەدەم تاشلىغان پەرزەنتىنىڭ ئېچىنىشلىق تەغدىرىدىن يۈرەك - باغرى قانغا تولغان دەردمەن ئانىنىڭ ھەسرەتلىك نالىسى ئىدى. ئانىنىڭ كۆزلىرىگە شۇ تاپتا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چاچلىرىنى يۇلاتتى، ياقىلىرىنى يىرتاتتى، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلايتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈم شۇ تاپتا بۇ بىتەلەي ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، قان قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

ھەي بىچارە ئانا! سەن ئۆز باغرىڭنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىڭنىڭ ئىككى قولى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ كۆكسىگە ئەجەل خەنجىرى سانجىيدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟! سېنىڭ كۆزلىرىڭنى، بەلكىم، چەكسىز كۆيۈمچانلىقىڭ قويۇق تۇمانلىرى توسىۋېلىپ، ئوغلۇڭنىڭ قەلب ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان پاسكىنا چاڭ - توزانلارنى ساڭا كۆرسەتمىگەندۇ؟! كىم بىلىدۇ، سەن تېخى ئوغلۇڭنىڭ قولىدا يالتىراۋاتقان خەنجەرنى كۆرۈپ، ئۇنى جەسۇر بۈۋىسىنى دورايدىغان ئوخشايدۇ دەپمۇ قالغانسەن؟! ئەگەر سەن ئوغلۇڭنىڭ قولىغا چىققان ئاشۇ خەنجەر مۆمىن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ھايات نۇرلىرىنى ئۆچۈرمەكچى

www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتقانلىقىنى بالدۇرراق تۇيغان بولساق، يۈرەك پارەڭنىڭ قوللىرىنى كۆمۈشتەك چاچلىرىڭ بىلەن بولسىمۇ باغلىۋالماسمىدۇق؟! ئۆز بېشىغا بەختسىزلىك قۇشىنى قوندۇرۇپ، ئۆز قاچىسىغا ئۆزى زەھەر تاشلاپ، بۈگۈنكى پاجىئەنى تۇغدۇرغان ئوغلۇڭ پەرزەنتىمنىڭ بېشىغا تەگكەن بىر تال چالما ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكىگە ئوق بولۇپ تېگىدىغانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟! ئۇنىڭ ساڭا تەلمۈرگەن كۆزلىرىگە شۇ تاپتا ئۆزى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلغان بەختسىز يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چۆككەن ھەسرەت ـ نادامەت دېڭىزىمۇ كۆرۈنۈۋاتامدىغاندۇ؟! ئۇ شۇ تاپتا كىشىلەرنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقان ئادەمنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنمىدۇ؟!

بەختسىز ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادى بىلەن ئەقىلسىز يىگىتنىڭ ئانىسىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى ماڭا ھاياتنىڭ مۇنۇ سىرلىرىنى يېشىپ بەرگەندەك بولدى: ئانا كۆڭلى ئاسماندىنمۇ كەڭ، شۇڭا ئۇ پەرزەنتىنىڭ ھەرقانداق سەۋەنلىكىنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ؛ ئانا قەلبى قۇياشتىنمۇ ئىللىق، شۇڭا ئۇ پەرزەنتىنىڭ مۇزغا ئايلانغان يۈرىكىنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ؛ ئانا كۆڭلى قىلدىن نازۇك، شۇڭا ئۇ پەرزەنتىنىڭ تاغدىن ئېغىر قايغۇسىنى ھەرگىزمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

شۇ تاپتا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا رەھمەتلىك ئانام كېلىۋاتىدۇ. ئەنە، ئۇنىڭ قىزىرىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئەتراپىنى قىلىن قورۇقلار بېسىۋالغان كۆزلىرى ماڭا مۆلۈلدەپ تىكىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ كۆزلەردىن ئانامنىڭ ماھۇقتەك يۇمشاق دىلىنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ دىلغا ئاللەچە مۇھەببەت يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمەن. دوستۇم، مېنىڭ ھاياتىم ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟! مېنىڭ كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرگەن ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى ئەمەسمۇ؟!

مەن ئۆيگە تاڭغا يېقىن قايتقان كۈنلىرى ئانامنىڭ كۆزلىرى ھەرگىزمۇ ئىلىنمەيتتى. مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن بىر جۈپ قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك بولاتتى. بۇ قۇياشلارغا باقسىملا، ئۈستۈمدىكى قايغۇ تاغلىرى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقاتقاندەك يەڭگىللەپ قالاتتىم. ئانامنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن نېمىشقىدۇر زادىلا ياش قۇرۇمايتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمنى بەخت قۇياشى يورۇتقان چاغلاردىمۇ، خاپىلىق تۇمانلىرى بېسىۋالغان چاغلاردىمۇ يىغلايتتى. رەھمەتلىك ئانامنىڭ پەرزەنت ئىشقىدا قۇرۇماس بۇلاققا ئايلانغان ئاشۇ كۆزلىرى ئېسىمگە چۈشسىلا كۆز چاناقلىرىمدىن قايناق تامچىلار توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. ئانام ھايات ۋاقتىدا ئاشۇ بۇلاقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىمگە قاتتىق ئېچىنىمەن.

ئاھ، ئىنساننىڭ بىر جۈپ كۆزى! ساڭا پۈتمەس ـ تۈگىمەس سىرلار، ئاجايىپ ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان. مەن ھاياتنىڭ مۈشكۈل سەپەرىدە سېنىڭ نۇرۇڭغىمۇ، ئوقۇڭغىمۇ دۇچ كەلدىم. سەن بەزىدە قەلبىمنى ئىللىتساڭ، بەزىدە ئۇنى مۇزغا ئايلاندۇردۇڭ، بەزىدە ۋۇجۇدۇمغا مادار بەرسەڭ، بەزىدە ئۇنى زەخىملەندۈردۈڭ! سەمىمىيلىك يېغىپ تۇرغان ئىللىق كۆزلەر ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمنى كۈلدۈرسە، ھەسەت ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلەر غەزەپ ـ نەپرەت گۈلخانىمنى لاۋۇلدىتىدۇ. پاك قەلبلەرنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەش قىلغان نۇرلۇق كۆزلەر مېنى مۇھەببەت دېڭىزىغا باشلىسا، ساختا كۈلكە

ئارقىلىق پەسكەشلىكىنى، رەزىللىكىنى نىقاپلاشقا ئۈرۈنۈۋاتقان خۇنۇك كۆزلەر مېنى ھەققانىيەتنىڭ جەڭگاھىغا سۆرەيدۇ. سۆيىمەتچىلەرنىڭ ساپ نىيەتلىك ئىنسانلارغا نەشتەردەك قادىلىۋاتقان كۆزلىرىنى ئويۇۋالغۇم كېلىدۇ، چىن دوستلۇق بېغىدىكى نەپىس گۈل - غۇنچىلارنى سۆيۈپ قانمايدىغان نۇرلارنى كۆز چاناقلىرىمغا قويۇۋالغۇم كېلىدۇ. مەن كۆز نۇرۇمنىڭ ئىجادىيەت يولىغا تۆكۈلۈۋېرىپ، تۈگەپ كېتىشىدىن ئانچە قورقمايمەن. چۈنكى ئاق قەغەز يۈزىگە ئۈرۈنلۇق تۆكۈلگەن نۇرلار تۇمەنىڭ قەلبلەرنى يورۇتالايدۇ. مەن بىر جۈپ كۆزۈمنى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ زەھەرلىك چاڭ-توزانلىرى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. چۈنكى يېقىندىن بۇيان بەزى دوستلىرىمنىڭ كۆزلىرى دەل ئاشۇنداق چاڭ - توزانلارنىڭ زەھەرلىشى بىلەن بەكمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھازىر بۇرۇنقىدەك يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن بىز ئۇلۇغۋار غايىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن باقاتتۇق ھەم ئىنتىلەتتۇق، لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بۇ چوققىلارغا ئېرەڭسىزلىك بىلەن، مەنسىتمەسلىك بىلەن بېقىۋاتىدۇ. بۇرۇن بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئادىمىگەرچىلىكنىڭ يوللىرىنى ئېنىق كۆرەتتى، ئۇزۇن تۈنلەردە ۋاپادارلىق مەشئىلىنى ئۇزاتقان يېرىك قوللارغا مۇھەببەت نۇرىنى تۆكەتتى، لېكىن ھازىر پۇل بىلەن ئەمەلدارلىق تەختىگە باغلىنىپ قېلىپ، چاكىنا ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ مىكروبلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ، ئادىمىگەرچىلىك، ۋاپادارلىق يوللىرىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ھەتتا تەخسىكەشلەرنىڭ، كۆز بوياپچىلارنىڭ ساختىلىقىغا ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ كۆزلەرگە ئالدامچىلارنىڭ سېھىرلىك كۈلكىلىرى بىلەن خۇشامەتچىلەرنىڭ ئېگىلگەن قەددى چىرايلىق كۆرۈنۈپ، راستچىل ئادەملەرنىڭ سەممىي چىرايلىرى سەت ھەم يېقىمسىز كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۆز قولىمىزدا، ئۆز زېمىنىمىزدا تۇرغان ساپ ئالتۇننى تونۇيالمايۋاتقان بۇ كۆزلەر باشقىلار تەڭلىگەن مىسنى كۆرۈپ، چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن زەھەرلىك چاڭ - توزانلار ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان كۆزلەرنى ساغلام ھېسسىيات يالقۇنلىرى ئارقىلىق داۋالايدىغان كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

دوستۇم، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىچۇقىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قوغدايدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟! چۈنكى ئۇ گاچىلارنىڭ تىلى، ئاشىقلارنىڭ دىلى، گاسلارنىڭ قۇلىقى، چاڭقىغانلارنىڭ بۇلىقى. ئىنساننىڭ بىر جۈپ كۆزى تۇيغۇلارنى ئىسسىتالايدۇ، تەرلىگەنلەرنى سەگىتەلەيدۇ. كۆز گۈزەللىكنى بايقىغۇچى، گۈزەللىكنى ياراتقۇچى ھەم گۈزەللىك تارقاتقۇچى. ئۇنىڭدا تومۇزنىڭ تەپتى، زېمىستاننىڭ نەشتىرى بار. ئۇنىڭدىن بەزىدە دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ يالقۇن شامىلى چىقسا، بەزىدە غەزەپ - نەپرەتنىڭ سان - ساناقسىز ئوقلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۆزۈمنى ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپ - نەپرەت ئوقلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن، ۋاپادار دوستلىرىمنىڭ كۆز چاناقلىرىدا يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ قۇياشنىڭ نۇرىنى مەڭگۈ سۆيۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

www.uyghurkitap.com

# گۈلستاندىن گۈلدەستە

تەھرىر ئىلاۋىسى:

بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوبلاست تەۋەسىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا دائىر تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ ئۆگىنىش جەريانىدا خېلى جىق ئەسەر يېزىلغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

غەيرەت ئابدۇراخمان

## ۋىسال كېچىسىدىكى سۆھبەت

(نەسر)

1

ئايدىڭ كېچە.

قېيىنزارلىقنى ئارىلاپ، شېرىن خىياللاردىن لەززەتلەر ئېمىپ، مەست كاللامنى سەگىتىپ كېتىۋاتسام، بىر يىگىتنىڭ مۇڭلۇق نالىسى قۇلىقىمغا كىردى:

ــ ئاھ، ئايدىڭ كېچە! سېنى قانداقمۇ قەلب ئېكرانىمدىن ئۆچۈرۈۋېتەلەيمەن؟! شۇ كۈنى ئىككىمىز ۋىسال پەيزىنى سۈرگەن ئىدۇققۇ؟! ئەمدىچۇ؟ ئوخشاشلا ئايدىڭ كېچە، ئەمما يېنىمدا ئۇ يوق، ئۆزۈم تەنها، قەلبىمدە كېزىپ يۈرگىنى پەقەتلا تاتلىق ئەسلىمە...

ئادەم دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھەقىقىي سۆيگۈمۇ بىرلا قېتىم. لېكىن ئېيتقىنا جېنىم، ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈ تارىخى زارىقىش، سېغىنىش، ھىجران بىلەنلا ئۆتەمدۇ؟!

ئەي خۇدا، نېمىشقا ۋىسالنى تاق، ھىجراننى بولسا بىسيار قىلىپ ياراتقانسەن!؟...

مەن ئاستا ئارقامغا ياندىم.

2

بىر قىز ئاچچىق تولغىنىپ يىغلاۋاتاتتى:

ئاھ، خۇدا، نېمىشقىمۇ بىز ئىنسانلارنى ھېسسىياتلىق قىلىپ ياراتقانسەن؟!

نېمە ئۈچۈن ھېسسىيات كىشىنى ھەم بەختلىك قىلالايدۇ، ھەم خاراب قىلالايدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئاۋۋالقى «مەن» ھازىرقى «مەن» گە ئوخشىمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاۋۋالقى دۇنيا ھازىرقى دۇنياغا ئوخشىمايدۇ؟ بۇندىن كېيىنچۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئىنسان «ئۈچ بۇرجەك مۇھەببەت» تىن لەززەتلىنەلەيدۇ ـ يۇ، يەنە ئازابلىنىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن دوستۇم لەززەتلىنىۋاتقان خۇش پۇراق باھار گۈللىرىدىن ماڭا ئۆلۈم پۇرىقىلا پۇرايدۇ؟

3

بىر دوستۇم كەيپچىلىكتە ماڭا قەلبىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى:

— مەن خالىسام كۈلەلەيمەن، خالىسام يىغلالايمەن، خالىسام يۈگۈرەلەيمەن، ھەتتا يۈگۈرگەن پېتىم مارىسقىمۇ چىقالايمەن. ئەمما مەن شۇ تاپتا نېمىدېگەن بىچارە...

مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم:

— قارا، كىيىملىرىڭ بۇلغىنىپ كىتىپتۇ، بۇندىن كېيىن ئازراق ئىچ.

ئۇ يەنە سۆزلىدى:

— ئادەم نېمە ئۈچۈن كىيىم كېيىدۇ؟ بۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرغانلىق بولماي نېمە؟ كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئالدىمامدۇ؟! نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتىن بۇ«ئەخمەق» ئىنسانلار خورلۇق ھېس قىلمايدۇ؟!

مەن ئۇنى يۆلەپ، تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدىم:

— قارا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى ئەخلاقسىز ئىكەن دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ.

ئۇ يەنە سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئەخلاق دېگەن نېمە؟ ئۇ قاچان پەيدا بولۇپتۇ؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئەزەلدىن بارمىدى؟ ئەخلاق بىلەن چۈمپەردىنىڭ پەرقى نېمە؟

مەن ئۇنى يۆلىگىنىمچە ئېلىپ كەتتىم.

4

دۇنيادا شۇنداق رېئاللىقمۇ باركى، كىشىلەر ئۇنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئويغىنىشنى خالىمايدۇ. بۇنى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدىن پەيدا بولغان «غەيرىي سېزىم» دېيىشكە بولامدۇ؟

5

خۇش پۇراقلىق گۈللەر ئارىسىدا بىر جۈپ ياش ۋىسال پەيزىنى سۈرگەچ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىۋاتاتتى:

ئادەم ياشلىقىدا ھەر قانداق ئىشلارنى قىلىدىكەن، ھەتتا شەخسىي پايدا، بىر دەملىك ھەۋەس ئۈچۈن ئەڭ بەت ـ بەشىرە قىلىقلارنىمۇ قىلىدىكەن. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاستا ـ ئاستا «ياشلىق ئەمەسمۇ؟!» دېگەن سۆز بىلەن كەچۈرۈۋېتىلىدىكەن، بۇ ئارىدا گۇناھكار كىم؟ ياشلىقمۇ؟ ياكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقتىكى چاۋىسىنىڭ چىتقا يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كەچۈرۈۋېتەمدىغاندۇ؟!

*　　　*　　　*

ئاڭلىمىدىڭمۇ ئامرىقىم!؟ بىز شۇنداق ھايات سەھنىسىدە ئويۇن قويغۇچىلارمىز.
لېكىن تاماشىبىنلارنىڭ بار - يوقلۇقى بىلەن كارىمىز يوق.
قارا، مەھبۇبەم، تاڭ ئاستا - ئاستا يورۇماقتا. بىزنىڭ ۋىسال بەختىمىزمۇ خۇددى
سەھەردىكى تاڭ قۇياشىدەك بارغانسېرى كۆڭلىمىزنى سۈزۈلدۈرمەكتە. ئەتىگەنلىك
قۇياش يۈزلىرىگە ماناندىن تارتىۋالغان چۈمبەللىرىنى قايرىۋېتىپ، بىزگە خىجىللىق
بىلەن كۈلۈپ قارىماقتا.
يۈر ئامرىقىم، ئەمدى بىز سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تويۇنۇپ، گۈللەر بەرگىمىدىكى ياقۇت
شەبنەملەرنى يىغىلىق مېھرىمىز بىلەن قۇرۇتايلى!

ئابدۇرېشىت ئابلىز

## مېيىت چىقارغاندا

(ھېكايە)

خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
ھاپىز بوجاڭنىڭ ئايالى ۋاقىتسىز قازا
تاپتى. بۇ ئىش پۈتۈن ناھىيىنى زىلزى-
لىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئىدارە - جەمئىيەت-
لەرنىڭ باشلىقلىرى بېسىق ئىشلىرىنى
دەرھال يىغىشتۇرۇپ، ۋېلىسىپىتلىرىگە
مىنىشتى. ھەر خىل تىجارەتلەر بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلار دۇكانلىرىنى ھاپىلا - شا-
پىلا تاقىشىپ، ئىش كىيىملىرى بىلەنلا
پالاقلاشتى. ئىمام، مەزىناخۇنۇملار بولسا،
ئوقۇۋاتقان نامازلىرىنى تاشلاپ قويۇپ،
بېشىدىكى سەللىسىنى قوزۇقتا ئىلىپ
قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، مەسلىرىگە كالاچ
سېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈرۈشتى.
كوچىدا بولسا، ھاپىز بوجاڭنىڭ
ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەلكۈندەك ئېقىۋات-
قان ئادەملەر توپى گويا يورغىلاش مۇسا-
بىقىسىگە چۈشكەنلەرنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار-
نىڭ چىرايىدا كىشى چۈشىنىپ بولمايدى-
غان ھەر خىل ئالامەتلەر ئەكس ئېتىپ
تۇراتتى. گويا كەلكۈندىن قېچىپ كېتى-
ۋاتقاندەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان بۇ
ئادەملەر بوجاڭنىڭ ئۆيىگە بىر قەدەم
بولسىمۇ بالدۇرراق بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ
قىلىۋاتقان ئىش - ئوقەتلىرىنى تاشلاپ،
بوجاڭنىڭ قايغۇسىغا تەڭ قايغۇرۇش
ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش-
ماقچى ئىدى. يېرىم سائەتكە قالماي بوجاڭ-
نىڭ كەڭرى ھويلىسى، ئىچكىرى - تاشقىرى
ئۆيلىرى ناھىيە خەلقى بىلەن لىق تول-
دى. ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن مەزىناخۇنۇم
بولسا تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئۆزۈلمەي
كىرىپ تۇرغان پەتىچىلەرگە تالىشىپ،
ئالمىشىپ دېگەنىدەك خەتمە قۇرئاننى

باشلايتتى-دە، ئاخىرىدا بۇجاڭنىڭ ياش ئايالىنىڭ روھىغا ئاتاپ «ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي» دېگەن سۆزنى ئۈنلۈك چىقىرىپ پاتىھە قىلاتتى. ھويلىنىڭ سىرتىدا بولسا چوڭ-كىچىك ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ كەتكەنىدى. ھەش-پەش دېگۈچە سىيامىبۇ، خەسلەر تەييار قىلىنىدى. بۇجاڭنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، بۇجاڭنىڭ بەزى يېقىن بۆلۈم باشلىقلىرىغىمۇ يېرىم مېتىردىن ئاق يىرتىپ باغلاشتى. ئىشلار «ھەمكارلاشقۇچى» لارغا يېتىشمەي قالدى. گۆركارنىڭ قېزىپ قويغان يەرلىكى كىچىك بولۇپ قالمىسۇن، دەپ 10 — 15 ئادەم زاراتگاھلىقتا يۈگۈرۈشتى. قارىماققا، ھەممىلا ئادەم بۇجاڭنىڭ تۇغقانلىرىدەك، يېقىن ئادەملىرىدەك كۆرۈنەتتى. بەزىلەر كۆزلىرىدىن ياش چىقمىسىمۇ، قول ياغلىقنى كۆزلىرىگە تۇتۇۋېلىپ زورىغا مىشىلداپ قوياتتى. مەن بولسام بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇراتتىم...

چۈشتىن كېيىن مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىتنى دەپنە قىلىش توغرىسىدا تالاش-تارتىشلار باشلىنىپ كەتتى: بەزىلەر، مازارلىقنىڭ بەك چەت، يىراق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈننىڭمۇ سوغۇق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېيىتنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىشنى ئېيتىشتى. ئىمام ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى بېلىگە ئاق باغلىغان جامائەت ۋە بەزى بۆلۈم باشلىقلىرى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلىپ، مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىشنى تەكىتلىدى. بۇجاڭ بولسا بۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى باھالاۋاتقاندەك بىر چەتتە جىم تۇراتتى.

— جامائەت مانا ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم ئۈنلۈك سۆزلەپ، — مۇشۇنچىلىك قىران يىگىتلەر تۇرغان يەردە مېيىتنى ماشىنىغا سالساق قانداق بولىدۇ؟ — ئۇ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىمكىن دېگەندەك، بۇجاڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى، — قېرىنداشلار! ھەممىمىز مۇسۇلمانلار، بىزدە مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىدىغان خاسىيەتلىك ئىش بار، مېيىتنى ھەر يەتتە قەدەمدە بىر ئالمىشىپ كۆتۈرسەك گۇناھىمىز ساقىت بولىدۇ دېگەن سۆز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېيىتمۇ سىلكىنىپ چايقىلىپ قىينالمايدۇ.

مەن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قىلچە ھاسىرىماستىن سۆزنى دانە-دانە قىلىپ سۆزلىشىدىن ھەيران قالدىم. چۈنكى تۈنۈگۈندىكى نەزىردە ئۇنى ئاغرىق دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن بولسا ئاغزىنى كۆپۈكلەندۈرۈپ كۆپچىلىككە ساۋابلىق ئىش ھەققىدە ۋەز ئېيتىۋاتىدۇ.

— ئىمامنىڭ سۆزى دۇرۇس، بەرھەق! مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ چىقىمىز! — دۈمباق چېلىنغاندەك ياڭراق سادالار بۇجاڭنىڭ ھويلىسىنى بىر ئالدى.

جامائەت بىردىنلا دەۋرەپ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. جىنازىنى ئەكېلىش ئۈچۈن مەسچىت تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ مازارغا ئېلىپ مېڭىشتى. بۇجاڭ كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارمۇ بۇجاڭغا يانداشىپ قولدىن-قولغا ئۆتۈشۈپ تۇرغان قىزىل دۇخاۋىلىق جىنازىنىڭ ئالدىدا مۇسابەتكە چۈشۈپ

مېڭىشماقتا ئىدى.

مەن ئادەملەردىكى بۇنچە «ھۆرمەت، ئېتىقاد، ئادەمگەرچىلىك» لەرگە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى شۇ تاپتا قوشنىمىز ھېزىم ئاكىنىڭ تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرىكى ئۆلۈمى كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالغانىدى...

يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى. قۇلىقىمغا بىر قىزنىڭ بىر پىغانلىق نالىسى ئاڭلانغاندەك بولدى. دەسلەپتە بۇ چۈشۈم بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، كېيىن بۇنىڭ چۈشۈم ئەمەس، دەل رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم: دەرۋازا ئالدىدا قوشنىمىز ھېزىم ئاكىنىڭ 15 ياشلىق چوڭ قىزى گۈلمىرە يىغىدىن ئېسەدەپ تۇراتتى. ئۇ، دا ــ دادام دېگىنچە ئارتۇق گەپ قىلالماي بىلىكىمدىن چىڭ تۇتۇپ تارتىشقا باشلىدى. كۆڭلۈم شۇئان بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك بولدى ــ دە، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. شۇتاپتا نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. گۈلمىرە بىلىكىمدىن تارتماقتا ئىدى.

ــ ھازىرلا چىقاي، ــ دېدىم مەن گۈلمىرەنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

ھېزىم ئاكا ئاساسىي قاتلامدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن پېشقەدەم كادىر ئىدى. باللىرىنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ ئىلگىرىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورانلىرىدا تارمىغىچە سۈرگۈن بولغان... پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، مەلۇم گۇڭشېنىڭ بۇغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەنىكەن. ئۇ شۇ يىلى توي قىلغاندا، 45 ياشلاردا ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقانىدى.

ــ كىمكەن بۇ كېچىدە ھازا ئېچىپ كەلگەن؟ ــ دېدى ئايالىم ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، ــ ئىشىكلىرىڭىزنى كىمكىلى تۇردىڭىزغۇ ئەمدى؟

ــ گۈلمىرە ئىكەن، ھېزىم ئاكا ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشايدۇ، مېنى چاقىرىپ كەپتۇ.

ــ خۇدايىم ساقلىسۇن.

مەن ھېزىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇنىڭ ئايالى ھېنىپىسخان ھەدە ئېرىنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. قىزى گۈلمىرە بولسا، دادىسىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۆكسۈك يىغلاپ، ۋاقىتسىز قازا تاپقان دادىسى ئۈچۈن ئېچىنىشلىق پەرياد قىلىۋېتىپتۇ. مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم توك تەپكەندەك زىلىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

ھېزىم ئاكىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن پات ـ پات دورا ئېلىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى، ئوكۇل ئەكەلدۇرۇپ سالدۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ھېزىم ئاكىنىڭ بۇ ناھىيىدە جان كۆيەر بىر تۇغقانلىرى يوق ئىدى. بار دېسە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى قېرلۇم ـ قوشنىلىرى ئىدى. بىراق بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا قويۇق ئىدى. ئۇ دائىم: سىلەر مېنىڭ بىر تۇغقىنىمدىنمۇ ئەزىز، دەيتتى. شۇڭا بۇ كېچىدە باشقىلارنى ئاۋارە قىلغىچە دەپ مېنىلا چاقىرغانمۇ ـ قانداق، ئۆيدە مەندىن باشقا كىشى يوق ئىدى.

ــ مۇسا قارىمنى چاقىرتمىدىڭىزمۇ؟ ــ

سوردۇم مەن ھېزىم ئاكىنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ئېڭىكىنى چېتىۋېتىپ ھېنىپەخان ھەدىدىن.

— چا ... چاقىرتقانىدىم، — دېدى ھېنىپەخان ھەدە ئېسەدەپ ياش يۇقى كۆزلىرىنى شېرىس ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا ئېرتىپ تۇرۇپ، — سو ـ سوغۇق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ھې ... ھېچ تاۋىم يوق، مە... مەمەت مەزىناخۇنۇمنى چاقىرىڭ دەپتۇ، بى ... بىچارە قىزىم سوغۇقتا مەزىناخۇنۇمنىڭكىگە بارسا، دەرۋازىسىنى ئاچقىلى ئۇنىماپتۇ، شۇ ... شۇنىڭ بىلەن سىزنى...

ھېنىپەخان ھەدە گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. مەن بولسام ھېنىپەخان ھەدە بىلەن قىزى گۈلمىرەگە تەسەللىي بېرىشتىن باشقا ئامال تاپالماي تاڭنى ئاتقۇزدۇم. تاڭ ئېتىش بىلەن ئايالىم كىردى. ئۇ، مەشتىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن كۆمۈر چوغىنى چۇخچىلاپ ئۈستىگە كۆمۈر سالدى. ئاندىن چۆگۈنلەرگە سۇ تولدۇرۇپ، مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى.

ئايالىم بىچارىنىڭ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ، بوغۇق ئاۋازدا بىردە ھېنىپەخان ھەدىگە، بىردە تېخىچە ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان قىزى گۈلمىرەگە تەسەللىي بېرەتتى. باشقا باللىرى كىچىك بولغاچقا، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ بىر بۇلۇڭدا تىقىلىشىپ ئولتۇراتتى. گاھ كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئاپىسىغا قارىسا، گاھ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان ھەدىسىگە قاراپ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى.

مەزىناخۇنۇمنىڭ بامداتقا ئەزان توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا 14 ياشلىق ئوغلۇمنى مەسچىتكە چاپتۇردۇم. لېكىن ئىككى ئۇچەيلەندىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى. سائەت 9 دىن ئېشىپ كەتتى. قولۇم ـ قوشنىلاردىن باشقا تېخى بىرەر ئادەم كەلمىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈن سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇمانلىق بولغاچقا، كېلىدىغان ئادەملەر ناھىيە سىرتىغىراق ئولتۇراقلاشقان بۇ ئائىلىنى تېپىپ كېلەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ چۈشكىچە 30 — 40 ئادەم ئاران كەلدى. يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىغا چاپقۇدەك تۈزۈكرەك ئادەم بولمىغاچقا، چۈشكىچە ئۆزۈم يالغۇز دېگۈدەك چاپقۇلاپ يۈرۈپ كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلدىم. يەرلىككە ئادەم ئەۋەتەي دېسەم ھېچكىم چىقمىدى. ھېلىمۇ ياخشى گۆردىن بىرنى ئارتۇق كولاپ قويغانىكەن، يېنىمدىن 60 كوي پۇلنى ساناپ بېرىپ، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى لەھەتنى سېتىۋالدىم.

مانا ئەمدى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغان ئىمام ئاخۇنۇم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مەزىناخۇنۇم مېيىت نامىزىنى چۈشۈرەلمەسمىش. ئاخىرى يەنە ئۆزۈم چاپتىم. ئىمام ئاخۇنۇمغا بېرىپ يالۋۇردۇم، يېنىمدىن 50 كوي پۇلنى چىقىرىپ يېنىغا سېلىۋېدىم: سەن كېلىپ قاپسەن، بولمىسا ئورنىمدىن قوپقۇچىلىكىم يوق ئىدى، دەپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى. ئۇنى تۇپراق بېشىغا چىقالماي قالمىسۇن دەپ، قېلىن كىيىندۈرۈپ قول ھارۋىسىدا سۆرەپ كەلدىم.

«يېتىمغا يېلىنىڭ چاپان ئېغىر كەپتۇ» دېگەندەك بۇ رەھمەتلىكنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرىدىغان ئادەم چىقمىدى. ھەممىسى «سوغۇقتا ئۇنچە يىراق يەرگە قانداق كۆتۈرۈپ چىققىلى بولسۇن» دېيىشسە، ئىمام ئاخۇنۇم بۇ سۆزنى ياقلاپ، ياقىلىق جۇۋىسىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرىپ كەتكەن ئۇخشاش بېشىنى ئاران چىقىرىپ: ماشىنا تېپىپ، ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقىڭلار، جىنازىغا سالغان بىلەن چوڭ ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىنى سىلكىنىپ كەتسە يامان بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. لېكىن شۇ ماشىنىنى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم چىقمىدى. يەنە ئۆزۈم پايپاسلىدىم. قېرىشقاندەك بەزى ماشىنىلارنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىۋېتىپتۇ. بەزى ماشىنىلار بۇزۇلۇپ قاپتۇ. «يېتىمنىڭ يولى تۇيۇق» دېگەندەك بۇ مۇساپىرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىدىغان كۆلۈكمۇ تېپىلمىغىلى تۇردى، قانداق قىلغۇلۇق، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىتىپ تۇرغاندا، كۆمۈر بېسىپ كەلگەن سىرت ناھىيىنىڭ بىر ماشىنىسى يولۇقۇپ قالدى. شوپۇرغا ئەھۋالنى دېسەم: كۆمۈرنى چۈشۈرىدىغان ئورۇن يوق، بولمىسا بىردەملىككە ماشىنىنىڭ مېيىي تۈگەپ كېتەمتى، دېدى.

لېكىن كۆمۈر ئالىدىغان ئادەم ياكى ئورۇن تاپالمىدىم. كۈن كەچ بولۇپ كېتىپ باراتتى. يەنە بىر ئاز كېچىكسەم ھېزىم ئاكىنىڭ مۇردىسى قونۇپ قالىدىغاندەك ئىدى. ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكەن بۇ ئادەملەرنى قانداق يىغقۇلۇق. شۇڭا ماشىنىدىكى تۆت تونىنا كۆمۈرنى ئىشىكىمنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈردۈم...

قاقىلىق قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرۇسەنغۇ؟ — دېدى بىر چاغدا خىزمەتدىشىم ئوبۇل دولامغا پاقىدە بىرنى ئۇرۇپ، — يۈرە، تەزيىمىنى بۇ يەردە ئەمەس، تۇپراق بېشىدا بىلدۈرىمىز.

مەن شۇندىلا ئېسىمگە كەلدىم. ئالدىمدا كېتىپ بارغان ئادەملەر توپىغا مەيۈسلىنە تىكىلدىم، ئۇلار شۇ تاپتا ماڭا بوجاڭنىڭ ئاياللىنىڭ جىنازىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەملىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بېرىشقاندەك تۇيۇلدى.

داۋۇت قۇربان

# ناخشىچىنىڭ ئانىسى

(ھېكايە)

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ باشلىرىدا بىر خىزمەتدىشىمىز بىزنى مېھمانغا چاقىردى. ئولتۇرۇش ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ساھىبخان قانداق قىلسام مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچارمەنكىن، دەپ بىردەم بىزنى داستىخاندىكى نازۇ – نېمەتلەرگە زورلىسا، بىر دەم ئۈنئالغۇ قويۇپ بېرەتتى. ھەممىمىز كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. بىردەمدىن كېيىن ساھىبخان بىز ئولتۇرغان ئۆيگە ئىككى يىگىتنى باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنى ناخشا ئېيىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار دۇتتار – تەمبۇرلىرىنى تەڭشەپ شوخ پەدىلەرگە چالدى. مۇزىكا ھەممىمىزگە ھۇزۇر بېغىشلىدى. بىز ئۇنى ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدۇق. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا ھەر تەرەپتىن ياشاپ كەت! تۇغقان ئاناڭغا مىڭ رەھمەت، دېگەن ئالقىشلار ئېيىتىلدى. كىمدۇ بىرسى ئۇلارنى «مېھرىبان ئانام» دېگەن ناخشىنى ئېيىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ناخشا باشلاندى، ناخشا شۇنداق جاراڭلىق، مۇڭلۇق ئىدىكى، ھاياجاندىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئىختىيارسىز ھالدا ئانامنى ئەسلىدىم.

چۈشتىن كېيىن بىز ساھىبخان بىلەن خوشلاشتۇق. ھېلىقى ناخشىچىلارنى بىرەيلەن باشقا بىر سورۇندىكى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

دوستۇم بىلەن ئىككىمىز چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ ئېتىزلىق ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭدۇق. بۇ، بۇغداي پىشقان مەزگىل بولۇپ، دېھقانلار ئالدىراش بۇغداي ئورۇۋاتاتتى. كەڭ دالىنىڭ چېتىدە يېشى توختىغان بىر ئايال ئۆزى يالغۇز ئورما ئورۇۋاتاتتى. دوستۇم ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېتىزنىڭ قىرىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

— ئۆزىڭىز يالغۇزلا ئورغىلى تۇرۇپسىزغۇ بۇغداينى.

— بۇغدايلار پىشىپ كەتتى. ۋاقتىدا ئورىمىساق بولمايدۇ. كۈيئوغلۇم بۇغداينى ئۆزۈم ئورۇپ، سوقۇپ، چەشلەپ بېرىسەن دېگەنىدى، بەلكىم ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ قالار. مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئورۇپ تۇراي دېدىم.

ئايال شۇنداق دەپ بولۇپ، بۇغداي ئورۇشقا كىرىشتى. بۇغدايغا ھەر قېتىم ئورغاق سالغاندا ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، گەرچە كۈن قايرىلىپ، سالقىن چۈشكەن بولسىمۇ ئايال تەرلەپ كەتكەنىدى. دوستۇم ئۈن تىنمىزلا ئۇنىڭ قولىدىكى ئورغاقنى ئېلىپ، بۇغداي ئورۇشقا كىرىشىپ كەتتى. كۈن پاتاي دېگەندە ئايال بىلەن خوشلاشتۇق. قايتىپ كېلىۋاتقاندا دوستۇمدىن:

— بۇ ئايالنىڭ ئوغلى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بار، — دېدى دوستۇم، — ھېلىقى «مېھرىبان ئانام» دېگەن ناخشىنى ئېيتقان يىگىت مۇشۇ ئايالنىڭ ئوغلى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىردىنلا كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. دوستۇمنىڭ سۆزلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. بىر قانچە كۈنگىچە مۈكچىيىپ ئورما ئورۇۋاتقان قېرى ئانا بىلەن زىياپەت سورۇنلىرىدا «مېھرىبان ئانام» دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقان يىگىتنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى.

نۇردۇن ئىبراھىم

# شېئىرلار

## قارا

قارا رەڭگە ئامراقمەن دېسەم،
ئەجەبلەنمەڭلار بالىنىڭ ئانىسى.
شۇنداق،
بەزىدە باشقا رەڭدىنمۇ
يېقىملىق كېلىدۇ رەڭنىڭ قارىسى.
مىسال ئازمۇ،
ئارىلاپتۇ چېچىمغا ئاق دەپ
تۇرمامسىلەر مانا سىلەمۇ،

www.uyghurkitap.com

(چىرايىڭلاردا ھەسرەت سايىسى).
دېمەك ئەسلىمدىن
ئەيىبىڭنىڭ ھەممىسى رەڭدىلا ئەمەس،
گەپ شۇ يەردە،
تاپالامدۇ ـ يوق
شۇ رەڭدىن شىپا يۈرەك يارىسى ...

## سەرگۈزەشت

ئۇھ! دەپ
ئولتۇرۇۋىدىم،
نوقۇپ ئاياللىم
ئوتۇن كېرەك ئوچاققا، دېدى.
تۇرۇۋىدىم،
كىرىپ چوڭ ئوغلۇم
مېھمىنىم بار، يوقمىدۇ قويۇڭ
يارىغۇدەك پىچاققا، دېدى.
مېڭىۋىدىم، قىزىم دەس تۇرۇپ،
ھالقىچۇ بۇ قۇلاققا، دېدى.
چىقىۋىدىم
نەۋرەم شۇ ھامان
مېنى باقماي قاياققا، دېدى.
يۈگۈرۈۋىدىم،
كىملەردۇ كۈلۈپ،
جەننەتكىمۇ ـ دوزاخقا؟ دېدى.
بېرىۋىدىم ھېكىمگە،
كۆرۈپ
كېلمۇۋەرمە بۇ ياققا، دېدى.
رەنجىمەيمەن،
ئەيىب ئۆزۈمدە
كىم كۆز ئاچقىن ھاياتقا، دېدى.

## تېخىنىڭ بولاي مەن ئەمدى ئانا

تالاشقىنىڭ نېمىسى ئىشنى،
ئاز كەلگەندەك قىرلىق يانا.
بىغىم بولۇپ كەپسەن شۇڭغىچە،
تېخىنىڭ بولاي مەن ئەمدى ئانا.

يۆلەن مەيلى قانچە يۆلەنسەڭ،
يۆلىنىشكە بار شۇنچە ھەققىڭ.
قۇياشنى خەق ئۇلۇغ دەيدىكەن،
شۇ قۇياشتىن بار نېمە پەرقىڭ؟

چانىقىڭدا كۆرمەك تامچە ياش
ئاھ، مەن ئۈچۈن مىڭ ئۆلگەنگە تەڭ.
تەپتى يىللىق يالقۇنسەن ئۆزۈڭ
بارچە يالقۇن ئىچىدىكى ئەڭ.

ئانا! دېسەم لەۋزىمدىن شۇ تاپ
ئېرىپ كېتەر ھەتتا تاغۇ ـ تاش.
زوق ئىلكىدە كۈلۈپ ـ ئەركىلەپ،
ئىزلىرىڭغا باش قويار قۇياش.

سەن شۇ قەدەر ئەزىز، مېھرىبان،
ئەجرىڭ چەكسىز، سەن نۇرلۇق قۇياش.
سەپەرلەردىن يېنىمگەن ۋايىم،
تولپارلىرىڭمەن تاڭشۇرۇلغان شاش.

## خىيالىمدا ئۆلگەن دۇنيا تىرىلدى قايتا

بۇ دۇنياغا ئوماققىنە كۈلۈپ كۆز ئاچقان،
بوۋاق ئىدىم بىر چاغلاردا سەبىي ۋە يۇمران.
ئاھ، مەن ئۈچۈن بەردى ئانام قانچىلىك قۇربان،
سەزمەيتتىم ھېچ، ئىدى كۈلكەم چېھرىمدە قىيان.

گاھ كۆلكەمدىن يىغام تولا، قەغمىشىم تولا،
ئاھ، شۇندىمۇ دەيتتى ئانام: ۋاي ئاپئاق قوزام.
سەندىن كۆتكەن ۋە مېنىڭكى ئۈمىدىم تولا،
ئەللەي، ئەللەي ... مەنغۇ مەيلى، سەن ئالغىن ئارام!

ئاتا ـ ئانام ئىدى شۇنچە ماڭا غەمخانە،
بۆشۈكۈمنى تەۋرىتەتتى تىنىماي ئالمىشىپ.
ۋە مەن ئۈچۈن گېزى كەلسە بولۇپ مىڭ دانە،
ھارماس ئىدى مىڭ قۇياشلىق نۇرىنى چېچىپ.

ئۆتتى يىللار، ئۆتتى شۇنداق سىلجىمدى قەدەم،
بالىلىقىم بوۋاقلىقنىڭ ئالدى ئورنىنى.
لەگلىكىمنى كەڭلىكلەردە ئۇچۇردۇم بىغەم،
سۆزۈك تاڭدا قانداق گۈزەل باھار سەلكىنى.

ئوتىمۇ ياقتىم ئوچاق ياساپ ۋە تېرىپ تەمەچ
(ئوت تۇتاشماس ئاسانلىقچە شاماللىق جايدا.)
كىرمەس ئىدىم ئۆيگە سەزمەي تا كىرگەننى كەچ،
چاقىرمىسا ئويۇن ئويناپ تۈزدە، گاھ ئويدا.

تۇرماس ئىدىم گەر يىقىلسام يۆلىمىگچە،
ئەركە ئىدىم ئاھ شۇ قەدەر ئاتا ـ ئانامغا.
شاخنى يېرىپ كېلەر ئىدىم، ئۈز دېسە غۇنچە،
كۆز سالاتتىم مەن بۇغدايغا ئەمەس، سامانغا.

گاھى ئىناق، گاھ ئۇرۇشۇپ بالىلار بىلەن،
ھايال ئۆتمەي ھەم قالاتتىم يەنە ئەپلىشىپ
بىلمەس ئىدىم، نېمە ئەدەپ — ئەخلاق دېگەن،
يۈرەر ئىدىم شۇ تەرىزدە ھەددىمدىن ئېشىپ ...

مىڭ شۈكۈركىم، تۇنجى قېتىم بوخچامنى ئېسىپ،
كىردىم مەنمۇ ئانا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن.
بىلىم ئاتلىق جانان يىللىق قوينىنى ئېچىپ
ۋە بەھرىمەن قىلدى بەخت نېسىۋىسىدىن.

ئەمدى بىلسەم ئوتتۇز قېتىم ئۇزاپتۇ باھار،
ھەر ئۇزاشتا ئېپىپ كېتىپتۇ بىردىن يوپۇرماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكىن بۇندا بەرگەن بەدەل كەتمەيتۇ بىكار،
مەن كەيتىمەن نادانلىقنى قالدۇرۇپ يىراق.

بالىلىقمۇ قايتۇ پەقەت غۇۋا چۈش بولۇپ،
بولۇپىتىمەن سوزىسام قولۇم كۆككە يەتكۈدەك.
ئەقىل - زېھنىم ئالىمگە نۇرلار لىق تولۇپ،
دىل ئۇپۇقۇم يۇلتۇزلاردىن تارتىپتۇ جىيەك.

دەيدۇ ئەمدى ئىز چۈشمىگەن چۆل - باياۋانلار،
ئاھ قايدىسەن، ئاۋارە بىز سېنى چاقىرىپ.
كۈتەر سېنى باغرىمىزدا شەرەپ ۋە شانلار،
ئۇيغاققۇ سەن، تەپتىمىزدىن باقمامسەن ئېرىپ!

ئاھ، ئېڭىمدا شۇ بىر تۇيغۇ، ئاھ، شۇ بىر سادا،
سادالاردىن ھېلىمۇ ھەم قالمىدىم مەڭدەپ.
يوشۇرمايمەن، ياشمۇ تۆكتۈم ھەتتاكى ئۇدا،
ھەر قەتىرىسى گەر كەلسە مىڭ كۆلگە تەڭ دەپ.

قىران ياشمەن، پەسلىم باھار، ئەتراپىم چىمەن،
ھايات سىرى تاشماقتا پاك مېھرىم ھەسسىلەپ.
غەيرەتلىنىپ دولقۇنلارغا سالدىم مەن كېمە،
خىيالىمدا ماچىتلاردىن تۈزۈپ مەغرۇر سەپ.

سۇ يۈزىدە ئاق چايكىلار مېنىڭ سىردىشىم،
دىلغا ھوزۇربېرىپ ئۆتكەن ئۇچقۇر، شوخ شامال.
قىرغاق ئارا مەجنۇنتاللار قانداق ئەۋرىشىم،
ئۆز ھۆسنىدىن يار جامالى كۆرۈنەر غىل - پال.

لېكىن، سىرتتا مەن ئالدىراپ چىقارماسمەن ئۈن،
چۈقان بىلەن كۆڭۈللەرنى مۇمكىنمۇ ئوۋلاپ؟
چۈقان بىلەن تولغان ھايات قويىنى گويا تۈن،
تۈن ئىلكىدە مەۋجۇداتنى بولمايدۇ شاللاپ.

دەيدۇ شۇڭا ماڭا ۋىجدان: يۇلتۇز بول، ئاي بول،
ۋۇجۇدۇڭدىن تائەبىەتكە نۇرلار ئۆچمىسۇن.
بارنى سۆزلە، ھەقنى كۆيلە، شەپقەتكە ھەم تول،
ئەقىدەڭدىن تاغلار ۋەزنى ھەرگىز كۆچمىسۇن!

قانداق گۈزەل، قانداق ياڭراق ۋىجدان خىتابى،
ۋىجدان بىلەن سامادىمەن، كەتمىدىم پەسلەپ.
ئاتا-ئانا لەۋلىرىمدە مېھرىلىك شارابى،
قامىتىمدە كۆردۈم سېنى بۈگۈنمۇ دەسلەپ.

ئىشەن، ئىشەن! ئەمەستۇر بۇ ساختا تەسەۋۋۇر،
پەرزەنتىمەنغۇ، مەغلۇپ هامان ئالدىمدا ساختا.
سىمايىڭلار تۇغ ئويىنىتىپ ئېڭىمدا مەغرۇر،
خىيالىمدا ئۆلگەن دۇنيا تىرىلدى قايتا.

## هەق ئالدىدا تانالمىغان ئادەممەن

كۈيۈڭگە كۆي قاتالمىغان ئادەممەن،
تۈنىڭدە نۇر چاچالمىغان ئادەممەن.
بۇ دۇنياغا ئادەم بولۇپ يارىلىپ،
ئادەملەرچە ياشالمىغان ئادەممەن.

بىلگەنلەرغۇ ئوخشىتىدۇ دەرياغا،
دەريا تۇرۇپ تاشالمىغان ئادەممەن.
ئۆزۈم توڭسام ئوت تالىشىپ، توڭغانغا
يىلىلىق قۇچاق ئاچالمىغان ئادەممەن.

بەيگە دېسە تۇلپارلىقنى تالىشىپ،
بەيگە بولسا چاپالمىغان ئادەممەن.

تالاي ئوقۇم بولدى غايىپ نىشانسىز،
ئوقنى چەنلەپ ئاتالمىغان ئادەممەن.

ھە، بىلىمەن رەنجىشىڭ هەق مېنىڭدىن،
توغرا دەسسەپ ماڭالمىغان ئادەممەن.
بوۋام سۆيگەن، ئاتام سۆيگەن تۇپراقنى،
باغرىمغا چىڭ تاڭالمىغان ئادەممەن.

دىلدا شۇ تاپ ئاچچىق ئەلەم، پۇشايمان،
يولنى باشتا تاللىيالمىغان ئادەممەن.
نېمە دېسەڭ دەۋەر، سۆزۈڭ هەق سېنىڭ،
هەق ئالدىدا تانالمىغان ئادەممەن.

**ئەخمەتجان ياسىن**

# ئاي بىلەن سۆھبەت

## تاك ساباسى

ئەركىلەپ هەر تاڭدا يېقىملىق سابا،
سۆيىدۇ ناز بىلەن دالا يۈزىنى.
قىشىچە غەپلەتتە ياتقان كەڭ زېمىن،
ئويغاندى ئۇيقۇدىن ئېچىپ كۆزىنى.

خازانلار تۆككەن چاغ رەھىمسىز كەچكۈز
قۇرىغان قاقشال بوپ دەرەخلەر، تاللار.
ھە مانا گىياھلار ئېچىپ تۆت قۇلاق
ياشنىدى، كۆلدى زەپ نۇرلىنىپ باغلار.

ئۇرۇلدى دىماغقا جىگدە چېچەكى
خۇش ھىدى كۆڭۈلنى قىلىپ مەھلىيا.
تارالدى باغلاردىن ھەر يانغا ئىپار،
قاپلىدى زېمىننى ئالتۇن نۇر ـ زىيا.

نەزمەمدىن گۈل تىزىق تىزىپ بوينۇڭغا،
ئەي سابا، ناسايمەن دۇردانە ـــ مارجان.
ئېلىپ بار سالامىم ئېتىمز قوينىغا،
ئېلىپ بار، نىگارىم زوقلانسۇن ھامان.

## چاقنىسا بەرگىدە شەبنەم قەترىسى

بەرگىدە چاقنىسا شەبنەم قەترىسى،
جىلۋىدار نۇر ـ زىيا گۈلنىڭ ھۆسنىدە.
باھارنىڭ پەيزىدىن بۇ ئاتەش پورەك
كۆلمدۇ گۈل بولۇپ باغدا ھۆپپىدە.

ئۆچكەندە سامادىن ئۇلكەر يۇلتۇزى،
قىزاردى مەشرىقنىڭ يىللىق سىيماسى.
ئورنىمدىن دەس تۇرۇپ ئويغاندى قۇياش،
قاندى بۇ كۆڭۈلنىڭ ئىشقى ـــ شەيداسى.

يورۇتتى باھارنىڭ ئاپتىپى تەكشى،
لالىزار باغلارنىڭ گۈزەل قوينىنى.
ئولاشتى كېپىنەك گۈللەر بەرگىگە،
ئەككەندە شوخ سابا تاللار بويىنىنى.

گۈللەرنىڭ بەرگىدىن ئۇزۇقلۇق ئېلىپ،
ياشايدۇ كېپىنەك باھارنى كۈيلەپ.
ياشايدۇ ئىنسانمۇ كېپىنەك كەبى،
ھاياتنىڭ بېغىدىن گۈزەللىك ئىزدەپ.

## سەھەردىكى لىرىكا

تاك سەھەر، سۈپسۈزۈك ئاسمان گۈمبىزى،
يۇلتۇزلار بەئەينى باغدىكى غۇنچە.
ياسانغان پەردىدەك خۇددى تەبىئەت،
ئوخشايدۇ جانان ئاي چېھرىگە شۇنچە.

پەرىزات قېشىدەك ساما يوللىرى
يا ئوقى كىرپىكى ـــ بەپايان ئورمان.
پەرەڭدەك ياغلىقى ـــ شەپەق نۇرلىرى،
شايىدەك كۆڭلىكى ـــ گۈلزارلىق ماكان.

ئى دوستۇم، ئۇشبۇباغ سۆيگۈنۈم مېنىڭ،
ھەر گۈلى يۈرەكتىن كۆيگۈنۈم مېنىڭ،
مۇبادا ئايرىلسام ئانا دىياردىن
ياشاشتىن مىڭ ئەۋزەل ئۆلگۈنۈم مېنىڭ.

## چىمەن باغقا مەدھىيە

تۇردۇ ئالدىمدا چىمەن باغ ھەيۋەت،
مېھرىدىن كۆڭۈلنى ئەيلەپ مەھلىيا.
قوينىغا زوق بىلەن تاشلىسام قەدەم،
دەيدۇ ئۇ گۈل پەرى: كېلىڭ مەرھابا!

گوياكى بولۇتتەك مەجنۇن تاللارنىڭ
ئەكس ئەتەر سايىسى كۆلنىڭ يۈزىدە.
راۋاقتا ئېسىلغان ياقۇت رەڭ مەشئەل
چاقنايدۇ ئاي كەبى جىمجىت كېچىدە.

## يامغۇر بىلەن يېزىلغان نەزمە

تۇرىمەن قىزىل تاغ ئۈستىدە تەنھا،
بۆشۈكۈم گۈل راۋاق، يېپيېڭىچام بۇلۇت.
گۈلئۈزار ئورۇۋچى يۇيۇنار شۇ تاپ،
پەلەكنىڭ يامغۇرى سەرراپى بولۇپ.

چاپىدۇ خىيالىم بېتىدە قەلەم،
جۇش ئۇرۇپ قەلبىمدىن ئۇرغىغان نەزمە.
گويا مەن شۇ تاپتا بولدۇم بىر سۇمۇرغ،
كۆك تامان پەرۋاز قىپ قىلدىم مەن بەزمە.

ئورمانلار، بىنالار يۇيۇنار، بىراق،
دۇنيادا بەزىلەر پاكلىقتىن يىراق.

نۇرمۇھەممەت سايىم

## ئىككى شېئىر

### بايرام شاتلىقى

ھارپىدا ھاياجان قوزغالدى دىلدا،
ئۇيىقۇسىز ئۆتتى تۈن، چولپان پارلىدى.
ئادەملەر تەڭ تۇردى سۈبھى تاڭ بىلەن،
ئانا يەر بايرىمغا ناغرا ياڭرىدى.

تاغلاردا خۇشاللىق، باغلاردا ھۆرمەت،
چىرايلار نۇرانە ئېچىلغان غۇنچە.
كوچىلار، شەھەرلەر يالتىرار پاكىز،
گۈزەللىك جەۋلانلار قىلىدۇ شۇنچە.

باھارنى كۆرگەندەك كۆرۈپ بايرامنى،
ياپىشار يارەنلەر، تۇغقانلار بۈگۈن.
ھەر ياندا ياڭرىغاچ ساز ۋە تەمبۇرلار،
قىزىدى ئۇسسۇللار، گۈل پۇرار زېمىن.

ئەي بايرام، ئىناقلىق سېنىڭ رىشتىڭدۇر،
سەن يېڭىش تەنتەنىسى شامىلى گويا.
ھاياتلىق ئالىمىنى گۈللەندۈرۈشتە
غايەڭ بىر بايراقتۇر، گۈزەل بىر دۇنيا.

چاقنىدى ئۇپۇقلار نۇرلىنىپ قۇياش،
دەۋرىمنى ياشناتتى بۈگۈن قايتىدىن.
خۇش ناۋا، چاقچاقلار كېلەر توختىماي
كەڭ ئانا تۇپراقنىڭ تاغ ـ دالاسىدىن.

### سايرامنىڭ سەھىرى

سۇسلىشىپ چولپاننىڭ جىلۋىسى كۆكتە،
شولىسى تەۋرەندى كۆلنىڭ سۈيىدە.
مەڭزىگە قان يۈگرۈپ رەڭ تۈزدى ئۇپۇق،
ئويغىنىپ تورغاينىڭ ياڭراق كۈيىدە.

جۈپ ئاق قۇ يەلكەنلىك كېمىدەك ئۈزدى،
قىز ـ يىگىت چوپانلار بولغاندا يانداش.
قادىچىلار يۈگەشتى، قويلار قايرىلدى،
قىز بېلى قايرىلدى نىچۈن تال ئوخـ
شاش؟!

بۇلبۇللار سايرىدى، قانىماي سايرايدۇ،
ئوت ـ چۆپلەرھەمدىدىن كۆكۈل يايرايدۇ.
كۆي ئوقۇپ بۇ ئالتۇن چاغلارغا سايرام
شىۋىرلار، تىنىقى كۆككە تارايدۇ.

چوپانلار سۆيگۈسى تاڭغا ئوخشايدۇ،
تېپىشار گۈل بىلەن بۇلبۇللار ۋىسال.
ئىقبالنى ئەسلىتەر گۈللەر دېڭىزى،
چايقايدۇ زېمىندىن تۆرەلگەن شامال.

موسا ئەھەد

## غايىب سادالار

1

ھەر كېچە نەچچە رەت قارا باسقاندەك،
ئۆندەرەپ تۇرىمەن چۆچۈپ ئۇيقۇدىن.
ئەنسىز بىر نىگاھتا باقىمەن ھەريان،
قۇيۇلۇپ سوغۇق تەر، مۇدھىش تۇيغۇدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا بىر سادا دەيدۇ قۇلاققا:
قۇياشقا يۈزلىنىپ يول سال ھەرمەھەل.
ھايات جەڭ، ياشاشنىڭ ئۆزى ئىمتىھان،
ياشىساڭ دېمەككى تۆلەيسەن بەدەل.

مەن ساڭا يەر ـ زېمىن بەردىم، نە زېمىن
تاۋۇستەك چىرايلىق كۆركەم چىمەنزار.
نە چىمەن بۇ ئالەم جەننىتى گويا،
ھەر چىمدىم تۇپىسى كۆزلەرگە سۈرمە.
نە سۈرمە ۋاپادار مەختۇم سۇلادىن،
ئەما چىمەن تۆمۈرگە يوللانغان ئالما.

2

بۇ يەردە ياڭرىغان ئۇتلۇق ناۋادىن،
بۇلبۇل كۈي تۆكۈشتىن توختايدۇ بىر پەس.
بىر يومران بوۋاقتەك ئۇخلار تەبىئەت،
ئانىنىڭ ئەللىيى قىلغان كەبى مەس.
كۈيلەرنىڭ ئەۋجىدە نازلىنىدۇ تال،
ئەۋرىشىم ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك سەنەم.
تۇرنىلار قاتارى توختاپ ئۇچۇشتىن
تەئەججۇپ ئىلكىدە باقار يەرگە لال.
بۇندا يوق تونۇردەك پىلىنجاپ تۇرغان
سەھرايى كەبىرنىڭ تىنجىق ئىسسىقى.
بۇندا يوق ھايالسىز سۆگەكتىن ئۆتكەن
سىبىرنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق سوغۇقى.
بۇ يەردە تۆت پەسىل ئوخشاش يېقىملىق
ئۆزگىچە ھەممىتى، خىسلىتى بىلەن.
ئايازدىن ئاق قۇغا ئوخشار زېمىنى،
سامادىن تۆكۈلگەن ئاق گۈلى بىلەن.

بېھىشكە ئەندىزە بولار يازلىرى،
جىلۋىدار رەڭ ـ بوياق ئۇنىڭ ھۆسنىدە.
گويا چەك ـ چېگرىسىز قوملۇق تۈسىدە،
كەچكۈزى زەر يېپۇق يايار ئۈستىگە.
بۇ يەرگە چۈشمەكنى ئىستەر يۇلتۇزلار،
سەن تۇرغان زېمىنگە بولاي دەپ چىراق.
قاراپ باق، ئايغىمۇ داغ چۈشتى ئەنە،
مۇشۇ يەر ھىجرىدە چېكىپ دەرد پىراق...

3

مەن ساڭا جەۋھەرلەر بەردىم، نە جەۋھەر،
مۆجىزە ئاچقۇچىنى تۇتقۇزدۇم ساڭا.
بەردىم كۆز ئالەمنى كۆرگەيسەن دەپ
روشەن،
كۈندۈز ۋە كېچەگچۈن قۇياش، ئاينى
ھەم.
تاڭغا باق،
ھەر سەھەر
تاڭغا باق، تاڭغا!
ئېمىش نۇر تاڭلاردىن يارات سەنمۇ تاڭ.
تاڭ كۈلگەن دالىلار خاس ئاشۇ تاڭغا،
تاڭلارغا تاڭ بولۇپ كۆچسۇن ئەقىل ـ ئاڭ!

4

دەيدۇ كىم ساماۋى چۈشلەرنىڭ قەسرى،
چېھرىگە چۈمبىلىن تارتقان تۈنلەرنى؟
دەيدۇ كىم ئاي سەپكەن سۈترەڭ زەررىلەر
بىغۇبار دىللارغا شاھىد بەلگە دەپ؟
دەيدۇ كىم ئالەمنىڭ تۇتتى قارغىشى،
زېمىننى تۇپاندەك باسسا گەر سەلەپ؟

5

كۆردىمەن يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدە،
ئالدىمدا لاغىلداپ تىترەيدۇ زېمىن.
بۇلۇتلار تومۇرى كۆپۈپ ئوت ئېلىپ،
پەيدا قىپ تۇمانلار چېھرىدە قانلار،

نه ئۆچۈن دەھشەتلىك چېقىلار چېقىن؟
نه ئۆچۈن دۇنيانى قاپلاپ ناپاكلىق،
غەۋغالار ئەۋجىدە قالدى يەر شارى؟
نه ئۆچۈن ۋابادەك يامراپ ساختىلىق،
جۇدۇنغا ئالماشتى دىللار باھارى؟
نه ئۆچۈن ئاردا يوقاپ ھالاللىق،
تىپىرلار ساپ روھلار بولۇپ بورۇقتۇم؟
نه ئۆچۈن لەۋلەرنىڭ گۈلسۈرۈخلىرى
مۇڭلۇق سايىسىن تاشلاپ ھەر تامان،
ئەيلەيدۇ ئالەمگە مۇزدەك تەبەسسۇم؟
نه ئۆچۈن زېمىندەك چەكسىز ھەر قەلب،
ئىشرەتلەر نەھرىدە چايقىلىپ تۈنلەر،
بوپقالدى ئىنسانغا رەقىپ - شاياتۇن؟
نه ئۆچۈن ئەمەك بوپ پۇلى بارلارغا،
خازاندەك سارغىيىپ يۈرەر گۈل يۈزلەر.
نه ئۆچۈن يۈز ئۆرۈپ ئايدەك ياردىن
ۋە بۆدرۈق پەرزەنتى يۈرەك - پارىدىن،
ئىت كەبى ژىن پۇراپ ئۆتىدۇ كۈنلەر؟

6

نه ئۆچۈن بوران ۋە قۇم دېڭىزىدىن،
گۈل كەبى شەھەرلەر قالدى چۆلدەرەپ،
ۋە قۇمغا يەم بولۇپ كەتتى قانچىسى.
تۆگىلەر لوككىسىدەك ساناقسىز بارخان
بوپقالدى ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق قەبرىسى.
ئاسمان قۇببىلار ئۈستىدە ياڭراپ،
ئىنسانني ئۇيقۇدىن چىللىغان ئەزان.
شاۋقۇنى نەلەرگە سىڭدىكىن يوقاپ،
ياكى قۇم تەكتىدە يۈرەمدۇ سەرسان...
خارابە قوينىدا تاغ - تاغ سۆڭەكلەر،
نه ئۆچۈن ئالەمگە باقار چەكچىيىپ؟
سۆڭەكتىن ياسالغان، سۆزۈك قەدەھلەر
قانچىلاپ شاھلارنى قىلدى شىر كەيىپ...

7

توقايلار ئۈستىنى كۆمگەن سۆكۈنات،
سولغۇنلۇق داغلىرى تەپكەن يۈزىگە.
نەلەرگە يوقالغان ئۇندا قىرغاۋۇل،
يورغىلاپ ئۆن سالغان بوغۇق ئۈنلىرى،
نه ئۆچۈن ئالماشتى ماتەم كۈيىگە؟
ئاق قۇلار كۆللەردىن تەزدىكىن نېچۈن،
كۆرۈنمەس تېنىدە ماۋۇقسىمان پەر.
بار ئۇندا نه تەشۋىش، نه غەم ۋەھىمە،
ئۈۋچىنىڭ ئوقىدىن ئەيلەمدۇ ھەزەر؟

8

نه ئۆچۈن يىقىلار ياش - قېرى ئورمان،
يۈز ئېچىپ ئورنىدا ئۆزگە بىر دۇنيا.
تۇپراقنى بېغىرلاپ ياتار بى دەرمان،
جەڭگاھتا ئوق تەگكەن جەڭچىدەك گويا
ئاھ كىممۇ تولغانماس ئۆرتىنىپ باغرى،
خارابە ماكانغا ئايلانسا باغلار.
بىخلىنىپ نىھاللار كۆلمىسە چېچەك،
بۇلبۇللار كۆكسىنى باسامدۇ داغلار.
ئەي قۇشلار ماكانى قاراڭغۇ ئورمان،
سەن گۈزەل جەننەتتى يورۇق ئالەمنىڭ.
سەندىكى تىنچلىق — سەندىكى سۆكۈت
سۆيگۈسى ئەمەسمۇ گۈزەل لالەمنىڭ.
ئۇندا يوق سۆرەندىن تەۋرەنگەن يىللار
ھەم چېقىن جۇلاسى ئويناغان ياراغ.
ئۇ گويا خىيالچان شائىر ئويىدەك،
كائىنات كۆكسىدە بىر يېشىل چىراغ.
نه ئۆچۈن قاتىلى بولدۇڭ ئەي قوللار،
دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان ئورماننىڭ.
بىلەمسەن ياشىرىپ تۇرغان ھەر كۆچەت
سىيماسى ئەمەسمۇ كامىل ئىماننىڭ.

www.uyghurkitap.com

9

تاناپتەك سوزۇلۇپ ياتقان يەر يۈزى،
نە ئۈچۈن ئايلانغان مىڭلاپ چېكىتكە.
ئۇپۇقنا تۇتاشقان چەكسىز دالا ـ تۈز
ئۈستىدە تورسىمان تۇرغان سىزىقلار
بىر خەنجەر تىمۇدىشىمىز پاتقان يۈرەككە.
نە ئۈچۈن دەريا ـ كۆل، دېڭىزلار تۈگەل
چەكلىك بىر ماكاندا تۇرار قوشۇلۇپ.
قاناللار ئايرىغان كەبى يارىنى
مىسكىن بىر ھالەتتە ئاقار تولغىنىپ.
نە ئۈچۈن لەھەڭلەر ئۈينىتىپ دولقۇن،
ئۇپقۇنلار بوينىغا سالالماي گىرە
ساھىللار كۆكسىدە ياتار ئېچىرقاپ.
پەقەتلا جان باقار قۇشلار خىرامان،
ياڭرىتىپ چىرقىراق كۈي ـ ناۋاسىنى،
ئۇقار شاد قەسىدە كىمگىدۇر ئاتاپ...

10

تەپەككۇر كۆزىدە باقساڭ گەر روشەن،
بىر ئۆلمەس ئانىدۇر ساڭا تەبىئەت.
قېرىماي،
خورىماي تۇرغان ئۆز پېتى،
دىلبەرنىڭ چىرايلىق زىناقلىرىدەك.
بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان قىسما ـ قىسما گۈل،
زۇمرەتتەك چايقىلىپ تۇرغان ئورمان ھەم.
شۇ ئانا پەرزەنتى ئەزىز، سۆھتىرەم!
كېپەنگە ئورانغان قەھرىتان پەسلى،
كۈن ۋە تۈن بۇلدۇقلاپ تۇرغان چىم بۇلاق،
ئېيخ، ئۇنىڭ گۈپۈلدىپ سوققان يۈرىكى.
بۇلۇتنى باغاشلاپ نۇر سۆيگەن تاغلار،
ھەر سۈبھى بىر قۇياش تۇغقان چوققىلار،
شۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئالماس كۆكرىكى.
ئۇيقۇلۇق ساھىلنى تۇرتۇپ ئۇيغۇدىن،
دەريالار شاۋقۇنى تۆككەن جەسۇر كۈي.
قەسىدە ئەمەسمۇ پەقەت بىر ئاڭا،
تۇقۇلغان مۇھەببەت سۆيگۈ ـ مېھرىدىن!
شاھىدى سەن ۋە مەن، ھەر بىر مەخلۇقات
شۇ ئانا تەبىئەت، قۇياش ئاتىنىڭ.
مۇقەددەس سۆيگۈنىڭ ئۆلمەس ھەغداسى
بارچىدىن ئەقىللىق، يۈكسەك، ئۇلۇغۋار
ئادىمى سۈپەتنى ئالمىقىڭ سېنىڭ.
سۆي ئۇنى،
سۆيۈش ئۈچۈن يارالغان ۋۇجۇت،
سۇئاللار قوينىدىن بولسۇن ئۇ ئازات.
بۇلغانغان روھلارنى قىل ئەمدى نابۇت،
سۆيگۈلەر ياراتسۇن يېڭى بىر ھايات.

**توختاش نىيازى**

## بۈيۈك كارۋان

سەپەر تارتىپ كېلەر كارۋان توختىماي تا ئەزەلدىن،
ئۇلۇغ غايە، پارلاق نىشان چەتنىمەستىن نەزەردىن.

كارۋان سېپى شۇنچە ئۇزۇن، جۇشقۇن ئويغاق دەريادۇر،
شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرار، بۈيۈك ئارمان ھەمراھدۇر.

يىللىق باھار، نۇرلۇق باھار ئۇنىڭ خۇش خۇي چېھرىسى،
گۈزەل باغلار قەلبى گويا بۇلبۇل كۈيى نەغمىسى.

لاۋا ئاتقان دومنا پېچتەك يۈرىكىمدە، ھارارەت،
كۆزى ئۆتكۈر، قەھرى ۋولقان، تېنىدە كۈچ - جاسارەت.

ئىزى قالدى دەشتى - چۆلدە، ئۆتتى تاغۇ - داۋاندىن،
يولۇپ ئالدى ئۇلۇشمىنى بېخىل كونا زاماندىن.

توسالمىدى ئۇنى خەتەر، تىمىك چوققىلار ۋە ھاڭلار،
ھەر قونالغۇ، ھەر بېكەتتە سۆيدى شەپەق ۋە تاڭلار.

تالاي قۇربان بەردى كارۋان، ماڭدى ئەۋلاد ئىز بېسىپ،
جەڭ مارشىنى تووۋلاپ راسا، مەڭگۇ ئۆچمەس ئىز سېلىپ.

كەلدى مانا ئالتۇن دەۋر ئاشۇ كارۋان، ئىزىدىن،
مىننەتدارمىز شۇڭا ۋەتەن باتۇر ئوغۇل - قىزىدىن.

كارۋان يەنە بارار غالىپ يېڭى ئۇزۇن سەپەردە،
ھەر بىر ئىزى كۆمۈلۈپ گۈل پارلاق شانۇ - زەپەرگە!

تەشەككۇر، ئەي مىڭ تەشەككۇر غالىپ يىللار كارۋانى،
كەلدى ئىقبال، ۋىسال تاپقىن دەۋرىمىزنىڭ پالۋانى.

مەمتېلى ھېلىم

## غەلۋىر ئىكەن يىللارنىڭ ئۆزى

غەلۋىر ئىكەن يىللارنىڭ ئۆزى،
تاسقاپ ئۆتەر ياخشى - يامانىنى.
كىملەر دوستۇڭ، كىملەر دۈشمىنىڭ،
ئەينەك بولۇپ كۆرسىتەر ئۇنى.

مەن قوغلاشتىم دوستۇم بەختىنى،
ئۇلار ئۈچۈن بولدۇم يانتاياق.
دوستلار توكسا بېرىپ چاپانىنى،
رازى بولدۇم يېيىمشكە سوغاق.

ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ يىللاردا
بەردىم كۆڭۈل كۆرگەننى دوست دەپ.
لېكىن ئۇلار ئالدىمدا كۈلۈپ،
نوختا ساپتۇ، بەرگىنىمنى يەپ.

دوستلار كۈلسە كۈلدۈم قاقاقلاپ،
يىغىسىغا قوشۇلدۇم يىغلاپ.
ئۆز بەختىمنى كۆرۈپ دوستلاردىن،
ئۇلارنىڭلا ماڭدىم ھاپاشلاپ.

www.uyghurkitap.com

دوستلىرىمدىن چىقتى دۈشمەنلەر
بۇ بېشىمغا چۈشكەن چاغدا كۈن.
پۇشايماندا لېۋىمنى چىشلەپ،
ئازاب چېكىپ قالدىم مەن بۈگۈن.

غەلۋىر ئىكەن يىللارنىڭ ئۆزى،
تاسقاپ ئۆتەر ياخشى ـ يامانىنى.
كىملەر دوستۇڭ، كىملەر دۈشمىنىڭ
ئەينەك بولۇپ كۆرسىتەر ئۇنى.

ئابدۇۋەلى ھۆسەيىن

# ئاچچىق نەپەسلەر

## تالاشماڭلار

يول قويۇشماي بىر ـ بىرىڭلارغا
تالاشتىڭلار ئالقانچە يەرنى.
تالاشماستىڭلار بولسا دىت ـ ئەقىل،
شۇ يوسۇندا ھەتتاكى زەرنى.

ئاتاڭلارنىڭ روھى قورۇنۇپ،
ياتالمىدى گۆرىدە ھېچ جىم.
تالايلاردىن قالار بۇ دۇنيا،
تالاشماڭلار ئەي ئىنىلىرىم.

## ئەپسۇس

ساقلىمىڭىز بوزۇرۇپ تامام،
چېچىڭىزنى قاپلاپتۇ قىراۋ.
كۆڭلۈم ياشتۇر دەيسىز ئەيمەنمەي،
قېرىغانسىز دەپ قويسا بىراۋ.

ئەپسۇس ئاق چاچ بەرگەن خۇدايىم،
نومۇستىمۇ بەرسىچۇ بىزە.
شۇنداق بولسا بەڭباشلىق قىلىپ،
يۈرمەستىڭىز كوچىدا كۈندە.

قۇۋانخان قادىر

## كۆردۈم

دەۋرىنىڭ شادلىقى تولغان كۆزلەردىن
يېڭىچە قاينىغان ھاياتنى كۆردۈم.
سەپ تۈزۈپ ئىسلاھات ـ ئۇلۇغ چېلىشتا
بەيگىگە ئاتلانغان تۇلپارنى كۆردۈم.

ئىلىم ـ پەن ئىشقىدا يانغان يۈرەكتىن،
پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى كۆردۈم.
شۇ يېڭى سەھىپە، يېڭى تارىختىن،
غەلىبىگە تەلپۈنگەن دىللارنى كۆردۈم.

زۇلپىيە

# خىجىللىق

(ھېكايە)

رۇستەم دوستى ئابلەتنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشقا كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ كىيىنىپ، گىتارنى بوينىغا ئاستى-دە، ۋېلسىپىتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا چوڭ يولغا بۇرۇلۇشقا سەي سېۋىتى كۆتۈرۈۋالغان بىر مومايغا سوقۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى.

رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى توپا-چاڭلارنى قاققاچ مومايغا قارىدى. موماي كىيىملىرىنىڭ توپا بولۇپ كەتكىنىگىمۇ قارىماستىن، چېچىلغان سەيلىرىنى تېرىپ سېۋىتىگە سېلىۋاتاتتى. رۇستەمنىڭ ئاچچىقى كەلدى-دە مومايغا موماي غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— ئاپلا، ماۋۇ قېرىنىڭ كاساپىتىدىن...

بىردەمدىلا ئەتراپقا بىر مۇنچە كىشىلەر يىغىلدى — دە، رۇستەمگە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر قىز چىقىپ مومايىنىڭ سەيلىرىنى تەردى ۋە سېۋەتنى مىشىلداپ يىغلاۋاتقان مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ماۋۇ قېرىنىڭ ئادەمنى يىقىتىۋېتىپ يەنە خىيالىدا يوق يىغلاۋاتقىنىنى...

— شۇنداقتىمۇ بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى ھېلىقى قىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ.

— سىزنىڭچە، قانداق قىلسام بولاتتى؟ — دېدى رۇستەم تەرىنى تۈرۈپ.

— قېرى ئايالكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى قىز.

— قېرى بولسا مېنىڭ نېمە كارىم؟ قېرى بولغاندىكىن گۆرىدە ياتماي، بۇ يولدا نېمىش قىلىدۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭمۇ ئانىڭىز باردۇ؟!

توپىلىشىپ تۇرغان كىشىلەر قىزنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىشقا باشلىدى.

— نېمە مېنىڭ ئانامنى چىشلەپ تارتىدىغاندۇ ماۋۇ! — دېدى رۇستەم، — مېنىڭ ئانامچۇ قارا، سەندىن ياش!

نېمە دېيىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان قىز رۇستەمگە غەزەپ بىلەن قارىدى-دە، يۈزلىرىنى ئەتكىنىچە توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— قىز بالىغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان بارمۇ؟

— تازىمۇ بىر نامەرد نېمىكەن!

رۇستەم ئەتراپىتىكىلەرنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەشلىرىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، تىترەپ، يىغلاپ تۇرغان مومايغا ئالىيىپ قويدى-دە، تارىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن گىتارىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساڭگىلاتقىنىچە كېتىپ قالدى.

رۇستەم كەچقۇرۇنلىقى ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپلا قوشنىلاردىن ئانىسىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى - دە، دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى.

— ئانا، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ئۇ كارىۋاتتا ياتقان ئانىسىغا ئىشكتىن كىرە - كىرمەستىنلا.

— كەلدىڭمۇ، بالام؟ - دېدى ئانا بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، — ئەنسىرىگىدەك بىر ئىشمۇ يوقكەن. بايا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىپ، ئۆزەڭچىلا بېشىم قېيىپ يىقىلىپ قاپتىمەن، تەلىيىمگە بىر قىز ئۇچراپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆزىمۇ مۇشۇ دوختۇرخانىدا سېستىرا ئىكەن، بىرنەچچە كۈن ئاسما ئۇكۇل قويىمىز دېيىشىۋاتىدۇ.

— باشقىچە ئۆزگىرىش يوقتۇ، ئانا؟ — دېدى رۇستەم خاتىرجەم بولالماي.

— ئەنسىرىمە بالام، بۇ ئېھتىمال قېرىلىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك.

— بايا بىرسى مېنىمۇ قېرىتىپ ئانا قىلىۋالدى، سۆزلەپ بەرسەم كۈلۈپ كېتىسىز...

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. ئىشىك تۈۋىدە دورا كۆتۈرۈۋالغان سېستىرا قىز پەيدا بولدى.

— سىز ... ؟ — قىز بىردىنلا تۇرۇپ قالدى.

— بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، — دېدى رۇستەمنىڭ ئانىسى ئىشىك تۈۋىدە تېخىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان سېستىرا قىزغا رۇستەمنى تونۇشتۇرۇپ.

رۇستەم قىزغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خىجالەتچىلىك خۇددى تاغدەك بېسىۋالغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» - ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، تارىخ، مىللەت، دىن، ئارخېئولوگىيە، تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر جەھەتتىكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز كېلەر يىلىمۇ ھەر پەسىلدە بىر سان چىقىدۇ. باھاسى 1.50 يۈەن، يىللىق باھاسى 6.00 يۈەن. پوچتىخانىلار 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالىملارنىڭ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىنىمۇ قارشى ئالىمىز.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 81 - 58

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئىبراھىم نىياز

# چۈش

(ھېكايە)

ئۇ، سەھەردە چۈش كۆردى، ئۇ، كىشىلەردىن سەھەردە كۆرگەن چۈش ئوڭغا تارتىدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپلا، بوسۇغىدىن بىسمىللا دەپ ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ چىقىپ بېشىدىن چالما ئۆرۈپ يىراققا ئاتتى، تېخى بازارغا بېرىپ غېرىپ-غۇرۋالارغا سەدىقە بېرىپ، دۇئاسىنى ئالماقچىمۇ بولدى.

... ئەستا، ئېگىز تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكىنىم چاتاق بولدى-دە، بىر بالا بارمۇ نېمە؟- دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى ئۇ.

ئىشقا بېرىپمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمىدى، شۇڭا بىرەر سائەت ئولتۇرغاندىن كېيىن، كاتىپقا مىجەزىم يوق، دەپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. كارىۋاتتا يېتىپ ئىككى يىلدىن بۇيان قوبۇل قىلغان سوۋغاتلارنىڭ قىممىتىنى ئىختىيارسىز ھېسابلاشقا باشلىدى.

3000 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن، ھە، راست بولتۇر توخۇ فېرمىسىدىن 4000 يۈەن ئېلىۋىدىم... ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ خىيالى چىگىشلەشتى، بېشى قاتتى. ئاخىرى ئۇ، خوتۇنىنى چاقىردى.

— ئانىسى، بېشىمغا بىر بالا كېلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. مەسىلەمنى تاپشۇرۇۋېتەيمىكىن، دەيمەن. زاڭ پۇللارنى تۆلەۋەتسەم ئىش ئاسان بولغىدەك،— دېدى.

— قانچىلىك پۇل ئىكەن؟- دېدى خوتۇنى چۆچۈگەندەك بولۇپ.

— يەتتە، سەككىز مىڭچە...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خوتۇنى قايناپلا كەتتى

— بىر زاۋۇت باشلىقى تۇرۇپ، نېمانچە توخۇ يۈرەكلىك قىلىسىز؟ تەكشۈرگۈچىلەرنى يېنىڭىزغا تارتىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ قويۇڭا، سىزدەك باشلىق بولغۇچە...

باشلىق خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. لېكىن ھېلىقى چۈشنى ئويلىسىلا يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى.

ئارىدىن يەنە تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىمۇ تۇزۇلرەك بولمىدى. گاھى كېچىلىرى كۆرگەن چۈشلىرىدە ھەر خىل قوللار كېلىپ، ئۇنىڭ كارنىيىنى بوغاتتى. ئىقابلانغان ئادەملەر ۋارقىراشقىنىچە ئىشىك ئالدىغا كېلىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغىنىپ كېتەتتى-دە، دەرھال خوتۇنىنى ئويغىتىپ، كۆرگەن چۈشلىرىنى قالدۇرماي دەپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ يەنە چۈشىدە ھېلىقى تاغدىن غۇلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ، خوتۇنىنى

www.uyghurkitap.com

چاقىردى ـ دە:

ـــ مەن زاك پۇلنى قايتۇرۇۋېتەي، بولمىسا تۈگىشىدىغاندەكلا تۇرىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئويلىنىپ، تەپسىلىي ھېساباتقا كىرىشتى. زاك مال بۇلارنىڭ ھېسابىدا 10 مىڭ يۈەن بولۇپ چىقتى. ئۆيىدىكى ۋە بانكىدىكى پۇللىرىنى ھېسابلىۋىدى، خۇداغا شۈكرى 6000 يۈەن بار ئىكەن. لېكىن خوتۇنىنىڭ پۇلدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. خوتۇنى بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە:

ـــ قاراڭ، ئاخشام تېلېۋىزوردا كۆرسەتتىغۇ، ئىككى ئادەم بەش ـ ئالتە مىڭ يۈەندىن خىيانەت قىپتىكەن. زاك پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ كەچۈرۈمگە ئېرىشتى. سىزمۇ توخۇ يۈرەكلىك قىلماي 4000 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇپ، ياخشى بولۇۋالامسىز، بەربىر كەچۈرۈم قىلىدىغۇ، ھەممىنى ئېقرار قىلسىڭىز، قولغا ئالامسۇن يەنە... ـــ دېدى.

ـــ ئاغزىڭغا تاش خوتۇن، تۈرمىنىڭ گېپىنى قىلما! ـــ باشلىق چۆچۈپ ئايالىغا قاردى.

ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

رېۋىزىيە خادىملىرى تەرپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغۇدى ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەھۋالنىڭ ئاز بىر قىسمىنى مەلۇم قىلىپ پۇلنى قايتۇردى.

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي پاش قىلىنغۇچىلار باشلىقنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتتى. ئۇ خېلى تىمىركەشتى، جاھىللىق قىلىپمۇ باقتى، ھەي، قانۇن نېمە دېگەن كۈچلۈك ... ھە؟! ئاخىرى ھەممىنى ئېقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. پۇشايمان، ھەسرەت ئۇنى ئازابلايتتى، قىينايتتى.

ئاردىن تويتوغرا 50 كۈن ئۆتكەندە، ئۇ سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. خوتۇنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، باشلىق تۆت ياشلىق ئوغلىغا قاراپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، ئارقىدىنلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان خوتۇنىغا قاردى ـ دە، يەرگە قاتتىق بىر تۈكۈرۈپ، بېشىنى سالغىنىچە ئىككى ئەسكەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قارىغاندا، ئىككى كۆزىدە لىققىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى ...

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىزدا مەزمۇنى ساغلام ۋە بەلگىلىك بەددىئىي سەۋىيىگە ئىگە ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئىلى تارىخىغا ئائىت ماقالىلار، چەتئەل ئەدەبىياتى ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 ـ يىللىق سانلىرى ئۈچۈن بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. ۋاقتىدا مۇشتىرى بولۇشىڭىلارنى قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 75 — 38. باھاسى: 1.50 يۈەن.

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

توختىمۇھەممەت تۇردى

# مەن ئۆلمەيمەن

(باللادا)

مەن ئۆلدۈم، مىڭ رازىمەن ئۆلگىنىمگە،
گۆل بولۇپ ئېچىلىمەن جەننەت ئارا.
سۇ ئىچىپ كەۋسەر كۆلى ـ بۇلاقلاردىن،
زوق ئېلىپ قۇشلار ئېيتقان قوشاقلاردىن،
ياشايمەن ھۆرلەر بىلەن راھەت ئارا.

كېلىمەن كۆكرەك كېرىپ مەغرۇرانە،
شۇ ئارزۇ ھېسسى بىلەن ئويناپ يۈرەك.
يول بويى گۈل ـ چېچەك كىلىك بۆك ـ باراقسان،
شوخ قۇشلار گۈل بەرگىدە ئۇرار خەندان،
قىلغاندەك كەلگىنىمنى قۇتلاپ كۆرەك.

قاشلىرى لالە ـ سۇمبۇل ئېرىقلاردا،
ئاققىنى شەربەتمىدۇ، زەمزەممىدۇ؟
پاكى ھۆر ـ پەرىشتىلەر زەمزەم بولۇپ،
زەمزەمدەك شاۋقۇن سېلىپ ناخشا ئوقۇپ،
ئەتكىلى تەبرىك مېنى كەلگەنمىدۇ؟

راست ئىكەن موللام دېگەن ھېكمەت ـ كالام،
بار ئىكەن ئۇ ئالەمدە بەختىم مېنىڭ.
باش ئۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەتكە،
يولۇققان خاپىلىققا، رىيازەتكە،
ئالتۇندىن ياسالغۇدەك تەختىم مېنىڭ.

خۇشلۇقۇم كەتتى قايناپ يۈرىكىمدە،
گوياكى بۇلاق سۈيى قاينىغاندەك.
ماڭىمەن كۆكتە شۇتاپ، يەردە ئەمەس،
ئالىمەن قۇت ئىلكىدە يايراپ نەپەس،
ياش چېغىم تۇنجى تويدا يايرىغاندەك.

ئالدىغا كەلگەندە بىر دەرۋازىنىڭ،
توختىدىم، توختا! دېگەن سادا كېلىپ.
نەدىندۇر ئىككى ① مەلەك پەيدا بولۇپ،
ئىككىسى ئىككى ياندا گۈرزە تۇتۇپ،
بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى يالاپ مېڭىپ.

قارىسام، كەڭرى، ئۇزۇن ئىچى ئۆينىڭ
تىلسىمات ئۆڭكۈرىگە ئوخشايدىكەن.
ھېچنەدە تۈڭلۈكى يوق، دېرىزە يوق،
(قەيەردىن كىرەر ئىكەن شامال، يورۇق؟)
تورۇستا تور ـ توزانلار ئوينايدىكەن.

ئادەمگە تولۇپ كەتكەن بۇلۇڭلىرى،
ھەسىنەم! ئاچماقچىمۇ بىزلەرگە «كۇرس»؟
بارچىسى كۆرۈنىدۇ دەرد ـ ئەلەملىك،
(بېشى پەس، چېھرى سولغۇن، كۆزى نەملىك)
پەسلى كۈز قۇرۇغاندەك سۇدا قومۇش.

---

① پەرىشتە، مالائىكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سورىسام تەڭ دېمەتلىك بىر كىشىدىن،
ھەممەيلەن ئولتۇرۇپتۇ ئەمىر كۈتۈپ.
ئەسنىشىپ، تەقدىرىدىن قىلىشىپ غەم،
تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە سېلىشىپ رەم،
كېتىپتۇ ئىنتىزارلىق جانىدىن ئۆتۈپ.

بىر چاغدا كىردى سۇربەت بىر پەرىشتە،
بەردى ئۇ قارا خەتلىك «باغاق» ماڭا.
كېرىلىپ، نەزەر سېلىپ تورۇس-تامغا،
«باغاق» نى كۆز-كۆز قىلىپ ئەل-ئاۋامغا،
ئېچىپتۇ، دېدىم جەننەت قۇچاق ماڭا!

— جۆيلىمە، — ئالايدى ئۇ، — تەمەخور ئىت
نەدىكەن ئۇنداق ئاسان جەننەت ساڭا،
بۇ سېنىڭ ① پانىيدىكى قىلمىشلىرىڭ،
(بىھۇدە ئۆتكەن باھار، ياز-قىشلىرىڭ)
بەر ئاۋۋال بارمىقىڭنى بېسىپ ماڭا!

بوشىشىپ كەتتى بۇدەم پۇت-قوللىرىم
بەئەينى لايغا كۆمگەن زەي مىسالى.
شۇندىمۇ باستىم قولۇم دادىل تۇرۇپ،
ئىمانىم جەننەت ئۈچۈن كامىل تۇرۇپ،
كۆرۈنۈپ خىيالىمدا ھۆر جامالى.

* *

زارىقتىم ۋىسالغا زار ئاشىق سۈپەت،
ئاخىرى ئاچتى قۇچاق كۈتكەن جانان.
بىراق ھەي ... ئىككى مەلەك كىرگىنىچە،
چويۇن باش گۇرزە بىلەن سۇرگىنىچە،
ئالدىغا سېلىپ ماڭدى مەيدان تامان.

تۇۋا دەپ تۇتتۇم ياقا سەپكە كېلىپ،
بولامدۇ شۇنداق قوپال مەلەك دېگەن؟
ئۇشبۇ ھال مۆمىنلەرنىڭ ئەلاسىغا،
كەلمەمدۇ ئېغىر، جەننەت ئەزاسىغا؟
غەزەپنى يۇتتۇم قوشۇپ تىنىق بىلەن.

جانلىنىپ كەتتى مەيدان دەرۋازىدىن
يانىۇ يان چىققىنىمدا ئۈچ پەرىشتە.

چۆچىدىم، يەتتى تىترەك پۇت-قولۇمغا.
يۈرىكىم چىقتى ئۆسۈپ بوغۇزۇمغا،
نىجاتچىم! ... — دېيەلىدىم ئاران تەستە.

ئاجايىپ سۇرلۇك تەلەت ئىكەن ئۇلار
بويىمۇ كېلەر ئىكەن تۆت-بەش مېتىر،
باشلىرى قار يېپىنغان تىك چوققىدەك.
بۇرنىمۇ قارچۇغىنىڭ تۇمشۇقىدەك،
بەرىنىڭ يۈزى خاپان، كۆزى چېقىر ...

پەشتاققا چىقتى بىرسى باش سوتچىدەك،
قاراۋۇل بولدى ئاڭا مۇنكىر-نىكىر،
«سوتچىمىز» مەيدانغا بىر كۆز تاشلىدى،
ئارقىدىن جاراڭ-جۇرۇڭ سۆز باشلىدى،
تەڭرىنىڭ ئەمرىنى قىلىپ زىكىر.

— باقى كىم؟ چىقتى ئېتىم ئاخىرىدا
— مەن! — دېدىم، سەپ ئالدىغا ئۆتتۇم شۇئان،
سەپسېلىپ «سوتچى» ماڭا باشتىن-ئاياق،
ياغدۇرۇپ كۆزلىرىدىن شاڭخو-مازاق،
«دوزاخقا!» — قىلدى شۇنداق «ھۆكۈم» ئېلان.

بېشىمدا پىرقىرىدى تۈگمەن تېشى،
چۆككىدە چۈشتى تىلەك چالمام سۇغا،
نېمە دەي، باشقا كەلگەن بۇ ئەلەمگە؟
بىگۇناھ كىرەمدىمەن جەھەننەمگە،
يا «ھۆكۈم» بوپ قالدىمۇ ئالماش-خاتا؟

— توختىڭا، — قىلدىم خىتاپ، — مالا ئىكەم
كۆزىڭىز كەتتى جەزمەن قۇردىن ئېزىپ،
مەسۇمەن، جاپا ئەزگەن ناتاۋانمەن،
جان تىكىپ شەرىئەتنى ياقلىغانمەن،
بىرقەدەم باسقان ئەمەس يولدىن ئېغىپ...

سۆزۈمگە لام-جىم دېمەي باغقا قاراپ
ماڭدى ئۇ ساڭگىلىتىپ بوخچىسىنى،
ئالدىنى توستۇم غەزەپ-نەپرەت بىلەن،
ئۆچلىرىم قايناپ-تېشىپ كۆچكە كېلىپ،
تىل چايناپ دەپلا پەقەت: مېنى...مېنى...

---

① پادىي ئالەم.

گۇناھنىڭ كىيىلەر يەڭگىل دوزاخ ئۇچۇن
يا تۈزۈك ساۋابىڭ يوق، دېيۇەڭ بەندە!
يىغلىما، قىينىغايمىز ئوتقا تاشلاپ،
ئىشلەيسەن كەتمەن تۇتۇپ، سۇلار باشلاپ،
دوزاخنىڭ بوز يېرىدە چېپىپ دۆۋە.

چېكەمدىن تەپچىرىدى قارا تەرلەر،
قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىم ئورنىمدىلا،
قۇرۇدى ئارزۇ - ئۈمىد چېچەكلىرىم،
قان بولدى ھەسرەت بىلەن يۈرەكلىرىم،
دەردىمگە تاپاي ئەمدى نەدىن داۋا؟!

پانىينىڭ سائادىتى ئۆتكۈنچى دەپ،
كۈندۈ - تۈن ياندىم بېھىش ئارزۇسىدا.
خار بولسا تائەت قىلىپ قانچە - قانچە،
لەۋ ياقار پاراغەتنىڭ يارى شۇنچە
شۇ گەپكە بارلىقىمنى قىلدىم ئاتا.

شۇ گەپنى قىبلە قىلىپ، چۈشەكىدىم
قانائەت تەكىيىگە بېشىم يېتىپ،
تەۋرىمەي باشلىرىمغا تەگسىمۇ تاش،
كۆزۈمدىن ئېتىكىمگە تامسىمۇ ياش،
دەپتىمەن: تەقدىر شۇنى قىلدى نېسىپ.

نەسلىمنى توسۇپتىمەن پەن يولىدىن،
ئىخلاسى ئۆچمىسۇن دەپ دىن مېھرىدىن.
ئېتىقاد، ئادىتىمنى زورلاپ تېڭىپ،
دەپتىمەن: ئىزلىرىمنى بويلاپ مېڭىپ،
تىلەڭلار دىلغا ئىمان، نۇر قىبلىمدىن!

ئولتۇرۇپ ئىتىكاپتا ئۆتۈپ كەتتى
ئۆمرۈمنىڭ باھار - يازى، ئالتۇن كۈزى،
تىنىقسىز، شۈكرى تولا پارىڭىمغا
قىزىقماي مېۋىسى يوق بارىڭىمغا
باقمىدى سائادەتنىڭ دىلبەر قىزى...

توساتتىن چاچتى پىكىر مارجىنىمنى
بىراۋلار قاقاقلىغان كۈلكە بىلەن،
قاردىسام دەرۋازىنىڭ پەشتىقىدا

ھېلىقى مالائىكەم (تووۋا خۇدا!)
گەپلىشىپ تۇرامدۇ - ھە، «تۈلكە» بىلەن.

«تۈلكە» نىڭ ئېيتى ھېلىم (كونا قوشنام)
تىكەندەك يېتىم قالغان ئۇون بەش ياشتا.
ھېچنەگە بارالمىغان ئۇن يىل ئوقۇپ،
ئەترەتكە قايتىپ كەلگەن دېھقان بولۇپ،
دۈيجاڭنىڭ گەپلىرىگە كۆنۈپ ئاستا.

ئۆتەتتى شەيتانغا دەرس ھېلىمدە ئۇ،
«تۈلكە» دەپ قويغانىمدۇق شۇڭا لەقەم.
ئۇ پەقەت ئارغامچىغا باسمايتتى ئۇن،
قاتىلمۇ ئەمەس ئىدى، ئىچمەيتتى خۇن،
باساتتى ھەر تەرەپكە تىنماي قەدەم.

شاپاشلاپ قۇرۇپ نەيرەڭ قاپقىنىنى،
دۈيجاڭنىڭ ئۇۋلىۋالدى دىل قۇشىنى.
لاپ بىلەن كۆك قەرىدە چاقسا چاقماق،
«زەربىدار»، «ئۈلگە» بولۇپ ئالدى ئاتاق،
كۆكلەتتى پەم - ئەقلىدە تۇرمۇشىنى.

پاتمىدى بىخودلۇقنىڭ پاتقىقىغا،
تەرلىدى ئەپچىللىكنىڭ چاپىنىدا.
بىراقتا دۈيجاڭ بولۇپ سىيىت چولتا،
قۇت - ئامەت دەرىخىگە چۈشتى پالتا،
تۈمانلار بولدى پەيدا ئاسمىنىدا.

بار ئىكەن غوجامنىڭمۇ غوجىسى راست،
ئۈگلىمدى سىيىت دۈيجاڭ ئۇنى كېيىن،
جاڭگالدىن كىيلەلمىدى قىشنىڭ كۈنى،
يەتمىدى ئايدىن - ئايغا نورما ئۇنى،
كۆرمىدى يانچۇقىمۇ سۇنۇق تىيىن.

قىش ئىدى، جانغا تىغدەك تېگەتتى سوغ،
ھەيدىدى قومدىن ماياق تاسقىغىلى.
— بارمايمەن! — مەيدە ئېچىپ چىدىتى ھېلىم،
— تويىمسا شۇنچە ئىشلەپ يالغۇز گېلىم،
كېتىمەن بىر ياقا جان ساقلىغىلى.

بىر ھازا زۇكۇنلىشىپ دۈيجاڭ بىلەن،
ئاخىرى ئېتىشتى مۇشت، سىقىشتى گال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاي ھېلىم، بارمۇ سەندە تاغدەك يۈرەك،
ئەقلىڭنى مىنمە ئۇنداق قىلىپ ئىشەك...
دېيىشىپ تۇتتۇۋالدۇق ئۇنى دەرھال.

شاخ بېسىپ ھويلىسىغا شۇ كېچىسى،
يىتتى ئۇ قومغا چۈشكەن تەڭگە پۇلدەك.
ئۇچمۇ ـ ئۇچ ئىزدەپ بېقىپ تاپالمىدى،
بولمىغان «ئۇنسۇر» غىمۇ چاتالمىدى،
دۇيجاڭمۇ سالالمىدى ئىشقا قولدەك.

ئاردىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپ،
تۇيۇقسىز مەھەللىگە كەلدى يېتىپ،
لال بولۇپ بايۋەتچىدەك ئەھۋالغا،
جور قىلغان قارلىغاچتەك ئايالغا،
ھەممىمىز ئورنىمىزدا قالدۇق قېتىپ.

سىردىشىپ، نەدە تۇردۇڭ؟ دەپ بولغۇچە،
قەۋەتلەپ سالدى دۇكان شەھىرىمىزگە،
چۆردى يېزىغىمۇ ئايۋان ـ ساراي،
بېزىدى گىلەم بىلەن باغدەك، ئاي ـ ھاي!
ئوت سېلىپ تاۋى ئۆچكەن قەلبىمىزگە.

بىلمىدۇق پۇلنى نەدىن تاپقىنىنى،
ئىش قىلىپ، كەپتۇ ئوبدان ئىش ئۆگىنىپ.
بارنى دەسمى سېلىپ ھەريان چېچىپ،
دۇكانغا خادىم يالىلاپ ئىشقا سېلىپ،
ئايلاندى كاتتا بايغا بىر سىلكىنىپ.

قىلمەن دەپتۇدەك ئۇ كاتتا بىر ئىش
دىللاردا ئالتۇن مۇنار تىكلىگەندەك.
بامداتتا قىزىپ كەتتى تالاش ـ تارتىش:
بىر مەسچىت سالىسغۇ ـ ھە، چېكىپ نەقىش
قىساتتى ئەل ـ مەھەللە ئاڭا چېچەك.

يەتمىدى قارا دىلغا تىلىمىز،
نەمەسچىت، ئۇزاق ئۆتمەي سالدى مەكتەپ...
ئەۋلادلار دىل ئۆيىنى يورۇتارمىش،
نادانلىق يىلتىزىنى قۇرۇتارمىش،
تاپارمىش ئۇلۇغ ساۋاب يۇرتىنى گۈللەپ...

ئۇ شۇنداق تەنگە سىغماي يامراۋېرىپ،
ئۆمرىدىن كۆپۈر ـ كىبىر كەتتى ئېشىپ.
ئۆلگەندەك تۈز خۇمار ئىت قوپارغۇدا،
جېنىدىن بايلىقنى دەپ بولدى جۇدا،
شاڭخەيگە مالغا بېرىپ، پىكاپ بېسىپ...

ئەجەب ـ ھە، ئۆلگەندىمۇ تۈلكە ھېلىم
ئۇلپەتى بولۇپ قاپتۇ پەرىشتىنىڭ،
قارىڭا، قواتۇقلىشىپ، ئامراقلىشىپ،
جەننەتكە كىرىپ كەتتى چاقچاقلىشىپ،
بويىنى بويلاپ چىمەن يول ـ رەستىنىڭ.

ماي چېچىپ قويدى بۇ ھال ئوتقا گويا،
ئازابتىن يۈرەكلىرىم بولدى كاۋاپ،
ئالدىدا ھۆر ـ پەرىشتە پوكۇلگىلى،
باغ ئارا شاھزادىدەك كۆتۈلگىلى،
ھېلىمنىڭ قايسى ئىشى قالدى ياراپ!؟

ئۆراتتىم، كەلدى بىردىن قارا بوران،
كەلگەندەك دەرياغا سەل تومۇز كۈنى،
ئىزدەتتىم ئىزدەپ يۈرۈپ پاناھ ماكان،
تويىدىن قاچقىپ كەتكەن كەپتەر سىمان،
بىلمىگەچ مەن بۇ يەرنىڭ ئۆيى ـ دۆڭمىنى.

بىر پەستە تىنمىدى بوران، سۇزۇلدى كۆك،
قارىسام تۇرۇپتىمەن دۆڭ باغرىدا،
قولۇمدا ئېتەكتەك بىر كەتمەن تۇرار،
ئەتراپتا مەندەك تالاي دەردمەن تۇرار،
قارىشىپ ماڭا ياشلىق كۆزدە قىيا.

سېيتبااي كاتتا ئىكەن بۇ يەردىمۇ،
دېھقاننىڭ ھالغا ھېچ يەتمەيدىغان،
قاغىدەك قونۇۋېلىپ ئېگىز قاشقا،
سۇ ئەمەس، تولسىمۇ گەر ئېتىز ياشقا،
بەل سىلاپ، خەقنى تىللاپ «سەكرەيدىغان».

ساقايماس كېسەل بولۇپ ئۆلگەندە ئۇ،
دېگەنتۇق: ئەل قارغىشى تەپتى ئۇنى.
تەپمەپتۇ، يەنە دۇيجاڭ ـ ئامەتكە يار،

بولغاندەك خۇددى غايىب خىسلەتكە يار،
كەپسەن– ھە،—دەپ قويدى ئۇتونۇپ مېنى...

توساتتىن بولدى پەيدا سەيدى قارىم،
كۆزۈمگە ئىشەنمىدىم، بولدۇم ھەيران.
كەلدى، ئۇ قۇچاقلاشتۇق يىغلىمغانچە،
ئەلەمدە باغرىمىزنى تىلغىغانچە،
دەرىخا، قىلغانمىدۇق دۆگىنى ئارمان!

دەرىخا، سەيدى قارىم قۇياشتەك پاك
ئىمانى تاگدەك سۈزۈك، ئۇلۇغ ئىنسان.
ئۇ مېنىڭ دىل ئۆيۈمگە چاچقان زىيا،
ئېتىقاد ئېتىمزىمدا ئۈنگەن گىياھ،
ئاچىدى نېچۈن قۇچاق ئاگا رىزۋان؟

ئالغىنى گۇناھىمكىن دۇئا قىلىپ،
ئاش–ئوزۇق... قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى؟
ئالغىنى ئۈۋالىمكىن دۇئا قىلىپ،
(ئاخىرەت ئامىتىدىن رەمزە بېرىپ،)
ئاجىزلار قىزلىرىنى، نەۋرىسىنى؟

—..............................

بۇ يەرلەر ئوت ئارىسى—كۆيدۈرىدۇ،
سانجىلار قەدەمدە بىر پۇتقا تىكەن،
چاشقاندەك توپا ئېتىپ دۆگگە چىقىپ،
كۆسەيدەك بولۇپ كەتتىم ئاپتاپ چېقىپ،
تەس بۇگۈن ئوخشىمىقىم ئەسلىم بىلەن.

يەلكەمدىن بېسىپ قات–قات جاپا تېغى،
مۈكچىيىپ، قالدىم بولۇپ قىسماق سۆپەت،
شۇندىمۇ كەتمەننى دەم قويۇپ سالسام،
مۆلدۈردەك يېغىپ كېتەر تاياق، دەشنام،
ئېشەكمۇ بۇ قىسمەتكە قالماس پەقەت.

تاقىتىم پەيمانىسى تولدى ئاخىر،
مۆكۈندۈم دۆڭ كەينىگە قاچماق بولۇپ.
ھېلىمغا كۆز يېشىمنى قىلىپ ئايان،
(يالۋۇرۇپ دىل سۆزۈمنى ئەيلەپ بايان)
ئۆمرۈمگە ئاسايىشلىق تاپماق بولۇپ.

تۇتۇلۇپ قالدىم بىراق يول ئۈستىدە،
(چېقىپتۇ زەھەرتىللىق «كۆز»، «قۇلاق»لار)
ئىتتىرىپ ئېلىپ كەلدى قولۇم باغلاپ،
جىسمىمنى ۋەھىمىلىك تۈيغۇ قاپلاپ،
تىترىدىم باشلانغۇچە سوت–سوراقلار.

تۆگمدەك بىر پەرىشتە يالڭاچلاپ،
ئوتتۇندەك ئاتتى مېنى ئوتقا،
— ۋايجان...
نوقىدى شۇندا جۆپتۇم، مېھرىبانىم:
ئويغىنىڭ، نە ئالامەت قەدىردانىم؟
ئېھتىمال، ئاستىگىزدا قاپتۇدەك دان.

شام يېقىپ، يورۇتقاندا ئۆي ئىچىنى،
سورىسام: تىرىكمۇمەن؟

دېدى:
ساراڭ!

بىر ھازا خىياللارغا پېتىپ قالدىم،
(ئۆلگىنىم راستەك گويا قېتىپ قالدىم)،
شۇنداقمۇ چۈش كۆرەمدۇ كىشى، قاراڭ!

*　　　*

كارامەت كۆرسىتىپتۇ غەپلەت ماڭا،
بار ئىكەن رىسقىم تېخى، ئۆلمەپتىمەن!
ئېھ، ھايات، سەن نەقەدەر شېرىن، گۈزەل،
سەندەھۇر، سەندەبېھىش، زەمزەم، غەزەل...
بەھرىڭگە شۇ چاققىچە چۆمەپتىمەن.

بەھرىڭگە شۇ چاققىچە چۆمەپتىمەن،
تەۋرىنىپ تەنتەك ھېسلار بۆشۈكىدە.
ئۆلۈپتۇ نى–نى گۈزەل ئاررزۇ–ئارمان،
دەپتىمەن: مۇشۇ ھايات، مۇشۇ جاھان،
بېكىنىپ ياشاپ چاشقان تۆشۈكىدە.

چۈش ياقتى يۈرىكىمگە تىلەك ئوتى،
بىر ھېكمەت چاقناپ ئۈنىڭ مەنەسىدە.
ھاياتقا يېڭىباشتىن ئاشتى مېھرىم،
يېڭى روھ، جاسارەتكە تولدى جىسمىم،
ياشنىتاي گۈلشەن ھايات سەھراسىدا.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى　مەمتىمىن بارى




ئىمىن تۇرسۇن

# ئەلىشىر ناۋائىينىڭ بۈيۈك تۆھپىسى

1991 - يىلى 9 - فېۋرالدا ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تۇغۇلغىنىغا 550 يىل تولدى. بۇ جاھانشۇمۇل ئەدىبنىڭ تەۋەللۇتىنى دۇنيا مەرىپەت ئەھلى ھۆرمەت بىلەن قۇتلىماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى بۇ يىلنى «ناۋائىي يىلى» دەپ جاكارلىدى.

15 - ئەسىردە تۈركىي تىلدىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نادىر گۆھەرلىرى — ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن جاھان سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ ئەدىب جاھان مىقياسىدا نىشانلىنىشقا مۇناسىپ. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەلىشىر ناۋائىينى يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ. قىممەتلىك گۆھەر، دۇرلار بىلەن تولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان، تۆردىن ئورۇن ئالغان ناۋائىي مىراسىنى ئۆزىنىڭ باي مەزمۇنلۇق ۋە خىلمۇ - خىل شەكىللىك ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئەزىزلەيدۇ.

نىزامىددىن ئەلىشىر ھىجرى 844 - يىلى رامىزاننىڭ 7 - كۈنى (مىلادى 1441 - يىلى 9 - فېۋرالدا) ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلغان. ھىجرى 906 - يىلى 12 - جۇمادىئۇس سانىدا (مىلادى 1501 - يىلى 3 - يانۋاردا) كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ، ھىراتتا دەپنە قىلىنغان. ھىرات 14 - 16 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران - خۇراساندا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ۋە چاغاتاي خانلىقلىرىدىن تېمۇرىيلەر سۇلالىسىگە مەنسۇپ پادىشاھلىقلارنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇ زامانلاردا ھىرات تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە، تەرەپ - تەرەپتىن، جۈملىدىن قەشقەرىيە - جۇڭغارىيە ۋە يەتتەسۇ رايونلىرىدىن پەن - مەدەنىيەت، دىن - دىيانەت ئەھلىگە مەنسۇپ كىشىلەر كېلىپ جايلاشقان ھەمدە ئىلىم - پەن، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنياغا تونۇلغان شەھەر ئىدى. ناۋائىينىڭ لەفزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ بۇلۇغاسىدىن مەۋلانا لۇتفى» مۇ مەزكۇر ھىراتتا ياشىغانىدى.

نىزامىددىن ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن نەسلى - نەسەب جەھەتتە چاغاتاي ئۇلۇسىغا كىرىدىغان بارلاس جەمەتىگە مەنسۇپدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي ئۇلۇسىدىن ئەمىر تېمۇر كوراگان ئەۋلادىنىڭ سەلتەنەتى تاكى ئوغۇز - قىپچاق خانلىرىدىن ئابۇلخەيىر خاننىڭ نەۋرىسى شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى كۆچمەن ئۆزبېك قەبىلىلىرى باستۇرۇپ

كىرگەنگە قەدەر، ئاساسەن بارلاس جەمەتىنىڭ ئىلكىدە بولغانىدى. 15 ـ ئەسىردە ياشىغان تارىخچىلاردىن دۆلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرە تۇش شۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى») دا، شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندشاھ (مىرخاند) نىڭ «رەۋزەتۇس سەفاخى سىيرەتۇل ئەنبىيا ۋەل مۇلۇك ۋەل خۇلەفا» («پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە خەلىپىلەرنىڭ تەرجىمىھالىرى توغرىسىدىكى پاكلىق باغى») دا يېزىلغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن «كىچىك باھادىر» ۋە «باخشى» دېگەن لەقەملىرى بىلەن مەشھۇر بولغان؛ ئىلگىرى ئەمىر تېمۇركوراگاننىڭ ئوغلى مىرزا ئۆمەر شەيخنىڭ خاس مۇلازىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، كۆكۆلتاش دەرىجىسىگە ئىگە بولغان ۋە كېيىن ئۆمەر شەيخ خانىدانىدىن سۇلتان ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ يېقىن كىشىسى ھەم سەلتەنەتىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئەلىشىرنىڭ ئانىسى تېمۇرىي شاھزادىلەرنىڭ ئىنىكئانىسى بولغان. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسى مەرىپەت سۆيەر ئائىلە ئىدى. ئاتىسى غىياسىدىن ھەربىي كىشى بولغىنىغا قارىماي، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئەلىشىرنىڭ تاغىلىرى قابۇلىي، غەرىبىيلەرمۇ شائىر ئىدى. ئەلىشىر بالىلىق ۋە يىگىتلىك چاغلىرىنى ئۆمەر شەيخنىڭ مۇلازىمىتىدە، ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئۆتكۈزگەن. دېمەك، ئەلىشىرنىڭ ئائىلە ھاياتى ۋە ياشىغان شارائىتى ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشىگە چوڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. كېيىنچە ھۇسەيىن بايقارا سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندا، ئەلىشىر ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ھەمدەم ۋە مەدەتكار بولغان، ھۇسەيىن بايقارانىڭ سەلتەنىتىدە تامغىچى-ۋەزىر مەنسىپىدە بولغىنى ئۈچۈن، «ئەمىر» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. نىزامىددىن ئەلىشىر تۆرلۈك پادىشاھلىق خىزمەتلىرى بىلەن 30 يىلغا يېقىن شۇغۇللانغان.

ئەلىشىر ناۋايى ئاران 60 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. شەخسىي ھاياتىنى «ئوغۇل ـ قىزى ۋە ئەھلۇ ئايالى يوق يالغۇز ـ بويتاق ئۆتكۈزگەن.» ئەلىشىر 15 يېشىدىلا شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان. ئەلىشىر 30 ياشلىرىدا شېئىرلىرىنى توپلاپ، بىرىنچى دىۋانىنى تۈزگەن. ئۆز ئانا تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە «ناۋايى» تەخەللۇسىنى، پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدا «فانىي» تەخەللۇسىنى قوللانغان. ناۋايى ئۆز ئۆمرىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەر يازغان. ناۋايىنىڭ ئەدەبىي مىراسى نەزمىي ۋە نەسرىدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. نەزمىي مىراسىغا مۇنۇلار كىرىدۇ: 1487-يىلى بارلىق شېئىرلىرىنى توپلاپ، «خەزايىنۇل مەئانىي» («مەنىلەر خەزىنىسى»)، ئادەتتە «چەھار دىۋان» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر تۆت دىۋانىنى تۈزگەن، يەنى «غەرايىبۇس سىغەر» («بالىلىق غارايىبلىرى»)، «نەۋادىرۇش شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدايىئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى») ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر» («قېرىلىق پايدىلىرى») — بۇ دىۋانلار 3132 شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ 2600 پارچىسى غەزەلدۇر؛ بۇ تۆت دىۋاندىن باشقا پارس تىلىدىكى شېئىرلىرى جەملەنگەن «دىۋانى فانىي» دېگەن توپلىمىمۇ بار. ناۋايىنىڭ نەزمىي ئەسەرلىرىنىڭ چوڭ

www.uyghurkitap.com

بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە ئۆز زامانىسىدا «خەمسە» شەكلىدە مەرغۇب بولغان بەش داستانى بار، بۇ داستانلار 1483 - يىلى يېزىلغان «ھەيرەتۇل ئەبرار» («دىياخشىلارنىڭ ھەيرانلىقى»)، 1484 - يىلى يېزىلغان «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ھەم «سەبئى سەييارە» (يەتتە سەييار»)، 1488 - يىلى يېزىلغان «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ناۋايى 1488 - 1501 - يىللىرى بىرمۇنچە بەدىئىي ۋە ئىلمىي نەسرىي ئەسەرلەر يازغان. بۇلار ئەدەبىياتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە، ئەخلاق ۋە تارىخقا دائىر ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىدى. ئۇلار 1488 - يىلى يېزىلغان «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» («ئىران شاھلىرى تارىخى»)، 1490 - يىلى يېزىلغان «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» (ئابدۇراھمان جامىغا بېغىشلانغان)، «ھالەتى پەھلىۋان مۇھەممەد»، «ھالەتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر» (250 مىسرالىق شېئىرىي مەكتۇپ)، يەنە شۇ يىلى يېزىلغان 400 گە يېقىن ئەدىبنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن «مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر مەجلىسى»)، 1491—1498-يىللىرى يېزىلغان «لىسانۇت تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق پەلسەپىۋى قىسسە، 1499 - يىلى يېزىلغان تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» («ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە») قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت. ناۋايى بۇ ئەسىرىدە تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىنى ھەر جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ـ ئەدەبىي تىل بولۇشقا مۇناسىپ باي تىل ئىكەنلىكىنى، پارس تىلىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەرىپلىگەن. 1500 - يىلى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («كۆڭۈللەر سۆيگۈنى») ناملىق ئەسىرىنى يازغان، چوڭ ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەردە ناۋايى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەدىئىي ئىجادىيىتىنى يەكۈنلىگەن ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىگەن. يەنە تەسەۋۋۇپ سىمالىرى ھەققىدە «نەسايىمۇل مۇھەببەت مىن شەمائىمىل فۇتۇۋۋەت» («مەردانىلىق خۇش بۇيلىرىنى كەلتۈرگەن سۆيگۈ تاڭ شاماللىرى») دېگەن كىتابنى يازغان. بۇلاردىن باشقا، شېئىرىيەت ھەققىدىكى «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزىنلەر مىزانى») ناملىق ئەسىرىنى، «تۇھفەتۇل ئەفكار» («پىكىرلەر سوۋغىسى»)، «ھىلالىيە» ۋە باشقا قەسىدىلىرىمۇ بار. ناۋايىنىڭ بەدىئىي ـ ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا «مۇنشەئات» («خەت ـ پۈتۈكلەر»)، «ۋەقفىيە» دېگەندەك توپلاملىرى بار، بۇ توپلاملارغا تۈرلۈك خەت ـ چەكلەر، دۆلەت ھۆججەتلىرى ۋە ۋەقفە نامىلەردىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلگەن.

ناۋايى يەنە مۇزىكىشۇناس ئىدى، بەزمىلەردە ئۇستا سازەندە ـ خانەندىلەر بىلەن سۆھبەتلەر قۇراتتى، ساز چالاتتى، ئۇنىڭ كۈي ئىشلىگەنلىكى مەلۇم.

ئەدىب ـ پادىشاھ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى—«بابۇرنامە» دە ناۋايى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان: «ئەلشىر بەك تېڭى يوق كىشى ئىدى. تۈركىي تىل بىلەن تا شېئىر ئەيتىپتۇرلەر، ھېچ كىم ئانچە كۆپ ۋە خوب ئېيتقان ئەمەس.» ناۋايى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ غەزەل شەكلىنى يېڭى پەللىگە

كۆتۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكى ۋە شۇ زاماندا داستان ئىجادىيىتىدە ئومۇمىي رەسىم بولۇپ قالغان «خەمسە» شەكلىنى بەدىئىي - غايىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر بولۇپ قالماستىن، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىشنى پائال تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۆز ئانا تىلىدا ئەڭ ئۇلۇغۋار - يېتۈك ئەسەرلەر يارىتىپ ئۈلگە كۆرسەتكەن شائىر بولغىنى ئۈچۈن، XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيادا «تۈركىي تىل» ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ سىماسىدۇر.

ناۋايى ياشىغان زاماندا پارس تىلىنىڭ نوپۇزى يۇقىرى ئىدى. 14 - 15-ئەسىرلەردە كافكاز - ئازاربەيجاندىن تارتىپ بۇخارا - سەمەرقەندكىچە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ياشايدىغان دىيارلاردا، ھۆكۈمران تەبىقە ۋە فېئودال زىيالىيلىرىنىڭ ئىمتىيازى ھەم قوللىشى تۈپەيلىدىن پارس - دارا تىلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى، ئەدىب - شائىرلار ۋە ئالىملارنىڭ تولىسى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى؛ ئۆز ئانا تىلى - «تۈركىي تىل» سەلتەنەت ۋە پەن - ئەدەبىيات تىلى مەۋقەسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى (ناۋايىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2 - بابىدا بايان قىلىنغان 90 شائىردىن پەقەت 16 سىلا تۈركىيگوي ئىكەنلىكىنىڭ ئەسلىتىلگەنلىكى شۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ). شۇڭا ناۋايى ئەدىب - شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: بۇ ئەلفاز ۋە ئىبارەتتە بۇ نەۋئادە قايىمىق كۆپدۇركىم، بۇ كۈنگە دېگۈنچە ھېچ كىشى ھەقىقەتىگە مۇلاھىزە قىلماغان جەھەتىدىن بۇ ياشۇرۇن قالىپدۇر ... ۋە فىلھەقىقەت، ئەگەر كىشى ياخشى مۇلاھىزە ۋە تەئەممۇل قىلسا، چۇ، بۇلەفزدە ۋۇسئەت (كەڭلىك) ۋە مەيدانىدا مۇنچە مۇسەھەت (ئوچۇقلۇق) تاپىلۇر ...» ناۋايى پارسىي، ئەرەبىي ۋە تۈركىي قاتارلىق ئۈچ تىل ستېخىيىلىك ھالدا رىقابەتلىشىۋاتقان زاماندا ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلىنىڭ باي خەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمەن پارس تىلىنىڭ قايسى شەكىل ۋە ئۇسلۇبىدا قانداق ئەسەرلەر يارىتىلغان بولسا، ئۆز ئانا تىلىدا شۇنداق ئەسەرلەرنى ياراتتى. ناۋايى «مىزانۇل ئەۋزان» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەجەم شۇئەراسى ۋە فۇرىدى فۇسەھاسى قايسى ئۇسلۇبدەكىم، سۆز ئەرۇسىگە جىلۋە ۋە نەمايىش بېرىپ ئەردىلەر، تۈرك تىلى بىلە قەلەم سۈردۈم ۋە ھەر نېچۈك قائىدە كىم، مەئنى ئەبكارىغە زىينەت ۋە ئەرايىش كىرگۈزۈپ ئەردىلەر، چىغەتاي لەفزى بىلەن رەقەم ئۇردۇم.»

ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئۇستازى ھەم دوستى — نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى (1414—1492) يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان «ھەفتە پەيكەر» («يەتتە يۇلتۇز») ناملىق ئەسىرىنىڭ خاتىمىسىدە ناۋايىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

زىنى تەبئىي تۇ ئۇستادى سۇخەن، تۇدادى دېگەن بار، ئىن ئابروي،
زى مىفتاھى كىلكەت كۇشادى سۇخەن. كەشىدى بەجەۋلانگاھى كۇفتۇگوي.
سۇخەنرا، كى ئەز رەۋنەق ئۇفتادە بۇد، سەفاياب ئەز نۇرى رايى تۇشۇد،
بەكۇنچى ھەۋان رەخت بىنھادە بۇد. نەۋائى زى لۇتفى نەۋائى تۇشۇد.

(مەنىسى: ئەي (ناۋايى) سېنىڭ تەبەسسۇمىڭ سۆز ئۇستازىدۇر، قەلەمنىڭ ئاچقۇچى بىلەن سۆز (تىل) ئىشىكىنى ئاچتىڭ. روناق تاپالماي قالغان ۋە خارلىق بۇلۇڭىدىن ئورۇن ئالغان (تۈركىي) تىلغا سەن يېڭىدىن ئابروي بەردىڭ. ئۇنى ئىجادىيەت مەيدانىغا ئېلىپ چىقتىڭ. ئۇ سېنىڭ رايىڭنىڭ نۇرىدىن ساپالىق بولدى، لۇتفۇڭ نەۋاسى (بايلىقى) دىن نەۋالىق (بەھرىمەن) بولدى).

ناۋايى ئۆز ئانا تىلىنى بەزىدە «تۈركىي تىل» ۋە بەزىدە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىغان. ناۋايىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «تۈركىي تىل» كەڭ مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە بىر تىلغا ـــ تىل گۇرۇپپىسىغا نىسبەتەن قوللانغانلىقى ئېنىق. بۇ زاماندا تۈركىي تىل چوڭ ئىككى بۆلەككە ئايرىلغانىدى. ئۇنىڭ بىرى، شەرقىي قول، يەنى «ئۇيغۇر قارلۇق گۇرۇپپىسى»، يەنە بىرى، غەربىي قول، يەنى «ئوغۇز ـ قىپچاق گۇرۇپپىسى». شەرقىي قول شەرتلىك يوسۇندا «چىغىتاي تىلى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر ياشىغان دىيارغا فەرغانە ۋادىسىمۇ كىرەتتى.

«بابۇرنامە» دە زىكرى قىلىنىشىچە، «فەرغانە ۋىلايىتى يەتتە پارە قەسەبەسى (شەھەرچە) بار، بەشى سەيھۇن سۇيىنىڭ (سىر دەريا) جەنۇب تەرىپىدە، ئىككىسى شىمال جانىبىدە. جەنۇبىي تەرىپىدىكى قەسەبەلەردىن بىرى ئەندىجاندۇركىم، ۋەسەتتە (ئورتىدا) ۋاقى بولۇپتۇر. فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پايىتەختىدۇر؛ ئېلى تۈركتۇر. شەھەر ۋە بازارىسىدە تۈركىي بىلمەس كىشى يوقتۇر، ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىلەن رەستتۇر (نىجاد تاپقان). ئانى ئۈچۈنكىم، مىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مۇسەننەفاتى (تۈزۈلگەن ئەسەرلىرى) باۋۇجۇدكىم، ھىرىدا نەشئۈنەما تاپىپتۇ، بۇ تىل بىلەدۇر، ـــ ئېلىنىڭ ئاراسىدا ھۆسنى خېلى باردۇر.»

بابۇرنىڭ بۇ پىكرىنى تۈركولوگ ئالىملاردىن گ. ۋامبېرى، ۋ. بېرېزىن، ن. ئى. ئىلمىنىسكىيلەر قوللايدۇ. ۋ. ۋ. رادلوفنىڭ «تۆمۈر قۇتلۇغ ۋە توختامىش يارلىقلىرى» دېگەن ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، فەرغانە رايونلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى بار ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە ئاساسىي رول ئوينىغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا، جۈملىدىن ئىدىقۇت تىلى ۋە خاقانىيە تىلىغا خاس بولغان بىرمۇنچە فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك، لېكسىكىلىق ھەم سىنتاكسىلىق ئامىللار ناۋايى دەۋرىگىچە بولغان ھەممە ئەدەبىي ـ ئىلمىي يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن ياكى كۆچۈرۈلگەن «بەختىيارنامە»، «مىئراجنامە»، «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا» ۋە شۇنىڭدەك ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ھەتتا 1469 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئۆمەر شەيخ يارلىقىمۇ

ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن. بۇلار شۇ زامانىدا ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ (ئوچۇق قىراق ئىپىتقاندا، ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ) شەكىللىنىشىگە دېرەك بېرەتتى. خارەزمىي، ئەتايى، لۇتفى، سەككاكى، ئاۋايىلار قوللانغان تىل ئەنە شۇ ئەدەبىي تىل ئىدى.

پارس تىلى ھۆكۈمران بولغان رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەمراتتا مەزكۇر شائىرلارنىڭ ئەنجان لەفزى بىلەن ئىجاد قىلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس، بەلكى رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىش ئىدى. بۇ شائىرلار «ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى» نى، جۈملىدىن «ئەنجان لەفزى» نى ئەنئەنە جەھەتتىن قوغداپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى سۈپىتىدە ئۇنى ئېكىسىگا ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلەر جەھەتتىن يېڭى ئامىللار بىلەن بېيىتتى، شۇ ئارقىلىق بۇ تىلنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى 3 - پەللىسىنىڭ تەشەببۇسكار نامايەندىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ناۋايى ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەتتە ئۆز ئانا تىلىغا ئېتىبار بېرىشنى كۈچلۈك تەرغىپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز ئېلىنىڭ تىلىنى قەدىرلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ناۋايى: «تىلغا ئىختىيارسىز - ئەلگە ئېتىبارسىز» دەيدۇ. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى قوپال تىل دەپ كەمسىتكۈچىلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئانا تىلىنىڭ ھىمايىچىسى ۋە بايراقدارى بولغانلىقىنى شائىرنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىكى مۇنۇ بېيىتلىرى كۆرسىتىدۇ:

ساڭا ئانچە ھەق لۇتفى ۋاقىئدۇرۇر، | يېقىن قىلمامىش خەلق سىنىڭدەك كىشى.
كى تا تۈرك ئەلفازى شايىئدۇرۇر. | فارسى ئەل تاپتى چۇ خۇرسەندلىق،
بۇ تىل بىرلە تا نەزم ئېرۇر خەلق ئىشى، | تۈركى تاغى تاپسا بارۇمەندلىق.

شۇڭا ن. ئى. ئىلمىنسكىي ناۋايىنى «ئانا تىلى ئۈچۈن كۈرەشتە يېگانە ۋە باھادىر جەڭچى ئىدى» دەپ تەرىپلىگەن. ياۋروپالىق جۇغراپىيىشۇناس م. بېلىن نەۋائىغا يۇقىرى باھا بېرىپ شۇنداق دەيدۇ: «ناۋايى مىللىي تىلغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى رەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئاساسلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى باشلاپ بەردى». (م. ئا. بېلىن: «ناۋايىنىڭ بىئوگرافىيىسى»).

ناۋايى سۆز (تىلنى كۆپىنچە سۆز ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىغان) ھەققىدە شۇنداق تەبىر بېرىدۇ:

سۆزدۇركى، نىشان بېرۇر ئۆلۈككە جاندىن، | ..............................
سۆزدۇركى، بېرۇر جانغا خەبەر جانانىدىن. | كۆڭۈل دۇرجى ئىچرە گەۋھەر سۆزدۇرۇر،
ئىنسانىنى سۆز ئەيلىدى جۇدا ھەيۋاندىن، | بەشەر گۈلشەنىدە سەمەرسۆز دۇرۇر.
بىلكىم، گەۋھەرى شەرىفراق يوق ئاندىن.

www.uyghurkitap.com

ناۋايى سۆز (تىل) نىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇنداق ئۇلۇغلىغان. ناۋايى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سۆزدىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، ھازىرقى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزگىمۇ ئۈلگە كۆرسەتكەن. ناۋايى سۆز (تىل) نى ئاۋۋال كۆڭۈلدە راسا پىشۇرۇپ، ئاندىن سۆزلەش ۋە يېزىش كېرەكلىكىنى، كۆڭۈلدە نېمە بولسا، ئاغزىغا شۇ كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمەسلىكنى تەرغىپ قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇ: «سۆزنى كۆڭۈلدە پىشقارماغۇنچە تىلغا كەلتۈرمە، ھەرنەكىم كۆڭۈلدە بار ـ تىلغا سۈرمە.» شۇڭا يەنە: «كۆڭۈل مەخزەنىنىڭ قۇلۇپى تىل ۋە ئۇل مەخزەنىنىڭ كەلىتى سۆز بىل» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناۋايى 15 ـ ئەسىردىن بۇيان بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھەققىي مەنىسى بىلەن بەدىئىي تىل ئۇستازى بولۇپ كەلدى.

ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ «كاشغەر لەفزى» گە تۇغقان «ئەنجان لەفزى» دە ئىجاد قىلىپ، خاقانىيە تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئۇ تىلنى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. ناۋايى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى، جۈملىدىن ئەدىب، ئۆلىمالىرى، مۇزىكىشۇناسلىرى ۋە ئەل نەغمىچىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ناۋايى غەزەللىرىنى يادلاش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە ناۋايى غەزەلىياتى ئالاھىدە بىر دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆگىتىلەتتى؛ دۇنيا مۇزىكا تارىخىدا نادىر گۆھەرلەردىن سانالغان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ـــ «ئون ئىككى مۇقام» كۈيلىرىدىن تولىسىغا ناۋايى غەزەللىرى سېلىنغان. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ۋە تەرجىمە شەكىللىرى بويىچە ئاجايىپ ئەسەرلەر يارىتىلدى. مەسىلەن، ياركەندلىك ئۆمەر باقى 1792 ـ يىلى نەۋائىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» ھەم «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرىي شەكىلگە كىرگۈزۈپ قىسسىگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەدىب ـ ئالىم موللا ياركەندى «خەمسە ناۋايى» نى شېئىر شەكلىدىن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگنىڭ نامىغا بېغىشلاپ «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دېگەن ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە باشقىلار.

ناۋايىنى خاتىرىلەشتىن مەقسەت ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان ئەدەبىي تىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى سۆيۈش، ئۆگىنىش، ئىشلىتىش ۋە قەدىرلەش روھىدىن ئىلھاملىنىش؛ تەرەققىيپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئېسىل خىسلەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش، شۇ ئارقىلىق خەلق ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىگە يەنىمۇ كۆپ ۋە ئېسىل تۆھپىلەرنى قوشۇشتىن ئىبارەت.

بىزدىمۇ ناۋايىشۇناسلىقنى رەسمىي بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى فونېتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس جەھەتلىرىدىن كەڭ ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلىش تەتقىقاتچىلىقىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلسە خاسىيەتلىك ئىش بولۇر ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

رەھمەتۇللا جارى

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يۇكسەك چوققا

ئۆزىنىڭ بىباھا ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۇكسەك چوققىنى ئىگىلىگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ تۇغۇلغىنىغا بۇ يىل 550 يىل تولدى. ئۇنىڭ مول ئىجادىي خەزىنىسىنىڭ بىۋاستە مىراسخورى بولغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ مۇبارەك كۈننى قۇتلۇقلاشتىن ئىپتىخارلىق ۋە شەرەپ ھېس قىلىدۇ.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ لىرىك، ئېپىك، پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئەسىرى 15 - ئەسىردىن بۇيانقى مەشھۇر ئەدىب - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە تولىمۇ ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسەتتى ۋە شۇ بەش ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ئۈزلۈكسىز تېپىلغان ۋە ھازىرغىچە تېپىلىۋاتقان ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ئايرىم كىتاب بولۇپ يورۇققا چىقتى ھەمدە «بۇلاق» مەجمۇئەسىگە داۋاملىق بېسىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ناۋايىنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

ئەلىشىر ناۋايى 14 -، 15 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان ھىراتتا تۇغۇلۇپ، ئاساسىي ئىجادىي پائالىيىتىنى مۇشۇ شەھەردە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بەش ئەسىر مابەينىدە ئۇنىڭ ھەر خىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلىرىنىڭ نادىر قول يازمىلىرى ماھىر خەتتاتلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئالتۇن ۋاراقلارغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە كەڭ تارقالغان. بەش ئەسىردىن بۇيان ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھىم دەرسلىك قىلمىغان بىرمۇ ئۇيغۇر مەدرىسە - مەكتەپلىرى بولمىسا كېرەك.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ گۈزەل غەزەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى — ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى بېيىتىپ، ئەلنەغمىچىلىرىمىز، مۇقامچىلىرىمىزنىڭ خۇش نەپەس ئاھاڭلىرىغا پەيزى - ئىلھام بەخش ئېتىپ، ھەر بىر مۇقامنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھىرلىك كۈيلىرىنىڭ ھاياتبەخش كۈچىنى ئاشۇرۇپ كەلدى.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ بەدىئىي تىل ساھەسىدە كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمىتىنى قىسقىچە بولسىمۇ ئەسلەپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەسكى، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «چاغاتاي تىلى» نى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، بۇ تىلغا ئاساس سالغۇچى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «چاغاتاي تىلى» ئەينى زاماندا، كونا ئەنئەنە بويىچە «تۈركىي تىل» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. ناۋايىمۇ بۇ تىلنى ھەم «تۈركىي تىل»، ھەم چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىغان. ئۇ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب شائىرلىرى ۋە پارس سۆز سەنئەتكارلىرى سۆز كېلىنىنى تۈرلۈك ئۇسلۇبتا دەبدەبە ـ ھەشەمەت بىلەن بېزەندۈرگەن بولسا، مەن تۈركىي تىلغا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ تىلنىڭ خىلمۇ خىل ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەزمۇن ـ مەنە قىزىنى ياساندۇردۇم ۋە ئۆز پىكرىمنى چاغاتاي تىلى بىلەن ئىپادىلىدىم...

ئەلشىر ناۋايى شۇ چاغدىكى بەزى مۇئەللىپلەرنىڭ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى توسۇشتا بايراقدار بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئاجايىپ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتىش ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ نەپىس، پاساھەتلىك ئىمكەنلىكىنى، پىكىرلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلىش، سۆز ـ جۈملىلەرنى گۈزەل ئىپادىلەش جەھەتتە ئەرەب ـ پارس تىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما ئەينى زاماندا ناۋايى «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن پارس تىلىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر دىۋان يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەرەب، پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان بىرلا دىۋانى بولسىمۇ، بۇ ئەسىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەرەب ـ پارس خەلقلىرى ئارىسىدىكى شۆھرىتىمۇ ئاشتى.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز شەرق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى جاھان مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىمۇ سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇلۇغ شائىرنى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلمىي مەركەزلەر كۇتۇپخانىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى كۆپچىلىك مەملىكەتلەرنىڭ قول يازما فوندلىرىدىمۇ ساقلانماقتا. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «خەزائىنۇل مەئانىي» دەپ ئاتالغان تۆت دىۋانىنىڭ ۋە «خەمسە» داستانلىرىنىڭ بەدىئىي بېزەك بىلەن كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە ۋە ھىندىستاندا ساقلىنىۋاتقانلىقى تەتقىقاتچىلىرىمىزغا مەلۇمدۇر.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «خەزائىنۇل ـ مەئانىي» ۋە «خەمسە» داستانلىرىدا، شۇنىڭدەك «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»، «نەزمۇل ـ جەۋاھىر»، «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»، «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەيىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن مىسرالار ھېكمەتلىك سۆز تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مىسرالار كىشىلەرنى ئەدەب ـ ئەخلاققا، مەرىپەتكە، سەۋر ـ قانائەتكە، ئىنساب ـ دىيانەتكە، سېخىيلىققا، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ، ھەقىقىي مۇھەببەتنى، ساداقەتنى، مېھرى ـ ۋاپانى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئادەمگەرچىلىككە زىت بولغان

تەكەببۇرلۇق، ئەدەبسىزلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، نادانلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، قانائەتسىزلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ئىسراپخورلۇق، ھاراقكەشلىككە ئوخشاش سەلبىي ئىللەتلەر كەسكىن تەنقىد قىلىنغان ھەمدە رىياكار، ئىككى يۈزلىمىچى، ئالدامچى شەيخلەر، سوپى - زاھىت، ئىشانلار قاتتىق قامچىلانغان ئەسەرلەرمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئەلىشىر ناۋايى ئىنسانپەرۋەر شائىر بولغانلىقتىن، ئۆز ئىجادىيىتىگە خەلقچىللىق روھىنى چوڭقۇر سىڭدۇرگەن. ئۇ ساۋاقدىشى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقاراغا ۋەزىر بولۇپ، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشقان مەزگىللىرىدە پۈتۈنلەي خەلق تەرەپتە تۇردى، باشتىن - ئاخىر ئاددىي پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى، مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ئۇنىڭ «ھەيرەتۇل - ئەبرار» ناملىق داستانىغا:

«ئادەمىي ئېرسەڭ، دېمەگىل ئادەمىي،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.»

دېگەن مىسرالارنى كىرگۈزگەنلىكى بىر ھېسابتا ھۈسەيىن بايقارانى خەلقنىڭ دادىغا يېتىشكە ئۈندىگەنلىكى ئىدى.

بىز بۇ قىسقا ماقالىمىزدا ئۇلۇغ شائىرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق توختىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتىمىزكى، ئۆز زامانىسىنىڭ دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى بولغان ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىن ۋە خەلقنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلىرىدىن قولى بوشىغان چاغلاردىلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇنچە كۆپ ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان 52 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك «خەمسە» داستانلىرى 1483 - يىلدىن 1485 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە يېزىلغان. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بۇنداق تېز يارىتىلىشى جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ.

«خەمسە» داستانلىرى بۇ يىل شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بەش توم بولۇپ نەشر قىلىندى. بۇ داستانلار ھەرقايسى ئىلمىي ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن تەنقىدىي مەتىننىڭ دەسلەپكى نەشرىدۇر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شائىرنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئەلىشىر ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىق كاتتا مەرىكىسىگە توغرا كەلدى. بۇندىن ئىلگىرى مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ «خەزائىنۇل - مەئانىي» غا كىرگۈزۈلگەن تۆت دىۋاندىن تاللانغان غەزەللەرنى يەشمىسى بىلەن بىللە نەشرگە تەييارلاپ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

بۇندىن كېيىن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى كۈچەيتىش، بىزنىڭچە، ھازىرقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى بولسا كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

www.uyghurkitap.com

# ناۋايى غەزەللىرى ۋە رۇبائىيلىرىدىن

1

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.

ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا.

دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ،
جىسمىم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس، جاندىن جۇدا.

ھەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئىمىش، مۇندىن سوڭ، ئەي، گەردۇن مېنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا، قىلغۇنچە جانانىدىن جۇدا.

بولسا يۈزمىڭ جانىم ئال، ئەي ھەجر، لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا، ياخۇد مېنى ئاندىن جۇدا.

ۋەسلى ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى، ھامانا بىلدىكىم،
قىلغۇدەكدۇر ۋۇبە ئانى شەمئى شەبىستاندىن جۇدا.

بىر ئىمىيەسىز ئىت بولۇپ ئېردى نەۋائى يارسىز،
بولماسۇن، يارەبكى، ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا.

2

يانا سالدى ھەجر ھەم تەن ھەم كۆڭۈل ھەم جانغا ئوت،
سالدى ئوت ھىجران ماڭا، يارەبكى، سال ھىجرانغا ئوت.

ئەيتقاي كىمىمىش جۇنۇن مۇلكى شەھى زەركەش لىباس،
كۆرگەن ئەل بۇ نەۋئىكىم تۇشمىش مەنى ئورىيانغا ئوت.

گويىيا بولدى قۇيۇن غەم دەشتىدە ئەسكەن سەمۇم،
يوقسە تۇشتى مەن كەبى مەجنۇنى سەرگەردانغا ئوت.

مەنزىلىڭ ئېردى كۆزۈ كۆڭلۈم، ۋەلې سەن بارغالى،
مۇنى سۇ قىلدى خەرابۇ توشتى ئول ۋەيرانغا ئوت.

مەن دەغى كۆيمەي قۇتۇلماق ئەي كۆڭۈل مۇمكىن ئەمەس،
بۇيلەكىم، سالدى دەمىم غەم دەشتىدە هەر يانغا ئوت.

دۇدى ئاهىم داش دۇدىدەكىمۇ رەۋزەندىن چىقار،
ياسالىپتۇر فۇرقەتىڭ بۇ كۆلبەئى ئەهزانغا ئوت.

گەرماگا ئوت سالدى دەۋران هەجرىدىن، بەس ئەيب ئەمەس،
مەن دەغى سالسام دەمادەم ئاه ئىلە دەۋرانغا ئوت.

نە ئۇچۇن ئەشجاردىن يىغمىش ئوتۇن، ئەي باغبان،
ئاتەشىن گۈلدىن ئەگەر ئۇرماس فەلەك بوستانغا ئوت.

ئەي نەۋائى، تەن قالىپ، جانىمنى ئالىپ باردى يار،
سالدى ئۇ بارغانغا ئوت، هىجران ۋەلې قالغانغا ئوت.

3

ئەي گادايىڭنىڭ گەدايى بارچە ئەهلى تەختۇتاج،
كىم گەدايىڭدۇر ئاڭا يوق تەخت ئىلە تاج ئېهتىياج.

كۆزلەرىڭ ئاز جۇرم ئۇچۇن قىلسا ئىتاب، ئېرمەس ئەجەب،
بار مۇئەييەنكىم، بولۇر بىمارلار نازۇك مىزاج.

گەرسە نۇبەر تۇتامىش سەرۋىڭ خىلافىن كۆڭلىدە،
يەل چىنار ئىلكى بىلە نىچۇن ئۇرار يۈزىگە كاج.

ئەيكى، كۆڭلۈمنى بۇزۇپ، دەرسەن: خەيالىمنى چىقار،
هېچ كىمشى ۋەيرانە يەردىن ئىستەمەس هەرگىز خىراج.

هەجرىدىن داد ئىستەدىم، دېدىڭ سەبۇر ئول، ۋايكىم،
نافەداغىمغە يانار ئوت بىرلە ئەيلەرسەن ئىلاج.

چۇن فەنا گەردى ياپار، نى سۇد تەختۇ جاهىڭە،
كۆكنىڭ ئەنجۇمدىن مۇكەللەل ئەتلەسىن قىلساڭ دۇۋاج.

سەن جەفا قىلغاچ، كۆڭۈل جان بىرلە تەركىم تۇتتىلەر،
بولسا شاهزالىم، ئەل ئىچرە زۇلمغە بولمىش رىۋاج.

تا گەدايىڭدۇر نەۋائى تەخت ئىلە تاج ئىستەمەس،
ئەي گەدايىڭنىڭ گەدايى بارچە ئەهلى تەختۇتاج.

4

خان قەهدە هەلقەئى زىكىر ئىچرە غەۋغا قىلدى شەيخ،
ئەهلى دىللەر نەقدى ئەۋقاتىنى يەغما قىلدى شەيخ.

www.uyghurkitap.com

ئۇل بىرى دام ئېردى، بۇ بىر دانە ئەل سەيدى ئۈچۈن،
ھەر قاچانكىم ئەزمى تەسبىھۇ مۇسەللا قىلدى شەيخ.

يا خەيالى بەڭ، ياخۇد خانەقەھ فىكرى ئىدى،
ھەر كەراماتى مەقاماتىكى ئىغشا قىلدى شەيخ.

كەف ساچىپ، فەرياد ئېتىپ، سەكرەپ، پەرىۋەشلەرنى سەيد،
قىلغالى، دىۋانەلىغلەر ئاشكارا قىلدى شەيخ.

توق چىقىپ خىلۋەتتىن ئۆزنى روزە دەپ جۇھھالىدىن،
ئەسرۇ كۆپ نادانى ئۆز تەۋرىغە شەيدا قىلدى شەيخ.

باۋۇجۇدى مەسخۇ نادانلىغ مۇرىد ئەيلەر ئۈچۈن،
كۆپ ئۆزىدىن مەسخۇ نادانراغنى پەيدا قىلدى شەيخ.

دەيرى پىرىنىڭ مۇرىدى مەنكى فەيزى ئام ئېرۇر،
خانەقەھدە فەيزى ئام ئەلدىن تەمەننا قىلدى شەيخ.

دەير ئارا تىندى قۇلاغىم، راھىبا، زىكرىڭ بەخەير،
كىم سەھەر زىكىر ئېيتۇرىدا كۆپ ئەلالا قىلدى شەيخ.

ئەي نەۋائى، خىرقەسىن بەردى، كەرامەت ئەيلەدى،
كىم ماڭا تەرتىبى ۋەجھى رەھنى سەھبا قىلدى شەيخ.

5

ئۇن سەكىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندەدۇر،
نى ئەجەب، چۈن سەرۋنازىم ئۇن سەكىز ياشىندەدۇر.

دېسە بولغايكىم، يەنە ھەم ئۇن سەكىز يىل ھۆسنى بار.
ئۇن سەكىز ياشىندە مۇنچە فىتنەكىم باشىندەدۇر.

ئۇن سەكىز يىل دىمە يۈز سەكسەن يىل ئولسە، ئول دۇرۇر،
ھۆسنىن شاھى، ئول بەلالەركىم كۆزۈ قاشىندەدۇر.

ھەيرەت ئەتمان ھۆسنىن نەقشىدەكى ھەر ھەيرەتكى بار،
بارچەسى ئىمزىد تەئالا سۇنئى نەققاشىندەدۇر.

تەن ئاڭا سىيمۇ ئىچىندە تاش مۇزمەر كۆڭلىدىن،
ئەقلغە يۈز ھەيرەت ئول ئايىنىڭ ئىچۇتاشىندەدۇر.

مەي كەتۇر، ئەي مۇغكى، يۈز ھەيرەت ئارا قالمىش مەسىھ،
بول ئەجەبلەر كىم، بۇ ئەسكى دەير خەففاشىندەدۇر.

تا نەۋايى تۆكتى ئۇل ئاي فۇرقەتىدىن بەھرى ئەشك،
ھەر قاچان باقساڭ، قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندەدۇر.

6

ئارەزنىڭ كۆزگۈسىمۇ تەر كىمسىرەتمەدىن سۇدەدۇر؟
ياخۇد ئۇل ئارەز سۇيىمنىڭ ئەكسىمۇ كۆزگۈدەدۇر؟

دىمە ئەينى نازدىن ئۇل كۆز ئاچىلمايدۇركى، بار
كافىرىكىم مەستلىغ ئىغراتىمەدىن ئۇيقۇدەدۇر.

تاپماغىم ئۆزنى مەھال ئولمىش فىراقىڭ شامىكىم،
تەب ئارادۇر خەستە جىسمىمۇ تاب ئۇل گىمسۇدەدۇر.

سەن ئاتارسەن ناۋەكۇ كۆكسۇم شىكافىدىن كۆڭۇل،
كۆرگەلى كەلمىش، خاتا قىلماكى، خۇش قاپۇدەدۇر.

سەجدە قىلماق نە تەفاۋۇت كەئبە ياخۇد بۇتقەكىم،
قاشى مىھرابى قايان، قىلسام سۇجۇد ئۇتىرۇدەدۇر.

ئۆلمەكىمدىن زۇلفىڭە گويا پەرىشانلىغ يېتىپ،
ماتەم ئەھلىدەك قويى سالىپ باشىن قايغۇدەدۇر.

نوھ ئۆمرىيۇ سۇلەيمان مۇلكىگە يوقتۇر بەقا،
ئەي نەۋائى، بادە ئىچ، ئالەم غەمى بىھۇدەدۇر.

7

نەۋ باھار ئەييامى بولمىش، مەن دىيارۇ يارسىز،
بۇلبۇل ئولغاندەك خەزان فەسلى گۇلۇ گۇلزارسىز.

گاھ سەرۋ ئۆزرە گەھى گۇل ئۆزرە بۇلبۇل نەغمە ساز،
ۋەھكى، مەن مەن گۇڭگۇلال، ئول سەرۋگۇل رۇخسارسىز،

تاڭ ئەمەستۇر گەر دىيارۇ يارسىز ئازۇردە مەن،
كىم ئەمەس بۇلبۇل گۇلۇ گۇلزارسىز ئازارسىز.

رەۋزە ئەشجارى ئوتۇندۇر، گۇللەرى جانىمغە ئوت،
مۇمكىن ئولسە ئاندا بولماغلىغ دەمى دىلدارسىز.

مەي چۇ بەردىڭ زۇلف ئىلە بەند ئەت مىنى، ئەي مۇغبەچە،
كىم خۇش ئىرمەس مۇغ بىلە ئىچمەك قەدەھ زۇننارسىز.

تاپمادۇق گۇلرەڭ جامى بىخۇمار، ئەي باغبان،
ۋەھكى، بۇ گۇلشەن ئارا گۇل پۇتمەس ئىرمىش خارسىز.

ئەھلى زۇھد ئىچرە نەۋائى تاپمادى مەقسەدقە يول،
ۋەقتىڭىزنى خۇش تۇتۇڭ، ئەي جەمئىكىم خۇمارسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

8

دوستلار، ئالەم ئىچىگە يارۇ ھەمدەم بولماقىمىز،
يار ئىلە ھەمدەم دىمەيكى، ئاشنا ھەم بولماقىمىز.

ئاشنالىغ ئەيلەبان ئۆز جانىمىزگە ھەرزەمان،
بائىسى يۈز مىڭ بەلا ۋۇ مىھنەتۇ غەم بولماقىمىز.

يەپ پەرۋەشلەر قىرىبىەن، سوڭرە تاپماي ئىلتىپات،
مەن كەبى دىۋانە ۋۇ رەسۋايى ئالەم بولماقىمىز.

ۋەسلۇ ئەيش ئاباد قىلسۇن خەلقنى، ئەي دەردۇغەم
سىز بۇزۇق كۆڭلۈمدىن ئۆزگە بىرگە مەھرەم قىلماقىمىز.

ئەي ۋىسال ئەھلى، ئول ئايىنىڭ دەردى ھەجرىدىن مېنى،
كۆپ كۆرۈپ غەمناك، سىز ھەم ئەسرۇ خۇررەم بولماقىمىز.

ئەي، خەرابات ئەھلى، يوق ئىنسانىدا ئىمكانى ۋەفا،
مەستىلىقىدىن دىۋ ئولۇك، زىنھار ئادەم بولماقىمىز.

گەر نەۋائى ھەجر ئارا بولدى زەلىل، ئەي ئەھلى ۋەسل،
ئەمدى نەۋبەت سىزگەدۇر، مۇنچە مۇئەززەم بولماقىمىز.

9

ئاقارا باشلادى باش، تۆكەلە باشلادى تىش،
سەفەر ياراغىنى قىلغىل كى، تۇشتى باشىگە ئىش.

يىگىتلىكنىڭ باربان، كەلدى باشىگە قېرىلىق،
فەنا يولىدا بۇ يەكلىغ ئىمىش بارىش ۋە كېلىش.

يۈز ئولكى قېرىقىدىن ئەللىككە قويىدى، يۈز قىلسا،
مىڭ ئىشىدىن بىرىگە ياخشىلىق مەھەل ئېرمىش.

يىگىتلىك ئولدى بەھارۇ كۇھۇلەت ئولدى خەزان،
دىگەن بۇ سۆزنى قېرىلىقنى قىشقا ئوخشاتمىش.

نى قىش نىشانى ماڭا قالدى نى خەزان، نى بەھار،
بەھارىمە چۇخەزان قويىدى يۈز، خەزانىمە قىش.

نى تۇرفە ئىشكى بىراۋچۇن تارىقتى ئۆمرىدىن،
دىسە «ئۇزۇن ياشا» قارغىش ئېرۇر ئاڭا بۇ ئالقىش.

نەۋائى يا، تۇتار ئەھلى فەنا نەجاد يولىن،
ئېرىشمەك ئىستەر ئېسەڭ ھەم ئالەرغە ئېرىش.

10

خەزان فەسلىدە ئول ئاي جىسمۇ رۇخسارىمنى كۆرگەن چاغ،
دىگەيكىم، بىر قۇرۇق شاخ ئۆزرە بۇتمىش بىر قۇرۇق يافراغ.

ئۇچامدا ئاي تۇتۇلغان داغدەك قالدى ئەسەر گويا،
ئۇلۇغ ئېرمىش فەتملە ئەسرۇ، چۈن كۆكسۈمگە قويدۇم داغ.

گۇناھسىز ئۆلگەن ئەل قانى تۇتۇپتۇر پۇشتمنى، يوقسە،
ئوشۇل قاتىل خىنا بىرلە قىزىل قىلمايدۇرۇر بارماغ.

گۆلى رەئنادىن ئەتتى كىسۋەتىن سەرۋ رەۋان ياخۇد،
سارىغ تەرلىك ئۆزە ئول شوخمۇ كىيمىش قىزىل شىرداغ.

يۈزىگە مېھرىدىن، يوقكىم يۈزىدىن مېھرىگە ناگاھ،
ھەرارەت يەتمىسۇن دەپكىم سالۇر ھەر سارىدىن قالپاغ.

كۆزى ئول شوخنىڭ چۈن بولدى ھەم بىمار، ھەم ئۆسرۈك،
تۇلا تۇت دەۋر ئاياغىن، ھەي كۆڭۈلكىم، مەن ھەم ئولماي ساغ.

كۆز ئاچ ئەشكى نەدامەت ساچ ئۆز ئەھۋالىڭغە كىم، باردۇر،
تۈنۈك تىيرە، كۆزۈك خىرە، يولۇڭدۇر تاغ، ئاتىڭ ئاقساغ.

قەدەم قويما ئەدەبسىز بۇ خەزان كۆرگەچ چەمەن ئىچرە،
كى بىر گۆلرەڭ يۈزىنىڭ سەفھەسىدۇر بىر سارىغ يافراغ.

مەگەر كىم كويىدا يالاڭ ئاياغ ئول ئاي خىرام ئەتمىش،
نەۋائى كۆزلەرىگە سۈرمە بولمىش ئول قارا تۇفراغ.

11

ئۆز تىلىم چۈن ئەيلەمەس رازىمنى ئىخفا ئەيلەمەك،
ئۆزگە تىلدىن نى تەئەججۈپ بولغاي ئىفشا ئەيلەمەك.

مەنكى ئۆز سىررىمنى پىنھان ئەيلەي ئالمان، تۇرفەدۇر،
ئەلدىن ئانىڭ تۇتماغىن مەخفى تەمەننا ئەيلەمەك.

تەلبە سىررىن ئەلگە گەر ئەيتۇر، جۇنۇندىندۇر ۋەلېك،
ھەزل ئېرۇر ھەردەم ئانى ئەل ئاشكارا ئەيلەمەك.

نۇكتەكىم مەجنۇن دىگەي، ئېرمەس ئەجەپ ئەتفالدىن،
ئەيلەمەك تەكرار ئول سۆزنىيۇ غەۋغا ئەيلەمەك.

كاش ئويۇلسا كۆز داغىمكىم، بىر تاماشا ئەيلەبان،
ئاندىن ئولدى مىڭ بەلا جانىمغە پەيدا ئەيلەمەك.

بۇ بەلالاردىن زەمانى فارىغ ئەيلەر دەير ئارا،
ئۆزنى بىردەم كىمسە مەستى جامۇ سەھبا ئەيلەمەك.

مۇنچە كۆيمەك ئىشقىدىندۇر، ئەي نەۋائى، ئەشكدىن،
سۇ ئۇرۇپ تەركىن كېرەك ھەقدىن تەۋەللا ئەيلەمەك.

12

ئىككى غۇنچەڭ ئېرمەس، ئەي گۈلچېھرە تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تارۇ كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.

ئاغزىڭە تەگمەس ئۇزارىڭ بىرلە سۆز،
بولمادى خۇرشىد بىرلە زەررە تەڭ.

لالەنىڭ داغى بولۇر چۇن ئورتادا،
نېگە تۇشمىش ئارەزىڭ يانىدە مەڭ.

بولدى ئىلكىم داغۇ كۆكسۇم زەخمى فاش،
كىم تەنىمدە تون يوقۇ ئىلكىمدە يەڭ.

سالغۇچە ئالەمگە ئوت ئارەزنى ئاچ،
كىم جەھاننى كۆيدۈرۈر ئول ئۇتلۇغ ئەڭ.

ھۇسن دەئۋاسىـغە قول يەگدىن چىقار،
يۈز يەدى بەيزا چىقارغاندە نى يەڭ.

دەڭ قىلمىشتۇر نەۋائىمنى خۇمار،
ئاڭا تۇتسۇن بىر قەدەھ، ساقىغە دەڭ.

13

ماڭا بىر لەھزە ۋەفا ئەيلەمەدىڭ،
كى ھەمۇل لەھزا جەفا ئەيلەمەدىڭ.

قامەتىڭدىن ماڭا كام ئېردى خىرام،
ۋەھكى كامىمنى رەۋا ئەيلەمەدىڭ.

ئاتماق ئوق ئەلگە خەتادۇر، لېكىن،
ماڭا ئاتقانىنى خەتا ئەيلەمەدىڭ.

ئەلگە لۇتفۇڭ، ماڭا گەر بولسا جەفا،
نى جەفالەركى، ماڭا ئەيلەمەدىڭ.

گەر دەرەخشىڭغە بەھا جان تىلەدىڭ،
ئانى تۇفراقچە بەھا ئەيلەمەدىڭ.

تاپمادىڭ مۇلكى بەقا تا ئۆزنى،
ئەزمى دەشتى فەنا ئەيلەمەدىڭ.

يۈز ۋەفا ۋەئد نەۋائىغە قىلىپ،
ئاھكىم، بىرگە ۋەفا ئەيلەمەدىڭ.

14

قارا كۆزۈم كەلۇ مەردۇملۇغ ئەمدى فەن قىلغىل،
كۆزۈم قاراسىدا مەردۇم كەبى ۋەتەن قىلغىل.

يۈزۈڭ گۈلىگە كۆڭۈل رەۋزەسىن ياسا گۈلشەن،
قەدىڭ نىھالىغە جان گۈلشەنىن چەمەن قىلغىل.

تەكاۋەرىڭغە باغىر قانىدىن خىنا باغلا،
ئىشىڭغە غەمزەدە جان رىشتەسىن رەسەن قىلغىل.

فىراق تاغىدە تاپىلسا تۇفراغىم، ئەي چەرخ،
خەمىر ئېتىپ يەنە ئول تاغدەك كۇھكەن قىلغىل.

يۈزۈڭ ۋىسالىغە يەتسۇن دېسەڭ كۆڭۈللەرنى،
ساچىڭنى باشتىن ئاياغ چىن ئىلەشكەن قىلغىل.

خەزان سىپاھىغە، ئەي باغبان، ئەمەس مانىئ
بۇ باغ تامىدا گەر ئىگنەدىن تىكەن قىلغىل.

يۈزىدە تەرنى كۆرۈپ ئۆلسەم، ئەي رەفىق، مېنى،
گۈلاپ ئىلە يۇۋۇ گۈل بەرگىدىن كەفەن قىلغىل.

نەۋائى، ئەنجۇمەنى شەۋق جان ئارا تۈزسەڭ،
ئانىڭ باشاغلىق ئوقىـن شەمئى ئەنجۇمەن قىلغىل.

15

نى ئەجەپ مەيل ئەيلەسەم يوقلۇققە ھەردەم، ئەي كۆڭۆل،
كىم يوق ئولسام يوقتۇرۇر يوقلار كىشىم ھەم، ئەي كۆڭۆل.

فىكىر ئېتىپ بىلمان نى نەۋئى ئېركەن كۆڭۆل خۇررەملىغى،
كۆرمەدىم ھەرگىز سېنى بىردەم چۇخۇررەم، ئەي كۆڭۆل.

ئالەم ئەھلىغە ۋەفا كۆپ قىلدىمۇ، كۆردۆم جەفا،
ئۆلفەتىڭ بۇ خەيلىدىن سەن بارى قىل كەم، ئەي كۆڭۆل.

گەر تەكەللۇف قىلماسام سەندىن ئىدى ھەر نېچە كىم،
جانىمە يۆزلەندى دەردى مېھنەتۇ غەم، ئەي كۆڭۆل.

قايدا كىم ھۆسن ئەھلىدىن ئالەمغە تۈشتى ئافەتى،
ئىشقىدىن قىلدىڭ مېنى رەسۋايى ئالەم، ئەي كۆڭۆل.

كۆزلەرىم شورابەسىن، ۋەھكىم، ئاقىزدىڭ يۈز سارى،
ھەر مەلاھەت ئەھلى تۆككەچ گۆلگە شەبنەم، ئەي كۆڭۆل.

بىر پەرىكىم ئاچتى بىر دىۋانەنىڭ قەسدىدىغە زۇلف،
ئەيلەدىڭ زەنجىرىنى بويىنۇمغە مەھكەم، ئەي كۆڭۆل.

ئۆتكەن ئۆتتى، بارى، ئەمدى ئەيلە بۇ پەندىم قەبۇل،
كىم يانا قىلما ھەۋايى جىنسى ئادەم، ئەي كۆڭۆل.

نى ئۆچۈن سېۋدىڭ بىراۋنى چۇن قېرىدىڭ، ئەت تەركى ئىشق،
بەس، نەۋائى ئۆزرىنى تۇتقىل مۇسەللەم، ئەي كۆڭۆل.

جانىمدەكى «جىم» ئىككى دالىڭغە فىدا،
ئاندىن سوڭ «ئەلف»ئارا ئىھالىڭغە فىدا.
«نۇن» دەغى ئەنبەرى ھىلالىڭغە فىدا،
قالغان ئىككى نۇقتە ئىككى خالىڭغە فىدا.

*　　*

لەئلىدىن جانىمغە ئوتلار ياقىلۇر،
قاشى قەددىمىنى جەفادىن يا قىلۇر؛
مەن ۋەفاسى ۋەئدەسىدىن شاد مەن،
ئول ۋەفا، بىلمەككى، قىلماس يا قىلۇر.

*　　*

گەر ئاشىق ئىسەڭ مېھر ۋەفا قىلما ھەۋەس،
دەرد ئىستە ۋە دەردىغە دەۋا قىلما ھەۋەس؛
ھىجران ۋىسالى مۇتلەقا قىلما ھەۋەس،
دىلدارىڭدىن غەيرىي رىزا قىلما ھەۋەس.

*　　*

غۇربەتدە غەرب شادمان ئولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا رەفىق مېھرىبان ئولماس ئىمىش؛
ئالتۇن قەفەس ئىچى - تاشى گۆل بولسا،
بۇلبۇلغە تىكەندەك ئاشيان ئولماس ئىمىش.

*　　*

زاھىد ساڭا ھۆر، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسا، ماڭا مەيخانە كېرەك.
مەيخانە ئارا ساقىي پەيمانە كېرەك،
پەيمانە تولۇپ ئاشسا ماڭا بەنە كېرەك.

www.uyghurkitap.com



## يازغۇچىلار نەشرىياتى تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلماقچى

## باش شۇجى جياڭ زېمىن سۆيۈنگەن ھالدا بۇ توپلامنىڭ «ھايات مەشئىلى» دېگەن ئىسمىنى يېزىپ بەردى

يازغۇچىلار نەشرىياتى 1991- يىلى 9- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر شائىرى تۆمۈر داۋامەتنىڭ «ھايات مەشئىلى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ، ئۇنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىقىغا سوۋغا قىلماقچى.

تۆمۈر داۋامەت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى. ئۇ ياش چاغلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قاتتىق ئىشتىياق باغلاپ، خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان ۋە رەتلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناخشا تېكىستى ۋە قىسقا شېئىرلارنى يازغان. 60- يىللاردىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن بۇيان ئۇ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى باشتىن - ئاياغ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ، گۈزەل ۋەتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى. 1961- يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن ئىككى شېئىرلار توپلىمى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. يەنە بەزى ئەسەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەردە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. «ھايات مەشئىلى» دېگەن بۇ توپلامغا تۆمۈر داۋامەتنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىجاد قىلغان مۇھىم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ، شائىرنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىسىنى بىر قەدەر تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە ئىجادىيەت ماھارىتىنىڭ ئۆسۈش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

1991- يىلى 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ئاخشىمى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن بۇ شېئىرلارنى كۆرۈپ چىقىپ، سۆيۈنگەن ھالدا بۇ كىتابنىڭ «ھايات مەشئىلى» دېگەن ئىسمىنى يېزىپ بەردى. يولداش تۆمۈر داۋامەت 7- ئاينىڭ 5- كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى شىنخۇاشې مۇخبىرى بىلەن نەشرىيات رەھبەرلىرىگە

ھاياجان بىلەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تۇنجى قېتىم بىر بەدىئىي ئەسەرگە كىتاب ئىسمىنى يېزىپ بېرىشى مېنىڭلا شان-شەرىپىم بولۇپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شان-شەرىپى. بۇ، راۋرۇس تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش.

(بۇ خەۋەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1991-يىل 13-ئىيۇلدىكى سانىدىن ئېلىندى)

## تۇرپاندا جۇڭگو تۇرپان قەلەمكەشلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە 1991-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە تۇرپاندا جۇڭگو تۇرپان قەلەمكەشلەر يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، جۇاڭزۇ، چاۋشيەنزۇ، داغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت يازغۇچى، شائىرلىرى، ئەدەبىي تەرجىمان، مۇھەررىرلەردىن بولۇپ 80 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى چېن خۇاڭمېي، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى دىڭ يۈمى، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات سارىيىنىڭ باشلىقى، ئاتاقلىق يازغۇچى لى جۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش كاتىپى سەيپۇل يۈسۈپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلا رېھىم قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مۇھەممەت شانىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلا رېھىم ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت قەلەمكەشلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ جۇغراپىيىۋى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى. ئارقىدىنلا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسەتتى

نامىدىن يولداش سەيپۇل يۈسۈپ سۆز قىلدى. ئۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاخىرىدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ياڭ جىڭرېننىڭ يىغىنغا بېغىشلاپ يېزىپ بەرگەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى» دېگەن بېغىشلىمىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

ۋەكىللەر يىغىن جەريانىدا يارغۇل، ئېدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ۋە بۇيلۇق ساياھەت ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى. ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن چىن خۇاڭمېي، دىڭ يۈەي، لى جۈن قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچى، نەزەرىيىچىلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يولداش مەھەممەت شاۋۇدۇن سۆز قىلىپ، يىغىن جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى خۇلاسىلىدى ھەمدە يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا زور شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، شۇنداقلا كەڭ يىغىن قاتناشچىلىرى نامىدىن تەشەككۈر بىلدۈردى.

بۇ يىغىن ھەرمىللەت يازغۇچى، شائىرلىرى، ئەدەبىي تەرجىمانلىرى ۋە مۇھەررىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش يىغىنى بولدى.

## مايتاغدا ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئېچىلدى

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1991 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە مايتاغ رايونىدا نېفىتلىك قەلەمكەشلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا قاراماي ۋە مايتاغ رايونىدىكى قەلەمكەشلەردىن 25 نەپەر كىشى قاتناشتى. كۇرستا كەسپىي يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، شائىر ئارسلان، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر مەتتىمىن بارى، ئەدەبىي ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار كۇرسانتلارغا ھەرخىل تېمىلار بويىچە لېكسىيە بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەر ئۆزگەرتىشىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. 20 كۈنلۈك كۇرس جەريانىدا 30 پارچىگە يېقىن ھېكايە، پوۋېست، ئەدەبىي ئوبزور ۋە نەسىر، 40 پارچىگە يېقىن شېئىر تاللاپ چىقىلدى.

مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمايىل توختى كۇرسنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، كۇرسنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە كۇرسانتلارنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

ئۆز مۇخبىرىمىز

مەمتىمىن باقى



# مىراس

(ھېكايە)

— بۇنداق غۇربەتچىلىكتىن تويدۇم، باشقىلار ئۈچ ۋاقلىققا ئاق ئاش، گۆش يەپ كېكىرىپ يۈرىدۇ، بىز بولساق قۇناق ئېشىغىمۇ تويمايۋاتىمىز، بۇنداق ئاشنى ئىت ئىچسۇن!

ياسىن ئالدىدىكى ئوماچ ئۇسۇلغان قاچىسىنى زەردە بىلەن ئىشىك تەرەپكە تاشلىۋەتتى.

— ئاكا، قاق ناشتىدا نېمىشقا سەپرالىق قىلىسەن؟ رىسقى - نېسىۋىمىز مۇشۇنچىلىك بولغاندىكىن، بىزگە نېمە ئىلاج بار؟ قۇناق ئېشى بولسىمۇ، خۇدايىم بەرگەن نېمەت بۇ. بولدى، ئاچچىقىڭغا ھاي بېرىپ، ئېشىڭنى ئىچىۋال!

كىچىك ئوغۇل توختى يەنە بىر قاچىغا ئوماچ ئۇسۇپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئولۇغ - كىچىك تىنىپ كاڭ لېۋىدە ئولتۇردى. ئۆي ئىچىنى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق باستى.

ياردىڭلىق بويىغا جايلاشقان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. تام - تورۇسلار ئىسلىشىپ قارىيىپ كەتكەن، تورۇستىن قومۇش پۆپەكلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. تاملارغا قېقىلغان ئۇزۇن قوزۇقلارغا جۇۋا، كونا چاپان، ئارغامچا - توقۇناقلار ئېسىپ قويۇلغانىدى. كاڭ ئۈستىدىكى يىرتىق قارا كىگىزلەرنىمۇ بىر قەۋەت توپا باسقانىدى. ماكچىيىپ كەتكەن ساندۇق ئۈستىگە قالايمىقان تىزىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپە ۋە تەكيىلەر ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. پەقەت بوسۇغا تۈۋىدە قاتار قويۇلغان ئۈچ كەتمەنلا ھەم يوغان، ھەم يېڭى بولۇپ، بىسى پارقىراپ تۇراتتى.

سەكسەن ياشتىن ئاشقان قاسىماخۇن

www.uyghurkitap.com

ئاشقىمۇ قارىماي خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇ-
راتتى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇچ-
تەك ئاقارغان، يۈزىنى تەلىم - تەلىم قو-
رۇقلار باسقان بولسىمۇ، لېكىن خېلىلا
تېمەن كۆرۈنەتتى.

قاسىماخۇن قاتتىق خورسىندى. ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسى بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. قاسىماخۇن ئوغۇللىرىنى ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىستۇرماسلىق ئۈچۈن ئون نەچچە يىل بويتاقلىق ئازابىنى تارتتى. ئۇنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا ئوغۇللىرىنى تېخىچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشقا قادىر بولالمايۋاتاتتى.

بۇ مەھەللە تەكلىماكان بويىدىكى شورلۇق ئىچىگە جايلاشقانىدى. بىر زامانلاردا بۇ يەر باغۇ - بوستانلىق يۇرت ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا مەھەللىنى نەس باستى. مەھەللىنىڭ باش تەرىپىگە ئىنتايىن چوڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلدى. دەسلەپكى يىللىرى سۇ ئامبىرى جانغا ئەسقاتقاندەك بولۇپ، دېھقانلارنى خۇش قىلغانىدى. كېيىنرەك يەر ئاستى سۈيى ئۆرلەپ، زەي ۋە شور يامراشقا باشلىدى. باراقسان بولۇپ ئۆسكەن ئۈجمە، ئۆرۈك، تېرەكلەر بىر - بىرلەپ قۇرۇپ كەتتى. ئېتىزلارنى بىر قەۋەت ئاپئاق شور بېسىپ، چاچقان ئۇرۇقنى يىغقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ، زەي ۋە شور ئاپىتى بۇ مەھەللىدە ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. يىلمۇ يىل چوڭقۇرلىشىپ چېپىلغان زەيكەشلەر كارغا يارىماي قالدى. ياز بويىي قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان باغلار نابۇت بولۇپ، تاقىر شورلۇققا ئايلاندى. ئۆيلەر ئەتمياز كىرە - كىرمەيلا غولاپ چۈشەتتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت مەھەللىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، دېھقانلارنى باش نەرەپكە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. ئاپەت دەستىدىن نامراتلاشقان دېھقانلار شور ۋە زەيىنى قارغاپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەھەللىسىدىن كۆچۈپ كەتتى.

ياسىنىنىڭ كەتكۈسى بار ئىدى. بىراق قاسىماخۇن ئوغۇللىرىنىڭ تەلپىگە زادىلا قوشۇلمىدى، ئۇ كۆچۈپ كېتىش توغرىسىدا گەپ ئېچىلسىلا:

— بالام، يېشىم سەكسەندىن ئېشىپ، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆزۈم يۇمۇلسا، رەھمەتلىك ئاناڭنىڭ يېنىدا ياتاي دەيمەن. ئاشۇ رەھمەتلىكنىڭ تۇپراق بېشىنى يالغۇز تاشلاپ نەگىمۇ بارارمەن؟ كونىلارنىڭ بەندە ئۆلمەس، رىسقى تۈگىمەس دېگەن گېپى بار. بىر مەزگىل چىداپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن كۆچۈپ كەتسەڭلەر، مەن سىلەردىن ئىككى دۇنيا رازى، — دەيتتى. چۆل خەلقىدە ئاتا رازى، ئانا رازى، خۇدا رازى، دېگەن ئەقىدە بار. ئىككى ئوغۇل جاپا تارتسىمۇ دادىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، مەھەللىدە تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدى.

شۇ تاپتا ياسىنىنىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ قايناپ سۆزلەۋاتاتتى.

— دادا، نەچچە يىلنىڭياغى سىزغان سىزنىڭدىن چىقماي ياشاپ كەلدۇق، مانا ئۆزۈڭ بىلسەن، ئاكا - ئۇكا ھېچقايسىمىزنىڭ ھورۇنلۇق قىلغان يېرىمىز يوق. بۇلتۇر ئالغان ھوسۇلىمىز يېگىملىمۇ يەتمىدى. قىشتىن بېرى ئاكا - ئىنى ئىككىمىز چوچۇكبۇيا كولاپ ساتتۇق، لېكىن تاپقان پۇلىمىز گالدىن ئاشمىدى.

تۈنۈگۈن كادىرلار كېلىپ، ئەمدى چۆ-
چەكبۇيا كولاشقا رۇخسەت يوق، خىلاپلىق
قىلساڭلار جەرىمانە ئالىمىز، دېدى. پۇل
تاپقىلى بولمىدىغان بۇ يولمۇ ئېتىلىپ
قالدى. ئەمدى ئامال تاپماي
ئولتۇرۇۋەرسەك بۇ شورلۇقتا كەسلەنچۈك،
پاقىدىن باشقا بىر نېمە يوق - تە،
ھەي... بالدۇر كۆچۈپ كەتكەنلەرنىڭ تۇر-
مۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى. مانا قادىرئا-
خۇن ئاكاملار ئارا تامغا كۆچۈپ بېرىپ،
ئىككى يىل بولمايلا قالتىس بېيىپ كې-
تىپتۇ. بىر تراكتورمۇ سېتىۋاپتۇ. بول-
مىسا ئۇ ئادەمنىڭمۇ بىزدەك ئىككى ئوغلى
بار. ئەمگەككە كەلگەندە ئۇلاردىن قېپقال-
غۇدەك يېرىمىز يوق. كۆردۈڭمۇ، بىزمۇ
شۇلارنىڭ قاتارىدىن قالماي كۆچۈپ كەت-
كەن بولساق مۇنداق قىيىنىلىپ يۈرمىگەن
بولاتتۇق. ھەي، دادا. بىزغۇ ياش، تاش
يېسەكمۇ سىڭىپ كېتىدۇ، لېكىن ساڭا
ئېچىم ئاغرىيدۇ. قېرىغان ۋاقتىڭدا سېنى
ئاق ئاش، گۆش بىلەن باقالىساق، بىزنى
ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ بۇگۈن گەپنى
ئۈزۈۋەت، مەن بۇ مەھەللىدە ئەمدى
تۇرمايمەن.

دادا ساقىلىنى تۇتاملاپ، داستىخان-
غا تىكىلگىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.
كۆپكۆك قان تومۇرلىرى بۆرتۈپ تۇرغان
ئۇرۇق قوللىرى يەڭگىل تىترەيتتى.

— بالام، — دېدى قاسىماخۇن مېھرى
بىلەن ياسىنغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — گېپىڭ
توغرا، بۇ يەردە يالغۇز تۇرۇۋەرسەكمۇ
ياخشى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ماقۇل،
ئەمدى مەنمۇ سېنىڭ گېپىڭگە كىرمىسەم
بولمىدى. بىزمۇ ئارا تامغا كۆچەيلى. ھەپتە-
ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىپ ئاپاڭنىڭ
تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرارمەن.

— ياشاللا، دادا، بەكمۇ ياخشى گەپ
قىلدىڭ، ئەمدى ئارقىمىزغا سوزماي ئەتىلا
كۆچۈپ كېتەيلى، مەن بۈگۈن ئاراتامغا
بېرىپ كەنت كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ
كېلەي.

قاسىماخۇن چوڭ ئوغلىنىڭ سۆزىنى
بۆلۈۋەتتى:

— ياق، سەن ئۆيدە قال، سەن
بارساڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئىشنى بۇ-
زۇپ قويىسەن. ئۆزۈم باراي.

قادىرئاخۇن ئېگىز بويلۇق، بومبا
ساقال، ئىلمەك بۇرۇن ئادەم ئىدى. ئۇ
ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا ئولتۇ-
رۇپ، بىر يىمەك خورجۇننى ئۆرۈپ - چۆ-
رۇپ كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قادىرئاخۇن،
تېنىچ - ئامان تۇرۇۋاتامسىلا؟

قادىرئاخۇن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇل-
دى، قاسىماخۇننى كۆرۈپ مىس رەڭگىدە-
كى چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدى-
كى خورجۇننى سۇپىغا تاشلىۋېتىپ، ئال-
دىراپ سالام قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قاسىماخۇن،
ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇرۇۋاتامسىلا؟

ئىككى بوۋاي قول سىقىشىپ كۆرۈ-
شۈپ، ساقال سىيپاشتى.

— ھە، قاسىماخۇن، بىزنىڭ مەھەللى-
گە قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ... ئۆيگە
كىرسىلى، ئۆيگە.

— بولدى... ئۆيگە كىرمەيلى. مۇشۇ
يەردە ئاپتاپ سىنىغاچ بىر دەم ئولتۇراي.
بىزمۇ ئاراتامغا كۆچۈپ كېلىشكە تەمشى-
لىۋاتىمىز. ۋۇي، بۇ خورجۇن ئۆز ۋاق-

تىمدىكىدەكلا يېڭى تۇرۇپتۇغۇ. مانا بىز قېرىپ كەتتۇق. خۇرجۇن بولسا ھېچنېمە بولماپتۇ. ھەي...

قاسىماخۇن سۆزلەۋېتىپ، سۇپا ئۈستىدىكى خۇرجۇننى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. قادىرئاخۇننىڭ نېمىشقىدۇر چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ئىككى بوۋاي سۇپا لېۋىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشتى. قاسىماخۇن خۇرجۇننى تېخىچە ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈۋاتاتتى. قادىرئاخۇن يانچۇقىدىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، بىر چېكىم ناسۋالنى تىلىنىڭ ئاستىغا باستى.

— ئۆز ۋاقتىدا بىللە كۆچۈپ كېتەيلى دېسەك ئۇنىماي تۇرۇۋالدىلا، ھازىر كۆچۈپ كەلسىلىمۇ كېچىكمەيلا، قەيەردىن ماكان تۇتۇشنى ئويلاۋاتىلا؟

— قادىرئاخۇن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ۋەج ـ دۇنيانىڭ گېپىنى قىلسام، قاچقۇن ئەسكەرلەر بۇلاپ كەتتى، دېمىگەنىدىلە؟ ئەجەب بۇ خۇرجۇن ئۆزلىرىدە قاپتۇغۇ، گەپلىرى يالغانىكەن جۇمۇ، — دېدى قاسىماخۇن قادىرئاخۇنغا چەكچىيىپ قاراپ.

— قاسىماخۇن، بۇ ئەتراپتىكى يەرلەر ياخشى ئەمەسكەن، بىز دەسلەپ كەلگەندە تېگى ـ تەكتىنى ئۇقالماي مۇشۇنداق ئەسكى يەرگە ماكانلىشىپ قاپتىمىز. كەنت كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەھەللىمىنىڭ باش تەرىپىدىن يەر ئالسىلا، ئۇ يەرلەرنىڭ سۈيى يېقىن، يەرلىرى چىلان توپىلىق. باغ ـ ۋاران قىلسىلا ئىككى ـ ئۈچ يىلغا بارماي مېۋىسىگە ئېغىز تەگكۈزەلەيلا.

قاسىماخۇن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، قادىرئاخۇننى جەينىكى بىلەن يەڭگىل تۈرتتى.

— قادىرئاخۇن، گەپنى شاخلىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، گوللايدىغانغا مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئەمدى ماۋۇ خۇرجۇننىڭ ئىچىدىكى ئېرىغ مالنىڭ گېپىنى قىلايلى. بۇنى ئۆز زامانىسىدا ئىككىمىز بىللە تېپىۋالغان. كېيىن سىلى تېنىۋالدىلا. ئەمدى خۇرجۇن چىقىپ قالدى، تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر دېگەن گەپ بار. شۇڭا ماڭا تېگىشلىك مالنى چىرايلىق ئالدىمغا قويسىلا، مەن ئاز بەردى، يەنە ئالىمەن دەپ دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن. خۇرجۇننى كۆرمىگەن بولسام مەيلىدى، ئەمدى سىلىدىن ھەققىمنى ئالغىنىم ئالغان!

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىلا قاسىماخۇن، — دېدى قادىرئاخۇن ئاغزىدىكى ناسۋالنى شارتتىدە تۈكۈرۈۋېتىپ، — بۇ خۇرجۇننى ئۆتكەن بازار كۈنى نەق قىرىق كوي ساناپ بېرىپ ئالدىم. سىلىنىڭ ئىشەنمەيمەن دېگەنلىرىدىن پەرۋايىم پەلەك، سىلى ئېغىزغا ئالغان خۇرجۇننى شۇ ۋاقىتتا قاچقۇن ئەسكەرلەر بۇلاپ كەتكىنى راست. ئىشەنمىسىلە نان دەسسەپ، قەسەم قىلىپ بېرەي.

— قادىرئاخۇن، بىز مۇسۇلمان بەندە، قەسەمنىڭ گېپىنى ئېغىزغا ئالمىسىلا. بۇ دەل بىز تېپىۋالغان خۇرجۇننىڭ ئۆزى شۇ. مەن ئىزمىسىنى يېشەلمىگەندە سىلە پىچاق بىلەن كەسكەن جاي مانا مەن دەپ تۇرامدۇ؟ بازاردىن ئالدىم دېگەن گەپلىرى قىپقىزىل يالغان. سىلىنىڭ ناسىر زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ـ چىققانلىرىنى نەچچە قېتىم كۆرگەنمەن، ئۆز ۋاقتىدا سىلىنى ھېچكىم بۇلاپ كەتمىگەنلىكى بوگۈن

ئوپئوچۇق بولدى. چىرايلىق يۇتۇشەمدۇق ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بارامدۇق؟ مېنىڭمۇ ئاشۇ مال - دۇنيانى ھۆكۈمەتكىلا ئۆتكۈزۈۋەتكۈم بار.

— قاسىماخۇن، مەندىن ئالتۇن - كۈمۈش ئالىمەن دەپ چۆچۈرىنى خام سانىمىسىلا، — دەپ ھۆرپەيدى قادىر ئاخۇن، — گېپىم گەپ، ھۆكۈمەتكە بېرىدىغان ھېچنېمە يوق. مەندىن ئالىمەن دېسە، مانا ئىسسىق جان بار.

قاسىماخۇن ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— مېنىڭ ھەققىم سىلىدە قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن. نېمىلا بولسا، ئىككىمىز چىرايلىقچە يۇتۇشۇپ قالايلى. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

قاسىماخۇن سۆزىنى تۈگىتىپلا ھاسىسىنى تاكۇلدىتىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

قادىرئاخۇن شۇ تاپتا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاققان قوزۇقتەك جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. بۈگۈن ئەقلىم گەجگەمگە ئۆتۈپ قالغاندەك ئىش قىلغىنىمنى قارىمامدىغان، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ساندۇقتا بىر ئوبدان تۇرغان خۇرجۇننى نېمىشقىمۇ ئاپتاپقا سالغاندىمەن؟! ھەي ... كېپىنى تىزىدىن ئاشمىغۇر بۇ ئۇششۇقنىڭ خۇرجۇننى كۆرۈپ قالغىنى بەك يامان بولدى. ئەمدى بۇ پېشكەلچىلىكتىن قانداق قۇتۇلارمەن؟

1933 - يىلىنىڭ كەچكۈز مەزگىلى، تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان بۇ يۇرت ئۇرۇش يېغىلىقى ئىچىدە قالدى. زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەيتتى، مىلتىق - پىلىموتلار قوماچ قورۇغاندەك پاراسلايتتى. شىلىك شىمەي ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن گەنسۇدىن كەلگەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قاتتىق تۇتۇشۇپ قالغانىدى. يۇقىرىلار ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قاچاق ئەسكەرلەر يول بويى يۇقىرىلارنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش تەلەپ قىلاتتى، خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلاتتى، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى بۇلايتتى. ياش يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇش قايناۋى ئىچىگە ھەيدەيتتى. شۇ كۈنلەردە قادىرئاخۇن بىلەن قاسىماخۇن ئۆزلىرى يىللىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان باينىڭ ئۆيىدىن قاچتى، ئالاھەزەل بىر ھەپتە ئۆتكەندە تارىم دەرياسى بويىدىكى توغراقلىققا يېتىپ باردى. كىم بىلسۇن، بۇ يەرگىمۇ يېغىلىقنىڭ قەدىمى يەتكەنىدى. قاچقۇن ئەسكەرلەر ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولاتتى - دە، توغرا كەلگەن ئادەمنى نەيزىلەپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلايتتى. ئىككىيلەن قويۇق چاتقاللىقلار ئارىسىدا قېچىپ يۈرۈپ، جىق مۇشكۈلچىلىكلەرگە ئۇچرىدى.

ئىككىيلەنگە بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا توغراقلىق ئىچىدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئات ئۇچراپ قالدى. ئاتنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرى تولۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىدە غانجۇغىلانغان بىر يىپەك خۇرجۇنمۇ بار ئىدى. ئۇلار دەماللىققا ئاتقا يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي يېرىم كۈنگىچە چاتقاللىقتا مۆكۈنۈپ ياتتى. ئاخىرى تەۋەككۈل دەپ ئاتنىڭ ئۆلۈكىگە يېقىنلاشتى. خۇرجۇن بەكمۇ ئېغىر

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇلار خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرىنى يەشتى. خۇرجۇندا يەيدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا لىق قاچىلانغان ئالتۇن ـ كۆمۈش، يامبۇلارنى كۆرگەندە، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك پارقىراپ كەتتى.

ئۇلار خۇرجۇننى بىر توپ يالغۇز توغراق تۈۋىدىكى قۇم دۆۋىسىگە كۆمدى ۋە جاھان تىنچىغاندا ئېچىۋېلىشىپ تەڭ بۆلۈشمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆلگەن ئاتنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئاتنى سويۇپ، گۆشىنى كۆتۈرەلىگىنىچە كېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قۇم دۆۋىسى يېنىغا قايتىپ كېلىشتى، ئوت قالاپ كاۋاپ پىشۇرۇپ، قورساقلىرىنى تويغۇزدى، ئۇلار ئىككىسى ئۈچ كۈنگىچە كاۋاپ يەپ يۈرۈشتى، بىراق ھەر كۈنى ئات گۆشى يەۋېرىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەگدى. ئاخىرى يېقىنراق بىرەر مەھەللىگە بارماقچى بولۇشتى.

ئىككىيلەن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بەش ـ ئالتە تۈتۈنلۈك كىچىك بىر مەھەللىگە يېتىپ كېلىشتى. ئەڭ چەتتىكى ھويلىغا كىرىپ، ئۇسسۇزلۇق سورىدى. ئۆي ئىگىسى كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىت تالىۋەتكەندەك جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن، ئاچلىقتىن مەڭىز سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئىككى مۇساپىرغا ئىچ ئاغرىتىپ، قېتىق ۋە نان ئەپچىقىپ بەردى. ئۇلار داستىخاندىكى نەرسىلەرنى يەپ بولاي دېگەندە، مەھەللە ئىچىدە مىلتىق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. كىملەردۇر ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى، ھەرقايسى ھويلىلاردىن قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى، ئىتلار قاۋاپ، توخۇلار قاقاقلىدىشىپ، مەھەللە پاتىپاراقچىلىققا چۆمدى.

— بولۇڭلار قېچىڭلار، قېچىڭلار ... يەنە بۇلاڭچىلار كەپتۇ، — دېدى ئۆي ئىگىسى كوچىغا قاراپ بېقىپ، — قوناقلىققا مۆكۈڭلار. يائاللا، بۇ بۇلاڭچىلار بىزنى ئارامخۇدا كۈن ئالغىلى قويمايدىغان بولدى...

قادىرئاخۇن بىلەن قاسىماخۇن پاكار ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قوناقلىققا قاراپ قاچتى، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆلۈم تەھلىكىسى ئۇلارنى ھەدەپ قېچىشقا زورلايتتى. ئىككىيلەن قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. قاسىماخۇن خام قوناق يەپ جان باقتى، ئۈچ كۈندىن كېيىن، تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆزلىرى خۇرجۇننى كۆمگەن قۇم دۆۋىسىگە كەلدى. ئۇ خۇرجۇن كۆمۈلگەن جاينى كولاپ باقتى. خۇرجۇن يوقالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، قادىرئاخۇننىڭ يالىڭاياق ئىزلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. نېمىلا بولمىسۇن، خۇرجۇننى قادىرئاخۇن ئەپكەتكەن چېغى!

ئۇ توغراقلىق ئىچىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە تاسادىپىي قادىرئاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ۋاي، ئاداش، مېنى خۇدا ئۇردى. مەن سىلىنى تاپالماي خۇرجۇننى كولاپ ئېلىپ، يۈدۈپ كېتىپ بارسام... ئاتلىق ئىككى بۇلاڭچى ئۇچراپ قالدى. قاچقانىدىم، قوغلاپ يېتىشىۋالدى، ئاخىرى خۇرجۇننى تاشلاپ بېرىپ، جېنىمنى ساقلاپ قالدىم... ھەي، ئاشۇ مال ـ دۇنيانى خۇدا بىزگە نېسىپ قىلمىغانىكەن

ئەمەسمۇ، ئەمدى قانداق قىلارمىز...

قادىر ئاخۇن گەپ قىلمىۋاتقاندا، نېمىشقىدۇر قاسىماخۇننىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىيالمىدى.

— گېپىڭلار راست بولسا، بوپتۇ ئاداش. ئەسلىدىغۇ ئۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىزگە ھالال ئەمەستى. ناۋادا بۇلاڭچىلار بۇلاپ كەتمىگەن بولسا، ئۆزۈمگە تەگكىننى يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە قىلىۋېتەرمەن دەپ ئويلىۋىدىم. ئۆزىمىزنىڭ پېشانە تەرى بىلەن تاپقان نەرسە بولمىغاندىكىن ئۇنچە بەك ئىچ ئاغرىتىپ كەتكۈلۈك ئەمەس. ئايىغىمىزنى شامال ئۆتتۈشۈپ تۇرسىلا، ئىشلەپ جاننى باقارمىز.

ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. قاسىماخۇن بالىلىق بولۇپ، قەددى بادەك ئېگىلگەن بوۋايغا ئايلاندى.

يېزىلاردا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ھەممە ئادەم يەڭ شىمايلاپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قادىر ئاخۇن ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە مەھەللىدە پەيدا بولدى. يىللار ئۇنىمۇ مۈكچەيتىپ قويغانىدى. قىرىق يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئىككى دوست كۆرۈشكەندە ئۆزلىرىنى قايتىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك ھېس قىلىشتى. ئۆز ئارا تەن ساقلىقتىن تارتىپ بېشىدىن ئۆتكەن ھەرخىل ئىشلارغىچە سۆزلەشتى. ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان خۇرجۇن تېپىۋالغان سەرگۈزەشتىمۇ تىلغا ئېلىندى. مۇشۇ ھەقتە سۆز ئېچىلغاندا قادىر ئاخۇن نېمىشقىدۇر گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇناتتى. ياشلىق يىللىرىدىكى ئەسلىمىلەر سەھىپىسىنى ۋاراقلاۋاتقان قاسىماخۇن ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىۋالالمىدى. قادىر ئاخۇن بولسا ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچى، ماناس، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىنى ھېكايە قىلىپ قاسىماخۇننىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

بىراق قاسىماخۇن ئاشۇ يىغىلىق كۈنلىرىدە تاسادىپىي تېپىۋالغان بايلىقنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

بۈگۈن ھېلىقى يىپەك خۇرجۇننى تاسادىپىي ھالدا قادىر ئاخۇننىڭ قولىدا كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىكارغىلا ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇپ كەتمىگەن ئىكەن - دە! ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا نىيىتىنى بۇزۇپ، بۇ بايلىقنى يالغۇز ئۆزى ئىگىلىۋېلىش كويىغا چۈشكەنىكەن - دە! ھەي، قارا نىيەت بەندە، ئەمدى يۈز - خاتىرە قىلىپ ئولتۇرغىدەك ئىمكان قالمىدى. بۇ ئەسلىدىلا ھارام بايلىق ئىدى. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئالتۇن - كۈمۈشنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك. ھۆكۈمەت ئۇنى نېمىگىلا ئىشلەتسە مەيلى.

قاسىماخۇن ئارا تامغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. ياش سوتچى موللائەمەت بوۋاينىڭ ئەرز - شىكايىتىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ بوۋاي قېرىپ ئەقلىدىن ئازغانمۇ قانداق؟

سوتچى موللائەمەت تەمكىنلىك بىلەن قاسىماخۇندىن بىرمۇنچە گەپلەرنى ئاسماقچىلاپ سورىدى. بوۋاينىڭ سۆزلىرى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتكە خېلىلا يېقىن ئىدى.

— بالام، ئۆزلىرى مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتىملا، — دېدى قاسىماخۇن كۆزلىرىنى قىسىپ، — مەن سارالڭ - دەلدۈش

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، مېنى مەھەللىدىكى كادىرلار، قوشنىلار ھەممىسى بىلىدۇ. قادىر ئاخۇن ئىككىمىز راستىنلا بىر خۇرجۇن ئالتۇن - كۆمۈش تېپىۋالغان. ئىشەنمىسىلە كونا بازاردىكى ناسىر زەرگەردىن سوراپباقسىلا. قادىر ئاخۇن تېخى ئالدىنقى جۈمە كۈنى ئاشۇ زەرگەرگە ئالتۇن ساتتى. بۇنى مەن ناسىر زەرگەرنىڭ دۇكىنى يېنىدىكى ساتىراشخانىدا ساقال ئالدۇرۇۋېتىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھۆكۈمەت ئاشۇ بايلىقنى قادىر ئاخۇندىن ئېلىۋېلىپ، دېھقانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە مەن مىڭ مەرتەم رازى. بالام، بۇنىڭغا بىخەستەلىك قىلمىسىلا. مەن يەنە كېلىمەن. قاچانكى بۇ ئىش بېسىلىپ قالسا، مەن سىلىدىن چوڭراق كادىرنى ئىزدەپ تاپىمەن. ئەمما، بۇ ئىش ئۆزلىرىگە ئامانەت.

سوتچى موللا ئەمەت مەھكىمە باشلىقلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئارا تامغا كېلىپ قادىر ئاخۇن بىلەن سۆزلەشتى.

قادىر ئاخۇن خۇرجۇن ئاشكارىلىنىپ قالغان كۈندىن باشلاپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى.

موللا ئەمەت ئالتۇن - كۆمۈش قاچىلانغان يىپەك خۇرجۇن توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا ئىنجىقلاپ ياتقان قادىر ئاخۇن يىلان چېقىۋالغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دېدىلە؟ مەندە ئالتۇن - كۆمۈش بارمىكەن؟ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ بۇ ئاشۇ قاسىم دېگەن ئۇششۇقنىڭ تاپقان گېپىمدۇ؟ ھۆكۈمەت كادىرى دېگەن قاسىمدەك ساراڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، كىشىنى قارىلىسا قانداق بولىدۇ؟ ئىككىمىزنىڭ بىر خۇرجۇن ئالتۇن - كۆمۈش تېپىۋالغانلىقىمىز راست. لېكىن ئۇنى شۇ ۋاقىتتىلا قاچقۇن ئەسكەرلەر بۇلاپ كەتكەن. مەيدەمگە مىلتىقنى تەڭلەپ ئاتىمەن، دەپ تۇرسا، بەرمەي مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار؟ ھەممە ئادەمگە جان تاتلىق. خۇرجۇننىڭ گېپىمۇ... مەندە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر خۇرجۇن بار، ئۇنى مەن بازاردا پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قالغان ئادەمدىن قىرىق تىيىزا بېرىپ سېتىۋالغانمەن. راست، مەندە ھېچنېمە يوق. لازىم بولسا، مانا مۇشۇ قېرى جېنىم بار. مېنى سولاپ قويسىلارمۇ قورقمايمەن.

سوتچى موللا ئەمەت ئارا تامدىكى كادىرلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. گەرچە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز ۋاقتىدا ئىككىيلەننىڭ ئالتۇن - كۆمۈش تېپىۋالغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن قادىر ئاخۇننىڭ ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدىكەن.

سوتچى موللا ئەمەت قادىر ئاخۇننىڭ ئوغۇللىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، سىياسەت ۋە قانۇن ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، بايلىق ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن بالىلارنىڭ بۇ ئىشتىن قىلىچە خەۋەرسىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئىككى ئوغۇل ئالتۇن - كۆمۈش ماجىراسىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ بولۇشتى. سوتچى موللا ئەمەت ناسىر زەرگەر بىلەن خېلى كۆپ ھەپىلەشتى. زەرگەر دەسلەپتە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئەمدى ... ئەمدى راستىنى ئېيتسام بولمىدى، قادىرئاخۇن بىلەن ئارىمىزدا ئانچە چوڭ ئىشمۇ يوق. بۇ ئادەمنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئازراق ئېرىغ مېلى بارئىكەن ....— دېدى ناسىر زەرگەر دۇدۇقلاپ.

— قانچىلىك؟!

— مەن ... مەن بۇ ئادەمدىن ئىككى قېتىمدا سەككىز مىسقال ئۈچ فۇڭ ئالتۇننى ئەل نەرخىدە سېتىۋالدىم. باشقىسىنى ئۇقمايمەن.

— يەنىچۇ؟ قادىرئاخۇننىڭ يەنە باشقا ئالتۇنى يوقمىكەن؟ ئۇ يەتتە مىڭ كويغا تىراكتور ئالغاندا، سىلىگە قانچىلىك ئالتۇن ساتتى؟ دەل شۇ چاغدا سىلە قادىرئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇۋېتىپكەنلىغۇ؟

— ياق، ياق، مەن ... مەن بارى-يوق سەككىز مىسقال ئۈچ فۇڭ ئالتۇننىلا سېتىۋالدىم. باشقىلىرىدىن خەۋىرىم يوق ... مەن ...

سوتچى موللا ئەھەت ئۇنى ئوبدان ئويلىنىپ تولۇق، راستچىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىپ ئۆيىگە قايتۇردى.

بەلكىم بۇ دېلو داۋاملىق ئىشلەنسە ئېرىقى ئاققا، كۆكى كۆككە ئايرىلىپ، ھارام بايلىق ئاشكارىلانغانمۇ بولاتتى. بىراق، قادىرئاخۇننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى ئىشنى قاق بېلىدىن ئۈزۈپ قويدى.

نادىر بىلەن سادىر بازاردىن قايتىپ كەلگەندە، قادىر ئاخۇن يوتقانغا پۈركىنىپ، ئىڭراپ ياتاتتى. ئوغۇللار دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ، سەكپارە بولۇپ كېتىشتى. بوۋاي بىر دەم قىمىرسا، يەنە بىردەمدىلا پۇت - قولى مۇزلاپ، چىشلىرى كاسىلداپ، بەزگەكتەك تىترەپ بىئارام بولاتتى. نادىر دادىسىنى ناھىيە بازىرىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولۇۋىدى، قادىرئاخۇن زادىلا ئۇنىمىدى.

تاڭغا يېقىن قادىرئاخۇن ئۆزىگە ئەزرائىلنىڭ قارا چاڭگىلى سوزۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بۇ چاغدا سادىر بىر چەتتە كىيىمى بىلەنلا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، نادىر بولسا دادىسىنىڭ بېشىدا مۆگدەپ ئولتۇراتتى.

— بالام ... نا ... نادىراخۇن ...— دەپ ئىڭرىدى قادىرئاخۇن تىلىنى ئاران مىدىرلىتىپ.

— ھە، دادا، نېمە دەيلا؟ ئۇسسۇلۇق بېرەيمۇ؟

نادىر پىلىلداپ تۇرغان جىن چىراغنىڭ پىلىكىنى ئۇزۇن چىقىرىپ قويۇپ، دادىسىنىڭ بېشىغا ئېڭىشتى.

— بالام ... ئىنىڭنى ئويغات ... رىسقىم ... تۈ...گىگەن ئوخشايدۇ ... زادى بولالمايۋاتىمەن ... ئىككىڭلارغا تاپشۇرىدىغان ئامانىتىم ... بار ...

نادىر ئىرغىپ تۇرۇپ، تۆگۈلۈپ ياتقان سادىرنى تۇرتۇپ ئويغاتتى. ئاكا - ئۇكا قورقۇنچ، ئەندىشە ئىچىدە دادىسىغا يېقىنلاشتى.

— نادىر ... مانا ئاچقۇچ ... ساندۇقنى ئاچ ... خۇرجۇننى ئېلىپ چىق ...

نادىر ئالاقزادىلىك ئىچىدە دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ، تۆر تام تەرەپكە قويۇلغان كونا ساندۇقنى ئاچتى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ، دادىسىنىڭ باش تەرىپىگە قويدى.

— مانا ... باللىرىم ... بۇنى مەن ... سىلەرگە ... ئاتاپ ساقلىغانىدىم. ھەممىسىنى ساناپ ... ئايرىپ قويدۇم. چوڭ تۈگۈن نادىرنىڭ، كىچىك تۈگۈن سادىرنىڭ ... ئۇنىڭدا ئالتۇن جىقراق ... نادىر ... سېنى ئىككى قېتىم ئۆيلىدىم ... ئىنىڭنى ئۆيلەپ قويغىلى ئۈلگۈرەلمىدىم ... شۇڭا ئۇكاڭ جىقراق ئالسۇن ...

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭلار... قاسىم ئۇششۇقتىن ھەزەر ئەيلەڭلار... بۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى... شۇ ئۇششۇق بىلىدۇ... ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمەڭلار... ئۆيلەنسەڭلار... خوتۇنۇڭلارغا دەپ يۈرمەڭلار... خوتۇن كىشى سىرتقا يېيىۋېتىسە... بالاغا قالىسلەر... ھېچكىمگە... ھېچ...

تاڭ يورۇغاندا قادىر ئاخۇننىڭ نەپەسى توختاپ قالدى.

شۇ كۈنى مەھەللە جامائىتى يىغىلىپ، قادىر ئاخۇننى دەپنە قىلىشتى. مېيىت نامىزىغا قاسىماخۇنمۇ قاتناشقانىدى. يەرلىككە يەتتە كەتمەن تۇپا سېلىنىپ، جامائەت دۇئا - تەكبىر قىلىپ بولغاندا، نادىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جامائەت، مېنىڭ دادام قانداق ئادەم ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— رەھمەتلىك بەك ياخشى ئادەم ئىدى!

— ئىمانى كۈچلۈك، دۇرۇس مۇسۇلمان ئىدى!

جامائەت ئىچىدىن بىر قانچەيلەن گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتۈشتى. بىردىنلا قاسماخۇن بوۋايلارغا خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— جامائەت، يالغان گەپ قىلغان كىشىنى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ، رەھمەتلىك بۇ دۇنيادىن قەرزىنى ئادا قىلماي كەتتى. ئۆزى كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، ھارامنى ھالالدىن ئايرىمايدىغان ئادەم ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھەققىمدىن ۋاز كەچتىم. خۇدا ئۇنى گۆردە تىنچ ياتقىلى نېسىپ قىلسۇن! ئامىن!

— ھەي ئۇششۇق ئوغرى، مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادامنى نېمىشقا ھاقارەت قىلىسەن؟ ھۇ... سېنىڭ شۇنداق دېگەن ئاغزىڭغا! ئۆزۈڭ قانداق ئادەم!

نادىر دىۋەيلەپ كېلىپ قاسماخۇنغا ئېتىلدى. بۇ چاغدا ياسىن ئالىمقاچان يېڭىنى شىمايلاپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى.

— ھاي، ھاي! سەت بولىدۇ، ئۆلگەن ئادەمنى تىنچ ياتقىلى قويۇڭلار! ئۇرۇشماڭلار!

مەھەللىدىكى چوڭلار ئارىغا كىرىپ، بىر - بىرىنى يەۋەتكۈدەك دەرىجىدە ھۆرپىيىشىپ تۇرغان ئىككى يىگىتنى ئاجرىتىۋەتتى. دەپنە مۇراسىمى غەشلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

كۈن ئولتۇرۇشتىن سەل بۇرۇن چىمقىشقا باشلىغان شامال قاراڭغۇ چۈشكەندە دەھشەتلىك بورانغا ئايلاندى. بۇ يۇرتتا ھەر يىلى ئەتىيازپەسىلىدە مۇشۇنداق بوران چىقاتتى. بىر جاھان بوراننىڭ ئىلكىدە قاتتىق تاسقىلمۇۋاتقان چاغدا قادىر ئاخۇندىن قالغان ئۆي ئىچىدىمۇ يەنە بىر خىل بوران چىقىۋاتاتتى.

— ھەي، سادىر، سەپرايىمنى ئۆرلەتمە، — دەيتتى نادىر قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمىسەڭ بۇ ئالتۇن - كۈمۈشنى ھۆكۈمەتكىلا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا ماڭىمۇ، ساڭىمۇ يوق بولىدۇ.

— مەن ئۇنداق گەپلىرىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن، — دەيتتى سادىر ئاكىسىغا دىۋەيلەپ تۇرۇپ، — دادام كىچىك تۇغۇنچەكنى ماڭا بەرگەن، نېمىشقا ئۇنىڭدىن بەش زەخچىنى ئېلىۋالىسەن؟ ياخشىلىقچە بەرمىسەڭ قولۇمدىكى پىچاق سېنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. قارنىڭنى يېرىۋېتىپ ھۆكۈمەتكە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن. مېنى ئاتامدۇ، چاپامدۇ، ئۇ چاغدا پەرۋايىم پەلەك.

— ھەي قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن؟ دادامنىڭ نەزىرىگە كەتكەن نەرسە ئازمۇ؟

— مېنى بوزەك قىلىمەن دەپ خامخىيال قىلما، نەزىر - چىراغ دېگەنگە بەش

زىخچە ئالتۇننىڭ پۇلى كېتەمدۇ؟ ئاۋۋال تۆگۈنچەكنى ماڭا بەر. خوشۇم تۇتسا نەزىرگە كەتكەن چىقىمىغا لايىق بىر نەرسە بېرەمەن. بولمىسا سېنىڭ مەندە بىر سىنتىلىق ئېلىشىڭ يوق. تراكتورمۇ مېنىڭكى، دادام سېنى ئىككى قېتىم ئۆيلەپ ئاز پۇل خەجلىمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ سېنىڭ بۇزۇپ-چاچقان نەرسىلىرىڭ ئاز ئەمەس. مېنى بىلمەيدۇ دېمە!

ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرغاندا يەنە ئىككى جۇپ كۆز تۆگۈلۈكنىڭ گىرۋىكىدە يېتىۋېلىپ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. ئۆگزىدىكىلەر ياسىن بىلەن توختى بولۇپ، ئۇلار قاتتىق بوران چىقىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆگزىگە چىقىۋالغانىدى.

ياسىن ئىنىسى توختىنى يەڭگىل نوقۇپ قويۇپ، ئۆگزىدىن پەسكە چۈشۈشكە تەمشەلدى. توختىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆمىلەپ نېرى كەتتى. بۇ چاغدا بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ قاتتىق گۈركىرەشكە باشلىغانىدى.

قادىر ئاخۇننىڭ قوشنىسى باۋۇدۇن بۈگۈن ۋاقچە ئويغاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئېغىلدا ئاچلىقتىن مەرىشىپ تۇرغان قويلىرىنى باغقا قويۇۋەتتى. بۇ چاغدا بوران ئاللىقاچان توختىغانىدى. باغدا ئوتلاۋاتقان قوي-ئۆچكىلەر بىردىنلا ھۈركۈپ، دوكۇرلىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. باۋۇدۇن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، باغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى. ۋاي تىۋا! ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇ قوشنىسىنىڭ ئارقا تېمىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمىدى، ئىككى پۇتى مىخلاپ قويغاندەك مىدىر-سىدىر قىلالمىدى. قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا تېمى ئادەم بىمالال ئېگىشىپ كىرگۈدەك چوڭلۇقتا تېشىلگەن بولۇپ، كامارنىڭ ئالدىدا تۆت ئادەمنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى تۇراتتى.

باۋۇدۇن ئەس-ھوشىنى يىغدى-دە:

— ئادەم ئۆلدى! ئادەم ئۆلدى! — دەپ ۋارقىراپ باغدىن قېچىپ چىقتى.

ئۇزاق ئۆتمەي باغ ئىچى ئادەم بىلەن تولدى. كەنت كادىرلىرى يېزىلىق پەيچۇسوغا دېلونى مەلۇم قىلغىلى ئاتلىق ئادەم ماڭدۇردى.

خەلق ساقچىلىرى ئارا تامغا چۈش مەھەلدە يېتىپ كەلدى. نەق مەيدان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. قادىر ئاخۇننىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدىكى يوتقان-كۆرپىلەر قان بىلەن بويالغان بولۇپ، مىلىچلاپ كەتكەنىدى. كامار ئاغزىدا بولسا نادىر بىلەن ياسىن ئىككىسى قورسىقى يېرىپ تاشلانغان ھەم بىر-بىرىنى كانىيىدىن بوغۇشقان ھالدا جان بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچەي، قېرىنلىرى چۇۋۇلۇپ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سادىر بىلەن توختى بولسا ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنىڭ كۆكرىكىگە چوڭقۇر پاتۇرۇلغان پىچاق دەستىسىنى مەھكەم سىقىمداپ ياتاتتى. ئەتراپىدا چېچىلىپ تۇرغان ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەر سۇس پارقىراپ، سوغۇق نۇر چاچاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر    روزى مەھەمەت جۇمە

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئاھ، بىر جۈپ كۆز

(نەسر)

ئىنسان قەلبىدىكى ھارارەت بىلەن جۇتنى، يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنى، نەپىسلىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوقايلا سېزىۋالغىلى بولىدىكەن.

بىر دوستۇم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا سەنئەت ئۆمىكىدىكى بىر قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم. بۇ كۆزلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك ئىشقى-مۇھەببەت يالقۇنى لاۋۇلداۋاتاتتى. بۇ دوستۇمنىڭ قىزلارنى كۆرسە، تىلى كالدۇۋالىشىپ قالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭغا قىزغا خەت يېزىش تەكلىپىنى بەردىم. دوستۇمنىڭ «مەن سىزنىڭ شادلىقىڭىز، بەختىڭىز ۋە ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن گۈزەل ياشلىق باھارىمنى بېغىشلاشقا تەييارمەن» دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاياغلاشقان خېتى قىزنىڭ قولىغا ئاللىقاچان تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن قىز ئۇنىڭغا تا ھازىرغىچە جاۋاب بەرمەيۋاتاتتى. بۇ ھال دوستۇمنىڭ يۈرەك-باغرىنى تېخىمۇ پۇچىلىغىلى تۇردى. ئۇ بەزىدە ئەندىشە بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئاجىز نۇرلىرى پىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، تەگسىز خىياللارغا پېتىپ، ئۇزاق-ئۇزاقلارغىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ھەتتا بەزى كۈنلىرى مەست بولۇۋېلىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزارغىچە يىغلايتتى... ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار توي قىلىشتى. توي كۈنى دوستۇم بىلەن ئۇنىڭ ساھىبجامال نىگارىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سۆيگۈ، ئىشەنچ، شادلىق ۋە ۋاپادارلىق نۇرلىرىنى كۆرۈپ، ھاياتنىڭ شېرىن شەربىتىگە قانغاندەك ھوزۇرلاندىم، لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دوستۇمنىڭ كۆزلىرىدە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ھېلىقى سۆيگۈ گۈلخانى بىردىنلا ئۆچۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭ ئورنىنى سوغ تۈتەك قاپلىۋالدى. گۈزەل قىزنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرىدىنمۇ بۇرۇنقىدەك ئۈمىد ۋە شادلىق نۇرلىرى ئەمەس، بەلكى غەم-قايغۇ بىلەن ھەسرەت-نادامەتنىڭ ئاچچىق تامچىلىرى تۆكۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاڭلىسام، دوستۇم ئۇنى ئورۇنسىز كۈنلەپ، سەنئەت ئۆمىكىدىن چىقىرىۋالماقچى بولۇۋېتىپتۇ. دىل رىشتى سەنئەتكە چىڭ باغلانغان بۇ بىگۇناھ ئۇيغۇر قىزى بۇ ئېغىر ھاقارەت بىلەن ئورۇنسىز تەلەپنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن! چۈشەندىمكى، ئەسلىدە دوستۇم ئۆزىنىڭ قەلب بۇلىقىغا ئۆز قولى بىلەن تاشلىغان بىر سىقىم لاي ئۇنىڭ روشەن كۆزلىرىنىمۇ خىرەلەشتۈرۈپ قويغانىكەن. ئوتتۇن بىلەن كۆمۈر

كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، يورۇقلۇق بىلەن ئىسسىقلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلمىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئىنساننىڭ بىر جۈپ كۆزىدە لاۋۇلدىغان مۇھەببەت ئوتىنىڭ مۇنچىۋالا تېز ئۆچۈپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. يالقۇنى ئوتتۇن بىلەن كۆمۈردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇنداق كۆزلەردىن تەبىئەت بىر جۈپ كۆز ئاتا قىلمىغان كىشىلەردىكى گۈزەل ئەخلاقى ـ پەزىلەت بىلەن يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت تۈمەنمىڭ ھەسسە قىممەتلىك ئەمەسمۇ! چۈنكى ئۇلارنىڭ سەزگۈر، پاك قەلبى دۇنيادىكى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىكنى ئىككى كۆزى پارقىراپ تۇرىدىغان بەزى كىشىلەردىنمۇ ئېنىقراق پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىر جۈپ كۆزىنى نادانلىق بىلەن ئەقىلسىزلىقنىڭ قويۇق تۇمانلىرى توسۇۋېلىپ، يولدىن ئاداشقان ئىنسانغا بىلىم، پەزىلەت ۋە ئەقىل بىلەن قاناتلانغان قارىغۇ ئادەم ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئورۇنسىز گۇمان بىگۇناھ يۈرەككە سانجىلغان خەنجەرگە، مۇھەببەت گۈلىنى توزۇتىدىغان جۇدۇنغا، ئىشەنچ چىرىغىنى ئۆچۈرىدىغان قۇيۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئادەم دوزاخ ئازابىنى چېكىدۇ.

بىگۇناھ چوكاننىڭ ئاشۇنداق قاتتىق ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر جۈپ كۆزىنى نادانلىق بىلەن گۇمانخورلۇقنىڭ قېلىن پەردىلىرى توسۇۋالغان دوستۇمنى ئەيىبلىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى ھازىر يىراقنى كۆرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ياندىكى گۆھەر بىلەن تاشنىمۇ ئايرىيالمايدىغان، ئالتۇن بىلەن قۇمنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋالغان ھېلىقى قېلىن پەردىگە قول ئۇزاتتىم، لېكىن ئۇ ماڭا سوغۇق ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىقتەك قاداپ: «ئاداش، مېنى ئۇنچىۋالا كالۋا چاغلىمىغىن، جۇمۇ! خوتۇن كىشى دېگەننىڭ تەقدىرى ئەرنىڭ قولىدا بولامدۇ؟! ئەخلاقى بۇزۇلمىغان سەنئەتچىنى كۆرگەنمىدىڭ؟! بىلىپ قوي، ئۇنى سەنئەت ئۆمىكىدىن چىقىرىۋالمايدىغان بولسام، ئوغۇل بالا بولماي قالاي!» دېدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، كاللامدا خىلمۇ ـ خىل سوئاللار تۇغۇلدى: بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئىنتىلگەن گۈزەل نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قەدرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغاندۇ؟! گۇمانخورلۇق كېسىلى ئىنساننىڭ ئەقلىنىمۇ بۇلغىۋېتەمدىغاندۇ؟!

بۇ ياش ئەر ـ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى ئېچىنىشلىق ئۆزگىرىشلەر ماڭا ھاياتنىڭ مۇنۇ سىرلىرىنى يېشىپ بەردى: خورلۇق ياۋاش ئادەمنى قەھرىلىك، خۇش چاقچاق ئادەمنى دەردمەن، شېرىن تۇرمۇشنى تەمسىز ھەم ئازابلىق قىلىپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئىنسان ئۇنىڭ ئىلكىدە ياشاشنى خالىمايدۇ، لېكىن دۇنيادا خورلۇقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ توغرا يولىنى تاپالايدىغانلارمۇ، تاپالمايدىغانلارمۇ بار.

خورلانغان چوكاننىڭ بىر چاغلاردا يورۇق دۇنياغا ئۈمىد بىلەن باققان بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزى تاغ يېنىدا شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدىغان دەريانىڭ سۈزۈك تامچىلىرى ئارىسىدا مەڭگۈلۈككە يوقۇلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى

دوستۇمنىڭ قەلبىدىكى ئۆچۈپ قالغان ئوتلارنى قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چەكسىز ئېغىر ھەسرەت بىلەن پۇشايماننىڭ قايناق تامچىلىرى توختىماي ئاقىدىغان بىر جۈپ بۇلاققا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتى ئادەمنىڭ كۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىنىمۇ ئېچىشتۇراتتى. دەريا بويىدا مۈكچىيىپ تەنھا ئولتۇرغان دوستۇمنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى مېنى چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا سۆرەيتتى. بۇ قاينام مېنىڭ قەلب خەزىنەمگە تەپەككۇرنىڭ مۇنۇ جەۋھەرلىرىنى قاچىلاشقا باشلىدى: ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە ئۆركەشلەپ ئاقسا، بەزىدە تىپتىنچ ئاقىدۇ، بەزىدە سۈزۈك ئاقسا، بەزىدە لاي ئارىلاش ئاقىدۇ. ئورۇنسىز گۇمان ھاياتنىڭ ئېقىننى بۇلغاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. ھايات ۋاقتىدا بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن، بىر-بىرىسىگە گۇمانخورلۇق نەشتىرىنى سانجىپ ئۆتكەن ياشلار ھەسرەت بىلەن پۇشايماننىڭ چاڭگىلىدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ چاڭگالغا چۈشكەنلەرنىڭ كۆزىدىن شادلىق نۇرى ئۆچىدۇ. قەلبىدىن ئۈمىد يۇلتۇزى كۆچىدۇ.

گۇمانخورلۇق ئاپىتىنىڭ دەھشەتلىك زەبىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاجىز چوكاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى مېنىڭ كۆزلىرىمنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى. نىگارىمنىڭ مېھىر-شەپقەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئاھۇ كۆزىگە تويماي قارايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئەشۇ ئۆتكۈر نۇرلار قەلبىم باغلىرىنى گۈزەللىككە پۈركەپ، خۇش پۇراققا تولدۇرغان ئىدى. لېكىن مەن بەزىدە نادانلىق بىلەن ئەقىلسىزلىقنىڭ بورانلىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىنى قايغۇ تۇمانلىرىنىڭ ئاستىغا ئالاتتىم.

ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى تۈزۈكرەك كۆرمىگەن جاپاكەش نىگارىم، سېنىڭ كۆزلىرىڭدە بۇلاقنىڭ سۈزۈكلۈكى، قۇياشنىڭ تەپتى، يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشى، مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى بار ئەمەسمۇ؟! شۇڭلاشقا سېنىڭ كۆزلىرىڭنى مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىنىڭ قويۇق تۇمانلىرىمۇ، پىتنە-پاساتلارنىڭ تۈتەك پەردىلىرىمۇ، زوراۋانلار تارقاتقان مەنىۋى چاڭ-توزانلارمۇ، ھايات سەپىرىدىكى سورلۇك غارلار بىلەن قاراڭغۇ لەخمىلەرمۇ غۇۋالاشتۇرالمىدى، لېكىن كۆزلىرىڭدىن جاللاتلارنىڭ تاياق-توقماقلىرى چىقىرالمايدىغان ياشنى يېقىن كىشىلىرىڭنىڭ تۆھمىتى بىلەن ۋاپاسىزلىقى چىقاردى. شۇڭلاشقا مەن ئوغلۇمنىڭ خاتىرىسىگە مۇنداق جۈملىلەرنى يېزىپ قويدۇم: «بالام، دۈشمەننىڭ قانلىق قىلىچىدىن دوستۇڭنىڭ يوشۇرۇن سۈيىقەستى خەتەرلىك. ۋاپاسىز دوستنىڭ لېۋىدىكى ساختا كۈلكىدىن دۈشمەننىڭ كۆزىدىكى سوغۇق ئۇچقۇن قەدىرلىك.» دوستۇم، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدە نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ دەيسەن؟! چۈنكى ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان چەكلىك ھاياتىڭمۇ ئۆزىگە خاس تۆت پەسلى، كېچە-كۈندۈزى، ئىسسىق سوغۇقى، يورۇق ھەم قاراڭغۇسى، ئوچۇق ھەم بوران-چاپقۇنلۇق پەيتلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئاتا-ئانامنىڭ، ئۇستازلىرىمنىڭ، ۋاپادار دوستلىرىمنىڭ، نىگارىمنىڭ، پەرزەنتلىرىمنىڭ ۋە باشقا ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرى ھاياتىمنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلۇق، زۇلمەتلىك تۈنلىرىنى تولۇن ئايدەك، سان-ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك،

ئەجدادلار ياندۇرغان مەشئەلدەك يورۇتقانلىقىنى، ۋۇجۇدۇمنى گۈلخان كەبى يىلىتقانلىقىنى بىلەمسەن؟! ئەگەر بۇ دۇنيادا ئاشۇنداق كۆزلەر بولمىغان بولسا، قەلبىمدىكى گۈزەللىك گۈلىستانى بۈگۈنكىدەك ياشنىيالارمىدى؟!

رەھىمسىز ئەجەل مېھرىبان كىشىلىرىمنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئاللىقاچان مەڭگۈلۈك يۇمدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەشۇ كۆزلەر ئوچۇق ۋاقتىدا چاچقان يىلىق نۇرلار قەلبىمگە تا ھازىرغىچە تۆكۈلۈپ، گۈزەللىك بىخلىرىنى يېتىلدۈرمەكتە. يېڭىدىن تۆرەلگەن بۇ بىخلار مېنى زېمىن ئۈستىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇرۇقىنى داۋاملىق چېچىشقا دەۋەت قىلماقتا.

دوستۇم، بىزنىڭ كۆزلىرىمىزمۇ ھامان بىر كۈنى مەڭگۈ يۇمۇلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئەۋلادلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا گۈزەللىك ئۇرۇقى چېچىشقا ئالدىرايمەن. ئۆسمۈر باللار دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان يۇمران مايسىلارغا ئوخشايدۇ. يېتەرلىك پەرۋىشكە ھەم مۇھاپىزەتكە ئېرىشەلمىگەن مايسىلار ۋاقىتسىز سارغىيىپ ياكى چەيلىنىپ كېتىدۇ. پەرزەنتىنىڭ بەخت گۈلى توزۇسا ئىككى كۆزىدىن ياش ئاقمايدىغان، يۈرەك - باغرى قانغا تولمايدىغان ئاتا - ئانىلارمۇ بارمىدۇ؟!

مەن بىر قېتىم بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئىنسانىيەت دۇنياسىغا غايە مەشئىلىنى ئەمەس، بەلكى قاتىللىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن بۇ ياشنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى تەۋرەپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئىچىدىن كىمنىدۇر بىرسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم. توغرا، ئۇ بىرسىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن پەرزەنت ئوتىدا ئۆمۈر بويى پۇچىلىنىپ ئۆتكەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئىزدەۋاتاتتى. شۇئان توپ ئارىسىدىن ھەسرەتلىك بىر سادا كۆتۈرۈلدى. بۇ سادا ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ لەرزىگە سالماي قالمايتتى. بۇ سادا كىشىلىك دۇنياسىغا ئەمدىلا قەدەم تاشلىغان پەرزەنتىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن يۈرەك - باغرى قانغا تولغان دەردمەن ئانىنىڭ ھەسرەتلىك نالىسى ئىدى. ئانىنىڭ كۆزلىرىگە شۇ تاپتا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چاچلىرىنى يۇلاتتى، ياقىلىرىنى يىرتاتتى، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلايتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈم شۇ تاپتا بۇ بىتەلەي ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، قان قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

ھەي بىچارە ئانا! سەن ئۆز باغرىڭنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىڭنىڭ ئىككى قولى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ كۆكسىگە ئەجەل خەنجىرى سانجىيدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟! سېنىڭ كۆزلىرىڭنى، بەلكىم، چەكسىز كۆيۈمچانلىقىڭنىڭ قويۇق تۇمانلىرى توسۇۋېلىپ، ئوغلۇڭنىڭ قەلب ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان پاسكىنا چاڭ - توزانلارنى ساڭا كۆرسەتمىگەندۇ؟! كىم بىلىدۇ، سەن تېخى ئوغلۇڭنىڭ قولىدا يالتىراۋاتقان خەنجەرنى كۆرۈپ، ئۇنى جەسۇر بوۋىسىنى دورايدىغان ئوخشايدۇ دەپمۇ قالغانسەن؟! ئەگەر سەن ئوغلۇڭنىڭ قولىغا چىققان ئاشۇ خەنجەر مۆمىن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ھايات نۇرلىرىنى ئۆچۈرمەكچى

www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتقانلىقىنى بالدۇرراق تۇيغان بولساڭ، يۈرەك پارەڭنىڭ قىللىرىنى كۈمۈشتەك چاچلىرىڭ بىلەن بولسىمۇ باغلىۋالماسمىدىڭ؟! ئۆز بېشىغا بەختسىزلىك قۇشىنى قوندۇرۇپ، ئۆز قاچىسىغا ئۆزى زەھەر تاشلاپ، بۈگۈنكى پاجىئەنى تۇغدۇرغان ئوغلۇڭ پەرزەنتىنىڭ بېشىغا تەگكەن بىر تال چالما ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكىگە ئوق بولۇپ تېگىدىغانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟! ئۇنىڭ ساڭا تەلمۈرگەن كۆزلىرىگە شۇ تاپتا ئۆزى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلغان بەختسىز يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى چەككەن ھەسرەت - نادامەت دېڭىزىمۇ كۆرۈنۈۋاتامدىغاندۇ؟! ئۇ شۇ تاپتا كىشىلەرنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقان ئادەمنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنمىدۇ؟!

بەختسىز ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - پەريادى بىلەن ئەقىلسىز يىگىتنىڭ ئانىسىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى ماڭا ھاياتنىڭ مۇنۇ سىرلىرىنى يېشىپ بەرگەندەك بولدى: ئانا كۆڭلى ئاسماندىنمۇ كەڭ، شۇڭا ئۇ پەرزەنتىنىڭ ھەرقانداق سەۋەنلىكىنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ؛ ئانا قەلبى قۇياشتىنمۇ يىللىق، شۇڭا ئۇ پەرزەنتىنىڭ مۇزغا ئايلانغان يۈرىكىنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ؛ ئانا كۆڭلى قىلدىن نازۇك، شۇڭا ئۇ پەرزەنتىنىڭ تاغدىن ئېغىر قايغۇسىنى ھەرگىزمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

شۇ تاپتا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا رەھمەتلىك ئانام كېلىۋاتىدۇ. ئەنە، ئۇنىڭ قىزىرىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئەتراپىنى قېلىن قورۇقلار بېسىۋالغان كۆزلىرى ماڭا مۆلۈلدەپ تىكىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ كۆزلەردىن ئانامنىڭ ماھۇۋتەك يۇمشاق دىلىنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ دىلغا ئالەمچە مۇھەببەت يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمەن. دوستۇم، مېنىڭ ھاياتىم ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟! مېنىڭ كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرگەن ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى ئەمەسمۇ؟!

مەن ئۆيگە تاڭغا يېقىن قايتقان كۈنلىرى ئانامنىڭ كۆزلىرى ھەرگىزمۇ ئىلىنمەيتتى. مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن بىر جۈپ قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك بولاتتى. بۇ قۇياشلارغا باقسىلا، ئۈستۈمدىكى قايغۇ تاغلىرى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقاتقاندەك يەڭگىللەپ قالاتتىم. ئانامنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن نېمىشقىدۇر زادىلا ياش قۇرۇمايتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمنى بەخت قۇياشى يورۇتقان چاغلاردىمۇ، خاپىلىق تۇمانلىرى بېسىۋالغان چاغلاردىمۇ يىغلايتتى. رەھمەتلىك ئانامنىڭ پەرزەنت ئىشقىدا قۇرۇماس بۇلاققا ئايلانغان ئاشۇ كۆزلىرى ئېسىمگە چۈشسىلا كۆز چاناقلىرىمدىن قايناق تامچىلار توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. ئانام ھايات ۋاقتىدا ئاشۇ بۇلاقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىمگە قاتتىق ئېچىنىمەن.

ئاھ، ئىنساننىڭ بىر جۈپ كۆزى! ساڭا پۈتمەس - تۈگىمەس سىرلار، ئاجايىپ ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان. مەن ھاياتنىڭ مۈشكۈل سەپەردە سېنىڭ نۇرۇڭغىمۇ، ئوقۇڭغىمۇ دۈچ كەلدىم. سەن بەزىدە قەلبىمنى يىللىتساڭ، بەزىدە ئۇنى مۇزغا ئايلاندۇردۇڭ، بەزىدە ۋۇجۇدۇمغا مادار بەرسەڭ، بەزىدە ئۇنى زەخىملەندۈردۈڭ! سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان يىللىق كۆزلەر ئۈممىد يۇلتۇزلىرىنى كۆلدۈرسە، ھەسەت ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلەر غەزەپ - نەپرەت گۈلخانىمنى لاۋۇلدىتىدۇ. پاك قەلبلەرنىڭ گۈزەللىكىنى نامايىش قىلغان نۇرلۇق كۆزلەر مېنى مۇھەببەت دېڭىزىغا باشلىسا، ساختا كۈلكە

ئارقىلىق پەسكەشلىكنى، رەزىللىكنى ئىقاپلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خۇنۇك كۆزلەر مېنى ھەققانىيەتنىڭ جەڭگاھىغا سۆرەيدۇ. سۈيقەستچىلەرنىڭ ساپ نىيەتلىك ئىنسانلارغا نەشتەردەك قادىلىۋاتقان كۆزلىرىنى ئويىۋالغۇم كېلىدۇ، چىن دوستلۇق بېغىدىكى نەپىس گۈل - غۇنچىلارنى سۆيۈپ قانمايدىغان نۇرلارنى كۆز چاناقلىرىغا قويۇۋالغۇم كېلىدۇ. مەن كۆز نۇرۇمنىڭ ئىجادىيەت يولىغا تۆكۈلۈۋېرىپ، تۈگەپ كېتىشىدىن ئانچە قورقمايمەن. چۈنكى ئاق قەغەز يۈزىگە ئورۇنلۇق تۆكۈلگەن نۇرلار تۇمەنمىڭ قەلبلەرنى يورۇتالايدۇ. مەن بىر جۈپ كۆزۈمنى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ زەھەرلىك چاڭ-توزانلىرى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. چۈنكى يېقىندىن بۇيان بەزى دوستلىرىمنىڭ كۆزلىرى دەل ئاشۇنداق چاڭ - توزانلارنىڭ زەھەرلىشى بىلەن بەكمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھازىر بۇرۇنقىدەك يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن بىز ئۇلۇغۋار غايىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن باقاتتۇق ھەم ئىنتىلەتتۇق، لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بۇ چوققىلارغا ئېرەڭسىزلىك بىلەن، مەنسىتمەسلىك بىلەن بېقىۋاتىدۇ. بۇرۇن بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئادىمىگەرچىلىكنىڭ يوللىرىنى ئېنىق كۆرەتتى، ئۇزۇن تۈنلەردە ۋاپادارلىق مەشئىلىنى ئۇزاتقان يىرىك قوللارغا مۇھەببەت نۇرىنى تۆكەتتى، لېكىن ھازىر پۇل بىلەن ئەمەلدارلىق تەختىگە باغلىنىپ قېلىپ، چاكىنا ئارزۇ-ھەۋەسلەرنىڭ مىكروبلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ، ئادىمىگەرچىلىك، ۋاپادارلىق يوللىرىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ھەتتا تەخسەكەشلەرنىڭ، كۆز بويامچىلارنىڭ ساختانىقابىغا ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ كۆزلەرگە ئالدامچىلارنىڭ سېھىرلىك كۈلكىلىرى بىلەن خۇشامەتچىلەرنىڭ ئىگىلگەن قەددى چىرايلىق كۆرۈنۈپ، راستچىل ئادەملەرنىڭ سەممىي چىرايلىرى سەت ھەم يېقىمسىز كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۆز قولىمىزدا، ئۆز زېمىنىمىزدا تۇرغان ساپ ئالتۇننى تونۇيالماۋاتقان بۇ كۆزلەر باشقىلار تەڭلىگەن مىسنى كۆرۈپ، چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن زەھەرلىك چاڭ - توزانلار ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان كۆزلەرنى ساغلام ھېسسىيات يالقۇنلىرى ئارقىلىق داۋالايدىغان كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

دوستۇم، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قوغدايدىغانلىقىنى بىلەمدىغانسەن؟! چۈنكى ئۇ گاچىلارنىڭ تىلى، ئاشىقلارنىڭ دىلى، گاسلارنىڭ قۇلىقى، چاڭقىغانلارنىڭ بۇلىقى. ئىنساننىڭ بىر جۈپ كۆزى توڭغانلارنى ئىسسىتالايدۇ، تەرلىگەنلەرنى سەگىتەلەيدۇ. كۆز گۈزەللىكنى بايقىغۇچى، گۈزەللىكنى ياراتقۇچى ھەم گۈزەللىك تارقاتقۇچى. ئۇنىڭدا تومۇزنىڭ تەپتى، زېمىستاننىڭ نەشتىرى بار. ئۇنىڭدىن بەزىدە دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ يېلىلىق شامىلى چىقسا، بەزىدە غەزەپ - نەپرەتنىڭ سان - ساناقسىز ئوقلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۆزۈمنى ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپ - نەپرەت ئوقلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن، ۋاپادار دوستلىرىمنىڭ كۆز چاناقلىرىدا يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ قۇياشنىڭ نۇرىنى مەڭگۈ سۈمۈرۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

# گۈلىستاندىن گۈلدەستە

تەھرىر ئىلاۋىسى:
بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوبلاست تەۋەسىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا دائىر تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ ئۆگىنىش جەريانىدا خېلى جىق ئەسەر يېزىلغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

غەيرەت ئابدۇراخمان

## ۋىسال كېچىسىدىكى سۆھبەت

(نەسر)

1

ئايدىڭ كېچە.

قېيىنزارلىقنى ئارىلاپ، شېرىن خىياللاردىن لەززەتلەر ئېمىپ، مەست كاللامنى سەگىتىپ كېتىۋاتسام، بىر يىگىتنىڭ مۇڭلۇق نالىسى قۇلىقىمغا كىردى:

— ئاھ، ئايدىڭ كېچە! سېنى قانداقمۇ قەلب ئېكرانىمدىن ئۆچۈرۈۋېتەلەيمەن؟!

شۇ كۈنى ئىككىمىز ۋىسال پەيزىنى سۈرگەن ئىدۇققۇ؟! ئەمدىچۇ؟ ئوخشاشلا ئايدىڭ كېچە، ئەمما يېنىمدا ئۇ يوق، ئۆزۈم تەنها، قەلبىمدە كېزىپ يۈرگىنى پەقەتلا تاتلىق ئەسلىمە...

ئادەم دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھەقىقىي سۆيگۈمۇ بىرلا قېتىم. لېكىن ئېيتقىنا جېنىم، ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈ تارىخى زارىقىش، سېغىنىش، ھىجران بىلەنلا ئۆتەمدۇ؟!

ئەي خۇدا، نېمىشقا ۋىسالنى تاق، ھىجراننى بولسا بىسيار قىلىپ ياراتقانسەن!؟...

مەن ئاستا ئارقامغا ياندىم.

2

بىر قىز ئاچچىق تولغىنىپ يىغلاۋاتاتتى:

ئاھ، خۇدا، نېمىشقىمۇ بىز ئىنسانلارنى ھېسسىياتلىق قىلىپ ياراتقانسەن؟!

نېمە ئۈچۈن ھېسسىيات كىشىنى ھەم بەختلىك قىلالايدۇ، ھەم خاراب قىلالايدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئاۋۋالقى «مەن» ھازىرقى «مەن» گە ئوخشىمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاۋۋالقى دۇنيا ھازىرقى دۇنياغا ئوخشىمايدۇ؟ بۇندىن كېيىنچۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئىنسان «ئۈچ بۇرجەك مۇھەببەت» تىن لەززەتلىنەلەيدۇ-يۇ، يەنە ئازابلىنىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن دوستۇم لەززەتلىنىۋاتقان خۇش پۇراق باھار گۈللىرىدىن ماڭا ئۆلۈم پۇرىقى پۇرايدۇ؟

3

بىر دوستۇم كەيپچىلىكتە ماڭا قەلبىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى:

— مەن خالىسام كۈلەلەيمەن، خالىسام يىغلالايمەن، خالىسام يۈگۈرەلەيمەن، ھەتتا يۈگۈرگەن پېتىم مارىسقىمۇ چىقالايمەن. ئەمما مەن شۇ تاپتا نېمىدېگەن بىچارە...

مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم:

— قارا، كىيىملىرىڭ بۇلغىنىپ كېتىپتۇ، بۇندىن كېيىن ئازراق ئىچ.

ئۇ يەنە سۆزلىدى:

— ئادەم نېمە ئۈچۈن كىيىم كېيىدۇ؟ بۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرغانلىق بولماي نېمە؟ كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئالدىمامدۇ؟! نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتىن بۇ«ئەخمەق» ئىنسانلار خورلۇق ھېس قىلمايدۇ؟!

مەن ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدىم:

— قارا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى ئەخلاقسىز ئىكەن دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ.

ئۇ يەنە سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئەخلاق دېگەن نېمە؟ ئۇ قاچان پەيدا بولۇپتۇ؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئەزەلدىن بارمىدى؟ ئەخلاق بىلەن چۈمپەردىنىڭ پەرقى نېمە؟

مەن ئۇنى يۆلىگىنىمچە ئېلىپ كەتتىم.

4

دۇنيادا شۇنداق رېئاللىقمۇ باركى، كىشىلەر ئۇنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ-يۇ، لېكىن ئويغىنىشنى خالىمايدۇ. بۇنى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدىن پەيدا بولغان «غەيرىي سېزىم» دېيىشكە بولامدۇ؟

5

خۇش پۇراقلىق گۈللەر ئارىسىدا بىر جۈپ ياش ۋىسال پەيزىنى سۈرگەچ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىۋاتاتتى:

ئادەم ياشلىقىدا ھەر قانداق ئىشلارنى قىلىدىكەن، ھەتتا شەخسىي پايدا، بىر دەملىك ھەۋەس ئۈچۈن ئەڭ بەت-بەشىرە قىلىقلارنىمۇ قىلىدىكەن. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاستا-ئاستا «ياشلىق ئەمەسمۇ؟!» دېگەن سۆز بىلەن كەچۈرۈۋېتىلىدىكەن، بۇ ئارىدا گۇناھكار كىم؟ ياشلىقمۇ؟ ياكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقتىكى چاۋىسىنىڭ چىتقا يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كەچۈرۈۋېتەمدىغاندۇ؟!

*　*　*

ئاڭلىدىڭمۇ ئامرىقىم!؟ بىز شۇنداق ھايات سەھنىسىدە ئويۇن قويغۇچىلارمىز. لېكىن تاماشىبىنلارنىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن كارىمىز يوق.

قارا، مەھبۇبەم، تاڭ ئاستا ـ ئاستا يورۇماقتا. بىزنىڭ ۋىسال بەختىمىزمۇ خۇددى سەھەردىكى تاڭ قۇياشىدەك بارغانسېرى كۆڭلىمىزنى سۈزۈلدۈرمەكتە. ئەتىگەنلىك قۇياش يۈزلىرىگە مانانىدىن تارتىۋالغان چۈمبەللىرىنى قايرىۋېتىپ، بىزگە خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قارىماقتا.

يۈر ئامرىقىم، ئەمدى بىز سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تويۇنۇپ، گۈللەر بەرگىدىكى ياقۇت شەبنەملەرنى يىلىق مېھرىمىز بىلەن قۇرۇتايلى!

ئابدۇرېشىت ئابلىز

# مېيت چىقارغاندا

(ھېكايە)

خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھاپىز بۇجاڭنىڭ ئايالى ۋاقىتسىز قازا تاپتى. بۇ ئىش پۈتۈن ناھىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىپسەق ئىشلىرىنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ، ۋېلىسىپىتلىرىگە مىنىشتى. ھەر خىل تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دۇكانلىرىنى ھاپىلا ـ شاپىلا تاقىشىپ، ئىش كىيىملىرى بىلەنلا پالاقلاشتى. ئىمام، مەزىناخۇنۇملار بولسا، ئوقۇۋاتقان نامازلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، بېشىدىكى سەللىسىنى قوزۇقتا ئېلىپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، مەسلىرىگە كالاچ سېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈرۈشتى.

كوچىدا بولسا، ھاپىز بۇجاڭنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەلكۈندەك ئېقىۋاتقان ئادەملەر توپى گويا يورغىلاش مۇسابىقىسىگە چۈشكەنلەرنى ئەسلەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان ھەر خىل ئالامەتلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. گويا كەلكۈندىن قېچىپ كېتىۋاتقاندەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەر بۇجاڭنىڭ ئۆيىگە بىر قەدەم بولسىمۇ بالدۇرراق بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ـ ئوقەتلىرىنى تاشلاپ، بۇجاڭنىڭ قايغۇسىغا تەڭ قايغۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشماقچى ئىدى. يېرىم سائەتكە قالماي بۇجاڭنىڭ كەڭرى ھويلىسى، ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆيلىرى ناھىيە خەلقى بىلەن لىق تولدى. ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن مەزىناخۇنۇم بولسا تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرغان پەتىچىلەرگە تالىشىپ، ئالمىشىپ دېگەندەك خەتمە قۇرئاننى

باشلايتتى ـ دە، ئاخىرىدا بوجاڭنىڭ ياش ئايالىنىڭ روھىغا ئاتاپ «ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي» دېگەن سۆزنى ئۈنلۈك چىقىرىپ پاتىھە قىلاتتى. ھويلىنىڭ سىرتىدا بولسا چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ كەتكەنىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە سىيامىۋ، خەسلەر تەييار قىلىنىدى. بوجاڭنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، بوجاڭنىڭ بەزى يېقىن بۆلۈم باشلىقلىرىغىمۇ يېرىم مېتىردىن ئاق يىرتىپ باغلاشتى. ئىشلار «ھەمكارلاشقۇچى» لارغا يېتىشمەي قالدى. گۆركارنىڭ قېزىپ قويغان يەرلىكى كىچىك بولۇپ قالمىسۇن، دەپ 10 — 15 ئادەم زاراتگاھلىققا يۈگۈرۈشتى. قارىماققا، ھەممىلا ئادەم بوجاڭنىڭ تۇغقانلىرىدەك، يېقىن ئادەملىرىدەك كۆرۈنەتتى. بەزىلەر كۆزلىرىدىن ياش چىقمىسىمۇ، قول ياغلىقىنى كۆزلىرىگە تۇتۇۋېلىپ زورىغا مىشىلداپ قوياتتى. مەن بولسام بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇراتتىم...

چۈشتىن كېيىن مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىتنى دەپنە قىلىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىشلار باشلىنىپ كەتتى: بەزىلەر، مازارلىقنىڭ بەك چەت، يىراق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈنىمىزدە سوغۇق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېيىتنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىشنى ئېيتىشتى. ئىمام ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى بېلىگە ئاق باغلىغان جامائەت ۋە بەزى بۆلۈم باشلىقلىرى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلىپ، مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىشنى تەكىتلىدى. بوجاڭ بولسا بولارنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى باھالاۋاتقاندەك بىر چەتتە جىم تۇراتتى.

— جامائەت مانا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم ئۈنلۈك سۆزلەپ، — مۇشۇنچىلىك قىران يىگىتلەر تۇرغان يەردە مېيىتنى ماشىنىغا سالساق قانداق بولىدۇ؟ — ئۇ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىمىكىن دېگەندەك، بوجاڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى، — قېرىنداشلار! ھەممىمىز مۇسۇلمانلار، بىزدە مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىدىغان خاسىيەتلىك ئىش بار. مېيىتنى ھەر يەتتە قەدەمدە بىر ئالمىشىپ كۆتۈرسەك گۇناھىمىز ساقىت بولىدۇ دېگەن سۆز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېيىتمۇ سىلكىنىپ چايقىلىپ قىينالمايدۇ.

مەن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قىلچە ھاسىرىماستىن سۆزنى دانە ـ دانە قىلىپ سۆزلەشلىرىدىن ھەيران قالدىم. چۈنكى تۈنۈگۈندىكى نەزىردە ئۇنى ئاغرىق دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن بولسا ئاغزىنى كۆپۈكلەندۈرۈپ كۆپچىلىككە ساۋابلىق ئىش ھەققىدە ۋەز ئېيتىۋاتىدۇ.

— ئىمامنىڭ سۆزى دۇرۇس، بەرھەق! مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ چىقىمىز! — دۇمباق چېلىنغاندەك ياڭراق سادالار بوجاڭنىڭ ھويلىسىنى بىر ئالدى.

جامائەت بىردىنلا دەۋرەپ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. جىنازىنى ئەكىلىش ئۈچۈن مەسچىت تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ مازارغا ئېلىپ مېڭىشتى. بوجاڭ كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارمۇ بوجاڭغا يانداشىپ قولدىن ـ قولغا ئۆتۈشۈپ تۇرغان قىزىل دۇخاۋىلىق جىنازىنىڭ ئالدىدا مۇسىبەتكە چۆمۈپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مېڭىشماقتا ئىدى.

مەن ئادەملەردىكى بۇنچە «ھۆرمەت، ئېتىقاد، ئادەمگەرچىلىك» لەرگە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى شۇ تاپتا قوشنىمىز ھېزىم ئاكىنىڭ تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرىكى ئۆلۈمى كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالغانىدى ...

يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى. قۇلىقىمغا بىر قىزنىڭ بىر پىغانلىق نالىسى ئاڭلانغاندەك بولدى. دەسلەپتە بۇ چۈشۈم بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، كېيىن بۇنىڭ چۈشۈم ئەمەس، دەل رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم: دەرۋازا ئالدىدا قوشنىمىز ھېزىم ئاكىنىڭ 15 ياشلىق چوڭ قىزى گۈلمىرە يىغىدىن ئېسەدەپ تۇراتتى. ئۇ، دا ــ دادام دېگىنىچە ئارتۇق گەپ قىلالماي بىلىكىمدىن چىڭ تۇتۇپ تارتىشقا باشلىدى. كۆڭلۈم شۇئان بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك بولدى ـ دە، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. شۇتاپتا نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. گۈلمىرە بىلىكىمدىن تارتماقتا ئىدى.

ــ ھازىرلا چىقاي، ــ دېدىم مەن گۈلمىرەنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ھېزىم ئاكا ئاساسىي قاتلامدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن پېشقەدەم كادىر ئىدى. بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ ئىلگىرىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورانلىرىدا تارىمىغىچە سۈرگۈن بولغان... پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، مەلۇم گۇڭشېنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەنىكەن. ئۇ شۇ يىلى توي قىلغاندا، 45 ياشلاردا ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگىنىگىمۇ بىر يىلدىن ئاشقانىدى.

ــ كىمكەن بۇ كېچىدە ھازا ئېچىپ كەلگەن؟ ــ دېدى ئايالىم ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، ــ ئىگىنلىرىڭىزنى كېيگىلى تۇردىڭىزغۇ ئەمدى؟

ــ گۈلمىرە ئىكەن، ھېزىم ئاكا ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشايدۇ، مېنى چاقىرىپ كەپتۇ.

ــ خۇدايىم ساقلىسۇن.

مەن ھېزىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇنىڭ ئايالى ھېنىپىسخان ھەدە ئېرىنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. قىزى گۈلمىرە بولسا، دادىسىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۈنلۈك يىغلاپ، ۋاقىتسىز قازا تاپقان دادىسى ئۈچۈن ئېچىنىشلىق پەرياد قىلىۋېتىپتۇ. مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم توك تەپكەندەك زىلىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

ھېزىم ئاكىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن پات ـ پات دورا ئېلىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى، ئوكۇل ئەكەلدۈرۈپ سالدۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ھېزىم ئاكىنىڭ بۇ ناھىيىدە جان كۆيەر بىر تۇغقانلىرى يوق ئىدى. بار دېسە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى قىزلۇم ـ قوشنىلىرى ئىدى. بىراق بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا قويۇق ئىدى. ئۇ دائىم: سىلەر مېنىڭ بىر تۇغقىنىمدىنمۇ ئەزىز، دەيتتى. شۇڭا بۇ كېچىدە باشقىلارنى ئاۋارە قىلغىچە دەپ مېنىلا چاقىرغانمۇ ـ قانداق، ئۆيدە مەندىن باشقا كىشى يوق ئىدى.

ــ مۇسا قارىمنى چاقىرتمىدىڭىزمۇ؟ ــ

سوردىم مەن ھېزىم ئاكىمنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ئېڭەكىنى چېتىۋېتىپ ھېنىپەخان ھەددىدىن.

— چا... چاقىرتقانىدىم، — دېدى ھېنىپەخان ھەدە ئېسەدەپ ياش يۇقى كۆزلىرىنى شېرىس ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا ئېرتىپ تۇرۇپ، — سو-سوغۇق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ھې... ھېچ تاۋىم يوق، مە... مەمەت مەزىناخۇنۇمنى چاقىرىڭ دەپتۇ، بى... بىچارە قىزىم سوغۇقتا مەزىناخۇنۇمنىڭكىگە بارسا، دەرۋازىسىنى ئاچقىلى ئۇنىماپتۇ، شۇ... شۇنىڭ بىلەن سىزنى...

ھېنىپەخان ھەدە گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. مەن بولسام ھېنىپەخان ھەدە بىلەن قىزى گۈلمىرەگە تەسەللى بېرىشتىن باشقا ئامال تاپالماي تاڭنى ئاتقۇزدۇم. تاڭ ئېتىش بىلەن ئايالىم كىردى. ئۇ، مەشتىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن كۆمۈر چوغىنى چۇخچىلاپ ئۈستىگە كۆمۈر سالدى. ئاندىن چۆگۈنلەرگە سۇ تولدۇرۇپ، مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى.

ئايالىم بىچارىنىڭ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ، بوغۇق ئاۋازدا بىردە ھېنىپەخان ھەدىگە، بىردە تېخىچە ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان قىزى گۈلمىرەگە تەسەللى بېرەتتى. باشقا بالىلىرى كىچىك بولغاچقا، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ بىر بۇلۇڭدا تىقىلىشىپ ئولتۇراتتى. گاھ كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئاپىسىغا قارىسا، گاھ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان ھەدىسىگە قاراپ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى.

مەزىناخۇنۇمنىڭ بامداتقا ئەزان توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا 14 ياشلىق ئوغلۇمنى مەسچىتكە چاپتۇردۇم. لېكىن ئىككى ئۇچەيلەندىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى. سائەت 9 دىن ئېشىپ كەتتى. قولۇم-قوشنىلاردىن باشقا تېخى بىرەر ئادەم كەلمىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈن سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇمانلىق بولغاچقا، كېلىدىغان ئادەملەر ناھىيە سىرتىغىراق ئولتۇراقلاشقان بۇ ئائىلىنى تېپىپ كېلەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ چۈشكىچە 30—40 ئادەم ئاران كەلدى. يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىغا چاپقۇدەك تۈزۈكرەك ئادەم بولمىغاچقا، چۈشكىچە ئۆزۈم يالغۇز دېگۈدەك چاپقۇلاپ يۈرۈپ كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلدىم. يەرلىك كە ئادەم ئەۋەتەي دېسەم ھېچكىم چىقمىدى. ھېلىمۇ ياخشى گۆردىن بىرنى ئارتۇق كولاپ قويغانىكەن، يېنىمدىن 60 كوي پۇلنى ساناپ بېرىپ، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى لەھەتنى سېتىۋالدىم.

مانا ئەمدى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغان ئىمام ئاخۇنۇم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مەزىناخۇنۇم مېيىت نامىزىنى چۈشۈرەلمەسمىش. ئاخىرى يەنە ئۆزۈم چاپتىم. ئىمام ئاخۇنۇمغا بېرىپ يالۋۇردۇم، يېنىمدىن 50 كوي پۇلنى چىقىرىپ يېنىغا سېلىۋىدىم: سەن كېلىپ قاپسەن، بولمىسا ئورنىمدىن قوپقۇچىلىكىم يوق ئىدى، دەپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى. ئۇنى تۇپراق بېشىغا چىقالماي قالمىسۇن دەپ، قېلىن كىيىندۇرۇپ قول ھارۋىسىدا سۆرەپ كەلدىم.

«يېتىمغا يېلىڭ چاپان ئېغىر كەپتۇ» دېگەندەك بۇ رەھمەتلىكنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرىدىغان ئادەم چىقمىدى. ھەممىسى «سوغۇقتا ئۇنچە يىراق يەرگە قانداق كۆتۈرۈپ چىققىلى بولسۇن» دېسە، ئىمام ئاخۇنۇم بۇ سۆزنى ياقلاپ، ياقىلىق جۇۋىسىدىن

www.uyghurkitap.com

كىرپىكىگە ئوخشاش بېشىنى ئاران چىقىرىپ: ماشىنا تېپىپ، ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقىڭلار، جىنازىغا سالغان بىلەن چوڭ ئادەمنىڭ ئۇستىخىنى سىلكىنىپ كەتسە يامان بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

لېكىن شۇ ماشىنىنى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم چىقمىدى. يەنە ئۆزۈم پايپاسلىدىم. قىرىشقاندەك بەزى ماشىنىلارنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىۋېتىپتۇ. بەزى ماشىنىلار بۇزۇلۇپ قاپتۇ. «يېتەكچىنىڭ يولى تويۇق» دېگەندەك بۇ مۇساپىرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىدىغان كۇلۇكمۇ تېپىلمىغىلى تۇردى، قانداق قىلغۇلۇق، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ تۇرغاندا، كۆمۈر بېسىپ كەلگەن سىرت ناھىيىنىڭ بىر ماشىنىسى يولۇقۇپ قالدى. شوپۇرغا ئەھۋالنى دېسەم: كۆمۈرنى چۈشۈرىدىغان ئورۇن يوق، بولمىسا بىردەملىككە ماشىنىنىڭ مېيى تۈگەپ كېتەمتى، دېدى.

لېكىن كۆمۈر ئالمىدىغان ئادەم ياكى ئورۇن تاپالمىدىم. كۈن كەچ بولۇپ كېتىپ باراتتى. يەنە بىر ئاز كېچىكسەم ھېزىم ئاكىمنىڭ مۇردىسى قونۇپ قالىدىغاندەك ئىدى. ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكەن بۇ ئادەملەرنى قانداق يىغقۇلۇق. شۇڭا ماشىنىدىكى تۆت تونىنا كۆمۈرنى ئىشىكىمنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈردۈم...

قاقاقان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرۇۋەسەنغۇ؟ — دېدى بىر چاغدا خىزمەتدىشىم ئۇبۇل دولامغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، — يۈرە، تەزىيىنى بۇ يەردە ئەمەس، تۇپراق بېشىدا بىلدۈرىمىز.

مەن شۇندىلا ئېسىمگە كەلدىم. ئالدىمدا كېتىپ بارغان ئادەملەر توپىغا مەيۈسكىنە ئەگەشتىم، ئۇلار شۇ تاپتا ماڭا بۇجاڭنىڭ ئاپائىمنىڭ جىنازىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەملىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بېرىشقاندەك تۇيۇلدى.

داۋۇت قۇربان

# ناخشىچىنىڭ ئانىسى

(ھېكايە)

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ باشلىرىدا بىر خىزمەتدىشىمىز بىزنى مېھمانغا چاقىردى. ئولتۇرۇش ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ساھىبخان قانداق قىلسام مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچارمەنكىن، دەپ بىردەم بىزنى داستىخاندىكى نازۇ ـ نېمەتلەرگە زورلىسا، بىر دەم ئۈنئالغۇ قويۇپ بېرەتتى. ھەممىمىز كۇلۇشۇپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. بىردەمدىن كېيىن ساھىبخان بىز ئولتۇرغان ئۆيگە ئىككى يىگىتنى باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار دۇتتار ـ تەمبۇرلىرىنى تەڭشەپ شوخ پەدىلەرگە چالدى. مۇزىكا ھەممىمىزگە ھوزۇر بېغىشلىدى. بىز ئۇنى ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدۇق. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا ھەر تەرەپتىن ياشاپ كەت! تۇغقان ئاناڭغا مىڭ رەھمەت، دېگەن ئالقىشلار ئېيتىلدى. كىمدۇ بىرسى ئۇلارنى «مېھرىبان ئانام» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.



بورتالا ۋە مايتاغدا ئېچىلغان
ئىجادىيەت يىغىنى ۋە كۇرسىدىن
كۆرۈنۈشلەر.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

1991- يىل10- سان (368 - سان)، 41 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

国际统一刊号：ISSN 1002－9044

خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
邮发代号：58－66 定 价：1.40 元
邮政编码：830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 _ 1010 / I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830000